ئىمىن تۇرسۇن

# قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

古代维吾尔文化:维吾尔文/伊敏·吐尔逊 著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.2
ISBN7—228—05652—3

Ⅰ.古… Ⅱ.伊… Ⅲ.民族文化—文化史—维吾尔族—古代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K281.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第02824号

古代维吾尔文化 (维吾尔文)
伊敏·吐尔逊 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆福利印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.625印张 2插页
2000年3月第1版 2000年3月第1次印刷
印数:1—4,000

ISBN7—228—05652—3/K·779 定价:12.00元

## مۇندەرىجە


كىرىشمە ........................................ 1
1 . مەدەنىيەت توغرىسىدا چۈشىنۈك .................. 1
2 . ئىرق ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت .................... 9
3 . چۈشىنۈك .................................. 23
بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ۋە ياشىغان ماكانلىرى ........................................ 33
1 . تەگرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئېتنىك تەركىبلەر .......................... 34
2 . تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتنىك تەركىبلەر .......................... 45
3 . قەۋملەرنىڭناملىرى توغرىسىدىكى مۇتالىئە ... 51
ئىككىنچى باب قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلار .................. 59
1 . قەدىمكى دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتى ... 60
2 . ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار .................. 63
3 . جىن ـ ئەرۋاھلار دۇنياسى .................. 81
4 . شامانلىق ۋە توپۇنلۇق .................. 84
5 . خاسىيەتلىك ھېسابلانغان نەرسە ھەم شەخسلەر .................. 92
6 . ئۆلۈم مەرىكىلىرى .................. 96

ئۈچىنچى باب   ئۇيغۇر مەنقىبەتلىرى ........ 102
1 . « ئۇيغۇر » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى
توغرىسىدا ................................ 103
2 . ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ...... 110
تۆتىنچى باب   ئېتنىك تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي ھايات ......... 129
1 . ئائىلە ................................ 134
2 . قەبىلە ................................ 145
3 . ئەل ................................ 151
بەشىنچى باب   ئەقلىي چۈشەنچە ۋە مەنتىقىي قاراشلار ......... 165
1 . ئىككىلىك چۈشەنچىسى ........................ 170
2 . تۆتلۈك ۋە بەشلىك چۈشەنچىلىرى ............ 182
3 . باشقا چۈشەنچىلەر ........................ 197
ئالتىنچى باب   ئىقتىسادىي ھايات ۋە مەدەنىي ھايات ............ 214
1 . ئىقتىسادىي ھايات ........................ 216
2 . مەدەنىي ھايات ........................ 236
تولۇقلىما ................................ 255
1 . كارىز ................................ 255
2 . پاختا ................................ 257
3 . يىپەك ................................ 260
4 . قەغەز ................................ 262
5 . مىخ مەتبەئە ........................ 264

# كىرىشمە

## 1 . مەدەنىيەت توغرىسىدا چۈشىنىك

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان « مەدەنىيەت » ئاتالغۇسى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان . بۇ ئاتالغۇ « روناق تاپقان » ، « ئاڭ ـ پىكرى ئېچىلغان » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان تۈپ سۆز « مەددەن » دىن تۈرلەنگەن ؛ بۇ سۆزنىڭ ئاساسىدا شەكىللەنگەن « مدينه » ( مەدىنە ) سۆزى « شەھەر » ، « مەركىزىي شەھەر » دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ . بۇ سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى « مدنى » ( مەدەنىي ) بولسا ، « شەھەرلىك » ، « مەدەنىيەتلىك » مەنىلىرىنى ، شۇنىڭدەك « كۆچمەن » ، « بەدەۋى » نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە « تۇراقلىق » ، « ئولتۇراقلاشقان » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ئەرەبچىدە بولسا ، « مەدەنى » سۆزى « جىنائى » نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە « خەلق ئىشلىرى » ، « جامائەت دەۋاگەرلىك ئىشلىرى » نى ئاڭلىتىدىغان قانۇن ئاتالغۇسىدۇر ( مەسىلەن ، « قانۇن مدنى » — جامائەت قانۇنى ، « دعوى مدنى » — جامائەت ھەق تەلەپ قانۇنى ، « الحق المدنى » — خەلق ھوقۇقى ۋە باشقىلار ). لېكىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ سۆز ئاساسىي مەنىسى بىلەنلا چەكلىنىپ ، « مەدەنىيەت » ۋە ئۇنىڭ سۈپەت

شەكلى « مەدەنىي » ، سۈپەتداش شەكلى « مەدەنىيەتلىك » تەرزىدىلا قوللىنىلىدۇ .

خەنزۇ تىلىدا ۋە ياۋروپا تىللىرىدىمۇ « مەدەنىيەت » نىڭ سۆزلۈك مەنىسى يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەرگە ياندىشىدۇ . خەنزۇ تىلىدا « 文化 » ( ۋېنخۇا ) ، « 文明 »( ۋېنمىڭ ) دېگەن ئىككى سۆز بار ، ئىككىلا سۆز « 文 » ( ۋېن — نەقىش ، بارماقتىكى ئەت سىزىقلىرى ، يېزىق ، ئەدەب - ئۇدۇم ، پاساھەت ، مۇلكي [ ھەربىي سۆزىنىڭ مۇقابىلى ] ) دىن تۈرلەنگەن . بۇ ئىككى سۆزدىن « ۋېنمىڭ » تۆت خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ : 1 . پەقەت « مەدەنىيەتنىلا بىلدۈرىدۇ ( مەسىلەن ، ماددىي مەدەنىيەت ، مەنىۋى مەدەنىيەت دېگەندەك ) ؛ 2 . ئىنسانلار جەمئىيىتىدە « ياۋايىلىق » ياكى « ۋەھشىيلىك » نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە تەرەققىيات ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ ( مەسىلەن ، مەدەنىي ياكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ، مەدەنىيەتلىك دەۋر دېگەندەك ) ؛ 3 . « يېڭىلىق » ، « جەدىدلىك » ، « يېڭىچە » دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ ( مەسىلەن ، بالدۇرقى چاغلاردا ، زامانىۋى تىياتىر يېڭى پەيدا بولغاندا ، دراما تىياتىرىنى « مەدەنىي ئويۇن » — ۋېنمىڭشى ، يېڭىچە توينى « مەدەنىي توي » دەپ ئاتىغان ) ؛ 4 . « مەرىپەتلىك » ، « ئەدەبلىك » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . « ۋېنخۇا » سۆزى ئاساسەن « مەدەنىيەت » نى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى ، « ئاددىي ساۋات » ، « بىلىم - سەۋىيە » ۋە « ئەدەب تۆگىتىش » ، يەنى « تەسىرلەندۈرۈش » دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ .

ياۋروپا تىللىرىدىمۇ Cvilization ( سىۋىلىزاتسىيە ) ،
Culture ( كۇلتۇر ) دېگەن ئىككى ئاتالغۇ بار ، ئىككىلا ئا-
تالغۇ « مەدەنىيەت » كە دائىر ئۇقۇملارنى ئاڭلىتىدۇ .
« سىۋىلىزاتسىيە » ھەر بىر ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي فور-
ماتسىيىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتتا ئېرىشكەن
دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ ، « مەدەنىيەت » ،
« مەدەنىيەتلىك » دېگەنگە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، قە-
دىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ،
ياۋايىلىق بىلەن مەدەنىيلىك دېگەندەك . بۇ ئاتالغۇ « روناق
تاپقان » ، « تەرەققىي قىلغان » ، « مەدەنىيلەشكەن » مە-
نىلىرىنى بىلدۈرىدىغان Civil ( سىۋىل ) سۆزىدىن تۈر-
لەنگەن . Culture ( كۇلتۇر ) سۆزى بولسا « تېرىقچى-
لىق » ، « ھەيدەش ـ ئېكىش » ، « تېرىلغۇ ـ زىرائەت »
دېگەن تۈپ مەنىسىدىن كېڭىيىپ ، « مەرىپەت » ، « ئالىي ـ
بىلىم » ، « تەربىيە ـ پەرۋىش » دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئاڭ-
لىتىدىغان بولغان ؛ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي
قىلىشى داۋامىدا ، بۇ سۆز « مەدەنىي » ، « مەدەنى-
يەت » ، « مەلۇمات » ( مەدەنىي سەۋىيە ) ئۇقۇمىنىمۇ
بىلدۈرىدىغان بولغان . مەسىلەن ، « كېۋەز تېرىش ،
« ئورمان ئۆستۈرۈش » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەندە ،
Cultured ( كۇلتۇرېد ) ، Cultivated ( كۇلتىۋاتېد ) شە-
كىللىرىدە كېلىدۇ ؛ « مەدەنىيەت » ، « مەدەنىيەتلىك » ،
« مەلۇماتلىق » ئۇقۇملىرىنى ئاڭلاتقاندا Cultural ( كۇل-
تۇرال ) ، Culture ( كۇلتۇر ) شەكىللىرىدە كېلىدۇ .
لۇغەت كىتابلىرىدا « مەدەنىيەت » نىڭ تەبىرى
مۇنداق يېزىلغان : « كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا ، مەدەنىيەت

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا
يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى
دېمەكتۇر ؛ تار مەنىدە ئېيتقاندا ، مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ
ئىدېئولوگىيىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن تۈزۈم ۋە
تەشكىلىي ئاپپاراتلار دېمەكتۇر » . بۇ تەبىرلەرگە قارىـ
غاندا ، مەدەنىيەت ــ بىر تارىخىي ھادىسە ، ھەربىر جەمئىـ
يەتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ مەدەنىيىتى بولۇپ ، جەمئىيەتـ
نىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن
بىللە راۋاجلىنىپ بارىدۇ . « مەدەنىيەت » ئىدېئولوگىيە
سۈپىتىدە بولسا ، مەلۇم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىـ
سادىنىڭ ئىنكاسىدۇر ، شۇنداقلا مەلۇم جەمئىيەتنىڭ سىـ
ياسىي ۋە ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە « سوتسىئولوگىيىـ
نىڭ ئاتىسى » ھەم « ئانتروپولوگىيىنىڭ ئاتىسى » دەپ
نام ئالغان تىيلور ( Edward B. Tylor ) 1877 ــ يىلى يازـ
غان « ئىپتىدائىي مەدەنىيەت » ( « Primitir Culture » )
دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ : « مەدەنىيەت ــ بىلىم ،
ئېتىقاد ، سەنئەت ، قانۇن ، ئەخلاق ، ئادەتلەرنى ، شۇنىڭـ
دەك جەمئىيەت ئەزاسى ئېرىشىدىغان ھەرقانداق ئىقتىدارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . »

ئامېرىكا ئوخئو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي
ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ، پروفېسسور چېن
جۇڭپىڭ 1982 ــ يىلى 3 ـ ئايدا ، ۋۇخەن سوتسىئولوگىيە
تەتقىقاتى كۇرسىدا بەرگەن مەخسۇس ئىلمىي دوكلاتىدا ،
مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە كەڭ توختىلىپ ،
مۇنۇ مەزمۇنلارنى بايان قىلغان :

1 . مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى پەرقلەر بەدەن تۈزۈلۈش پەرقلىرىنى بىلدۈرمەيدۇ ؛ 2 . مەدەنىيەت بىر جەمئىيەتكە ، يەنى جامائەتكە ئورتاق بولىدۇ ، مەدەنىيەت ئاممىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق ئىلكىدە بولىدۇ ؛ 3 . مەدەنىيەت ئادەتتە تىمسالچان ( سىمۋوللۇق ) بولىدۇ : بىرىنچىدىن ، مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى تىلدۇر ؛ ئىككىنچىدىن ، ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، رەڭلەرگە بەرگەن مەنىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ؛ 4 . مەدەنىيەت ئۈيغۇنلىنىشچان بولىدۇ ، چۈنكى مەدەنىيەت كىشىلەرگە قانداق ياشاشنى ۋە ھاياتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدۇ ، مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى ساقلاشتىكى بىردىنبىر قورالى ؛ 5 . مەدەنىيەت يىغىندا ( بىر پۈتۈنلۈككە مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى ) بولىدۇ . بىلىم ، ئېتىقاد ، سەنئەت ، قانۇن ، ئەخلاق ۋە ئادەتلەر بىر - بىرىگە تاسادىپىي باغلىق بولۇپ قالمايدۇ . مەلۇم ئېتىقاد ، ئادەتتە مەلۇم بىلىم بىلەن ماسلىشىدۇ ، بىر خىل ئېتىقاد كۆپىنچە بىر خىل سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ . مەلۇم ئېتىقاد مەلۇم قانۇن - تۈزۈم بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ . ئۆرپ - ئادەتمۇ ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ تەسىرىدە ھەر خىللىشىدۇ .

مەدەنىيەت تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى دېمەكتۇر . « ئىنسان پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ تارىخىمىز باشلانغان » ( ف . ئېنگېلس ) . بىرەر مىللەت ياكى جەمئىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ، خىلمۇخىل پەنلەرگە

مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيىگە ، ئاندىن سوتسىئولو-گىيىگە ، مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىققا تايىنىمىز . مەسىلەن ، مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەن تارىخلىرىنىڭ ئاساسىي ھالقىلىرىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ ؛ تىل ۋە فولكلور ماتېرىياللىرى ئارقى-لىق بىرەر خەلقنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنى ئېې-نىقلاش مۇمكىن . گېرمانىيىلىك تىلشۇناس ، تارىخىي سې-لىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ياكوب گىرىمم ( 1785 — 1863 ) شۇنداق دېگەن : « بىزنىڭ تى-لىمىز شۇنداقلا بىزنىڭ تارىخىمىزدۇر » ، « مىللەتلەرنىڭ ھالەتلىرىگە دائىر سۆڭەك ، قورال ۋە قەبرىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بولغان بىر دەلىل بار ، ئۇ — تىلدۇر . »

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەتلىك بولغان ئانتروپولوگىيىنى ئالساق ، بۇ يەن ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن : بىرى ، مەدەنىيەت ئانترو-پولوگىيىسى ، يەنە بىرى ، بەدەن ئانتروپولوگىيىسى . مە-دەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ( Culturalanthropology ) نىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەدەنىيەتلەردىكى پەرقلەر ۋە ئوخشاشلىقلار ھەم ئۇ پەرق ۋە ئوخشاشلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىشتۇر . مەدەنىيەت ئانت-روپولوگىيىسىدىن بارا - بارا ئىجتىمائىيەت ئانتروپولوگى-يىسى ( Socialanthropology ) ئايرىلىپ چىققان . بۇ يەن كۆپىنچە مىللەتشۇناسلىققا دائىر تەتقىقاتنى ئاساس قىلى-دۇ . مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا ، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن بىللە ، تىلشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە

تەتقىقاتىنى نۇقتا قىلىدۇ . مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ( يەر يۈزىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ) نى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ ، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئانتروپولوگلىرىنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقىنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى پەرقلەر نۇقتىسىدىن ئاساسەن ئوۋچىلىق جەمئىيىتى ، كۆچمەنلىك جەمئىيىتى ، فېئوداللىق جەمئىيەت دېيىلگەن ئۈچ خىل مەدەنىيەتتىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلدى . ھالبۇكى ، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسەن ، پولېئانتولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىلىرى بەدەۋىلەردە ، ھەتتا ياۋايىلاردىمۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ مەدەنىيەتلەر بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان . شۇڭا ، مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقتىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنىڭ چوڭ چېگرىسىنى بىلدۈرىدۇ ، دەپ مۇتلەقلەشتۈرگىلى بولمايدىغان بولدى .

مەدەنىيەتنىڭ قايسى جەمئىيەتكە ۋە قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ، ئاۋۋال « مەدەنىيەت قاتلىمى » ( ياكى « مەدەنىيەت قەۋىتى » ) پەرقلەندۈرۈلىدۇ . « مەدەنىيەت قاتلىمى » ئارخېئولوگىيە ئاتالغۇسى بولۇپ ، قەدىمكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ قالدۇرغان پائالىيەت ئىزلىرى ، قالدۇق ئەشيالىرى ۋە ئورگانىك ماددىلاردىن شەكىللەنگەن دۆۋە ( يىغىلما ) قاتلىمىدۇر . ھەربىر قاتلام ( قەۋەت ) مەلۇم دەۋرنى بىلدۈرىدۇ . خەلق ئاممىسى ئىچىدە « يەتتە قات ئاسمان » ( ئىسلامدىن ئىلگىرى « توققۇز قات يەر » ، « توققۇز قات ئاسمان » ) دېگەن چۈشەنچىمۇ ھەرگىز خىيالىي چۈشەنچە ئەمەس . مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى نەرسىلەرگە ۋە قاتمۇقات بېسىلىش

مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ، ئىنسانىيەت پائالىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە مۇناسىپ دەۋرىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى بولىدۇ. ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىي ئىزچىللىقىنىڭ ئاساسىدۇر.

مەدەنىيەت بىر خىل بولماي، ھەر خىل بولىدۇ. يەر يۈزىنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشاپ ئىز قالدۇرغان ئىنسانلار ھەر خىل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنسانلار تۈرلۈك مىللەتلەرگە ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، مەلۇم جۇغراپىيىلىك زونىلاردا ياشىغان قەۋملەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە مەلۇم ئورتاقلىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، مەدەنىيەت مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن تۇسلەنگەن. مىللىي تۇسنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مىللىي ئەنئەنە شەكىللەنگەن. شۇڭا، جۇغراپىيىلىك بىرلىك، ھاكىمىيەت بىرلىكى سۇپىتىدە مەلۇم ئەل ـ مەملىكەتنىڭ مەدەنىيىتى بولغىنىدەك، مىللىي تۇسلىنىش سۇپىتىدە مەلۇم مىللەتنىڭ خاس مەدەنىيىتىمۇ بولىدۇ. ھەتتا ئىدېئولوگىيە مەنىسى جەھەتتىن بولسا، بىر مىللەتنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي تۈزۈم سۇپىتىدىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇلار بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە تەقەززا قىلىدۇ.

## 2 . ئىرق ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت

« ئىرق » نىڭ سۆزلۈك مەنىسى « يىلتىز » ، « تۈپ » ، « ئاساس » ، « نېگىز » دېگەنلىك بولۇپ ، ئىستېمال جەھەتتە « قانداشلىق » ، « نەسىلداشلىق » ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ .

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خېلى ئۇزاق جەريانىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىسىدا ، ئىنسانلار تېخىمۇ راۋاجلىنىپ ، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى هازىرقى زاماندىكى شەكىلگە كەلگەن ، يەنى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ، ئىنسانلارنىڭ هازىرقى زاماندىكى تەن تۈزۈلۈش تىپى شەكىللىنىش بىلەن ، زونال گۇرۇھ ( دائىرىۋى توپ ) لار شەكىللەنگەن . ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئىي شارائىتلار ۋە جاي - جايلاردا ئايرىلىپ تۇرۇش ئەھۋاللىرى ئىنسانلار ئارىسىدا ئىرقنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . زونال گۇرۇھلار بارا - بارا ئىرق جەھەتتىن پەرقلىنىشكە باشلىغان . دېمەك ، ئىرق — تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەلۇم ئورتاق ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئىنسانلار توپى . بۇ ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەر ئىنسانلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ رەڭگى ، چاچلىرىنىڭ تىپى ۋە تۈسلىرى ، كۆزلىرى ، بۇرۇنلىرى ۋە بوي - تۇرقى ، لەۋلىرى ( قېلىن - يۇپقىلىقى ) هەم ئىككىلەمچى تۈك سىستېمىسىنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسى ، شۇنىڭدەك قان گۇرۇپپىلىرى قاتارلىق بەلگىلەردىن ئىبارەت . بۇ ئالاھىدىلىكلەر مەلۇم زوندا ، تەبىئىي مۇھىتقا

ئۇزاق مۇددەت ئۇيغۇنلىشىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئادەتتە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار «يېڭى ئادەم» باسقۇچىغا كەلگەندە ئۈچ چوڭ ئىرققا بۆلۈنگەن دېيىلىدۇ: 1. نېگىرىد (نېگىر – ئاۋستىرالىيە ئىرقى)، بۇ ئىرق ئاساسەن ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىدە؛ 2. ياۋروپىد (ياۋروپا ئىرقى)، بۇ ئىرق ئاساسەن ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ھىندىستاندا؛ 3. موڭغۇلىد (موڭغۇل ئىرقى)، بۇ ئىرق ئاساسەن جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، بۇ ئىرققا مەنسۇپ قەۋملەردىن بىر قىسمى ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغان ئىندىئانلاردۇر.

ئىرقلار تۇرق ۋە قان گۇرۇپپىلىرى جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق بولسىمۇ، ئىرقلارنىڭ بىر - بىرىدىن كەسكىن ئايرىلىدىغان مۇتلەق چەك – چېگرىسى يوق، بەلكى ئىرقلار پەيدىنپەي ئۆتكۈنچى ھالەتتە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال دۇنيادىكى ئىرقلارنىڭ بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن بىر خىل مەخلۇققا مەنسۇپ ۋە ئەجدادى ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىرقىي بۆلۈنۈشتە، ئىنسانلار ئەت رەڭگىگە قاراپ سېرىق جىنس، قارا جىنس، ئاق جىنس ۋە قوڭۇر جىنس دەپمۇ بۆلۈنىدۇ.

«يېڭى ئادەم» باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە 100 مىڭ يىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىنسانلار ئانتروپولوگىيىلىك جەھەتتىن ئۈچ ئاساسىي ئىرققا ئايرىلغان دەپ ھېسابلانسىمۇ، بۇ ئىرقلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ۋە چوڭ كۆچۈشلەر جەريانىدا بارا - بارا بىر - بىرىگە سىڭىشكەن ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئايرىلىق

ئىرقلار ، مۇرەككەپ ئىرقلار مەيدانغا كەلگەن . هازىر مەلۇم بولغان مىللەتلەر ۋە قەۋملەر تارىختىن ئىلگىرىكى قانچە مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ھەر خىل ئىرقلارنىڭ قېتىلىشى-دىن ۋۇجۇدقا كەلگەن . مەسىلەن ، گېرمانلار ئالتە خىل ئىرقنىڭ قېتىلىشىدىن تەركىب تاپقان . ھالبۇكى ، خەلق ۋە ئىرق پۈتۈنلەي يەككە - يېگانە ھالدا ساپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ چاغقىچە ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەرنى موڭغۇلىد ئىرقى دەپ ھېسابلاش چۈشەنچىسى ئالغا سۈ-رۈلگەن . لېكىن ، ئانتروپولوگلار هازىر تۈركىي تىللار ئا-ئىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ چوڭ بىر بۆلىكىنى ئۈچ چوڭ ئىرق ( نېگىرىد ، ياۋروپىد ، موڭغۇلىد ) ئائىلىسى ئىچىدە ياۋروپىد ئائىلىسىگە مەنسۇپ ، دەپ قارايدۇ . بۇ قاراش بويىچە ، ياۋروپىد ئائىلىسىنىڭ شىمالىي بۆلە-كىدە پىگمېنتى ئازراق بولغان روشەن چاچلىق ۋە رو-شەن تەنلىك تېتو - نوردىكۇس ( teuto — nordicus ) ، دالو - نوردىكۇس ( dalo — nordicus ) ۋە شەرقىي بالتىق ئىرقلىرى ؛ ئوتتۇرا بۆلىكىدە ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى-رىسىگە سوزۇلغان بۆلىكىدە — قوڭۇر تۇسلۇك دىنارىد ( dinarid ) ، ئالپىن ( alpin ) ۋە تۇرانىد ( turanid ) ئىرقلىرى ؛ جەنۇبىي بۆلىكىدە — قارا چاچلىق ، قې-نىق قوڭۇر تەنلىك ۋە قارا كۆزلۈك مېدىتېرران ( mediterran ) ، تاۋرىد ( taurid ) ۋە ئىندىد ( indid ) ئىرقلىرىغا بۆلۈنگەن .

تېتو - نوردىكۇس — شىمالىي ئاراللىقلار ، دالو - نوردىكۇس — شىمالىي دالا - تۈزلەڭلىكلەر ، دىنارىد — ئويمانلىقلار ( دەريا بويىدىكىلەر ) ، ئالپىن — تاغ-

لىقلار ، تۇرانىد — ئورال - ئالتايلىقلار ، يەنى تۇرانلىقلار ، مېدىتېرران — ئىچكىرىسىدىكىلەر ، يەنى دېڭىزدىن يىراق-تىكىلەر ، تاۋرىد — قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي بويىدىكىلەر ، يەنى قىرىملىقلار ، ئىندىد — ھىندىلار دېگەنلىك بولىدۇ . بالىتىقلىق ئالپىن ، دىنارىد ۋە تۇرانىد ئىرقلار براخى-كېفال ( brahikefal — قىسقا باش ، يەنى يۇملاقراق باش ) ، باشقىلىرى دولىخوكېفال ( dolihokefal — ئۇزۇن-چاق باش ، يەنى سوقۇچاق باش ) ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆرلۈك ئىرقلار ئىچىدە كۆپرەك مۇنازىرە قىلىنىۋاتقىنى تۇرانىد ئىرقى بولۇپ ، بۇ خېلى مۇرەككەپ ئىرقتۇر . ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرىدىن بەزىلىرى ( مەسىلەن ، بارتۇچ Bartucz ۋە بۇنىڭغا ماسلىشىپ لاتىسلو رازونە Laszlo Rasonyi ) نىڭ ئىنچىكە تەتقىقات ئاساسىدا كەلگەن خۇلاسىلىرى بويىچە بولغاندا ، تۇرانىد ئىرقىنىڭ ئەڭ كۆپ سوماتىك ( بەدەن ) خۇسۇسىيەتلىرى بار . تۈركىي خەلقلەردە موڭغۇلىد ئىرقىغا خاس ئىزلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . ئوتتۇرا بوي ( ئەرلەر ئومۇمەن 166 — 167 س م ) كېلىدۇ ، ئۇلاردا ئېگىز بويلۇقلار كۆپ ئە-مەس . جۇغى چىرايلىق ( كېلىشكەن ) ۋە چاققان ، بېشى ئاساسەن يۇملاق ، مەڭزى ئېگىز ئەمەس ، يۈزى ئومۇمەن كەڭرەك ۋە ياپىلاقراق بولسىمۇ ، نوقۇل موڭغۇلىدلەرنىڭ-كىدىن پەرقلىنىدۇ ، بەلكى ياۋروپىدلەرنىڭكىگە يېقىن كې-لىدۇ . بۇرنى بىر ئاز كىچىك ، تۆزرەك ياكى سەل كالتە بولۇپ ، دىنارىد ئىرقىنىڭ قىر بۇرنىغا ياكى ئەرمەنىدلەر-نىڭ ئىنچىكە قىر بۇرنىغا ئوخشىمايدۇ . پاناقلار ۋە بۇرۇن قاناتلىرى قېلىن ھەم كېرىلگەنلەر ئاز ئۇچرايدۇ . قاش

كېمىرىنى تەشكىل قىلغان سۆڭەكلىرى ماسلاشقان. كۆز چانىقى تارراق ۋە سەل كىچىكرەك بولۇپ، موڭغۇلىدلەرنىڭ قاپاقلىرىدەك قاتتىق ئەمەس؛ كۆزنىڭ ئىچ چانىقى تاش چانىقىغا ماس ھالدا ئىچكىرىرەك (كۆزى سەل چوڭقۇرراق)، ئومۇمەن كىچىكرەك قارا كۆز ۋە قوي كۆز بولۇپ، ئويناق، چاقناق كېلىدۇ (بۇ ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ). ياڭاق (زاڭاق) سۆڭىكى يايپاڭ ئەمەس، ئېڭەكلىرىمۇ ئۇچلۇق ئەمەس. يۈزىدىكى بۇرۇن - لەۋ سىزىقى تېرەنرەك (Sulcusnasolagialis). ئاغزى كىچىكرەك، لەۋلىرى قېلىن ئەمەس، تارراق ۋە تەكشى (يەنى دورداي كالپۇك ئەمەس). قۇلاقلىرى كىچىك ۋە پېتىق (سالپاڭ ياكى دولداي قۇلاق ئەمەس). چېنى (ئۈستىنكى تەن) كىچىك، ئەمما قۇۋۋەتلىك، دىنارىد ئىرقىدىكىدەك ئېگىز - سوزۇنچاق ئەمەس، پاچاقلىرى شادا پاچاقمۇ ئەمەس، دىقماقمۇ ئەمەس. بەدىنىدىكى تۈكلەر قىسقىراق بولۇپ، ياۋروپىدلارنىڭكىگە يېقىنراق كېلىدۇ، لېكىن ھەددىدىن تاشقىرى قويۇق ئەمەس. چاچلىرى قېنىق قوڭۇر ۋە قارا ھەم قويۇقراق؛ بۇرۇت - ساقاللىرى قارا ۋە ئوتتۇرىچە سىيرەكرەك كېلىدۇ، بومبا ساقال ياكى چاڭگا ساقاللار كۆپ ئەمەس. تۇرانىدلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان خەلق ئۇيغۇرلاردۇر. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تارالغان ئورۇنلىرى ناھايىتى كەڭ ۋە بىرقانچە زونىلارغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۆزگىچە ۋە مۇرەككەپتۇر.

تۇرانىدلارنىڭ ئانا يۇرتلىرى قەدىمكى ئىندۇ -

گېرمانلارنىڭ ئانا يۇرتلىرىنىڭ نېرىسى ( ئېنىقراقى شەرقى ۋە شىمالى ) دا بولۇپ ، ياۋروپىدلار بىلەن قوشنا ھەم قېتىش - قوراش ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، تۇرانىدلاردا بۇرۇنقى تۈركلۈك سوتسىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن بىللە ، ئىندو - گېرمانلىق سوتسىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرمۇ بار . لېكىن ، ئۇلارنىڭ گېنېتىك باغلىنىشلىرى توغرىسىدا كەسكىن ھۆكۈم قىلىش تەس .

مەلۇم زونىدا رەڭمۇرەڭ ئىرقىي خۇسۇسىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئۇچرايدۇ . ھېچقانداق تۇپتىن ئۆزگەرمەس ئىرقىي ئالاھىدىلىك بولمايدۇ . ئىرقىي ئالاھىدىلىك تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . ساپ ئىرقمۇ مەۋجۇت ئەمەس ؛ ئىرقلارنى پەس ئىرق ۋە ئېسىل ئىرق دەپ ئايرىش ئۇچىغا چىققان سەپسەتىدۇر . بەدەن - جىسمانىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا تەبىئىي مۇھىت ، ئارىلاش نىكاھلىنىش ۋە باشقا تەبىئىي - ئىجتىمائىي شارائىتلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ . ئىرقىي ئالاھىدىلىك بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ھالەت ، مېڭىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە تۈزۈلمىسى ، نېرۋا سىستېمىسى ۋە يۇقىرى مەنىۋى پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئورتاقچىلىقى يوق . ئىرقىي ئالاھىدىلىك ئادەملەرنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ھېچقانداق رول ئوينىمايدۇ .

ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە بار . يەنى ئىرق بىلەن قەۋم ( مىللەت ) بىر ئۇقۇمدا بولمىغىنىدەك ، ئىرق بىلەن تىل ئۇقۇملىرىمۇ بىر - بىرىگە

باغلىق بولمايدۇ . ھەر خىل ئىرققا مەنسۇپ بولغان قەۋملەر بىر خىل تىلدا سۆزلىششى ، بىر ئىرققا مەنسۇپ قەۋملەر بىر نەچچە خىل تىلدا سۆزلىششى مۇمكىن . تىل تۇغقانـ چىلىقى ئىرق تۇغقانچىلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ . ھازىرقى تىل سىستېمىلىرىمۇ ئىرقىي مۇناسىۋەتلەرگە قاراپ ئەمەس ، بەلكى تىللارنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ۋە تاشقى قانۇنىـ يەتلىرىگە قاراپ بۆلۈنگەن . تىل بىلەن تەپەككۇر ئۇزاق قەدىمكى دەۋردە پەيدا بولغان . ماركس : « تىل مەلۇم بىر كوللېكتىپنىڭ مەھسۇلى » دېگەن . شۇڭا ، تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان دەۋرلەر داۋاـ مىدا يارىتىلغان . بىردىنلا پەيدا بولغان ياكى بىردىنلا يوـ قايدىغان تىل يوق .

ئىنسانلار ئۆزلىرى قورال ياسىيالايدىغان بولغىلى 3 مىليون يىلدىن ئاشتى . ئىنسانلار قەدىمكى ئادەملەر ۋە يېڭى ياكى زامانىۋى ئادەملەر دېگەن ئىككى چوڭ باسـ قۇچنى باشتىن كەچۈرگەن . ئىنسانلار كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا قەدىمكى ئادەملەر باسقۇچىغا ئۆتكەن . ئارخېئولوگلار قەدىمكى ئادەملەر ( پولىئونتـ روپ ) دەۋرىنى موئۇستېر دەۋرى ، قەدىمكى ئادەملەر ياراتقان مەدەنىيەتنى موئۇستېر مەدەنىيىتى دەپ ئاتىغان . دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزلىرىـ نىمۇ تەتقىقاتچىلار « موئۇستېر مەدەنىيىتى » تىپىدىكى مەدەنىيەت دەپ ھېسابلىغاچقا ، كونا تاش قوراللار دەۋرىـ نىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا تەئەللۇق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپلا « موئۇستېر مەدەنىيىتى » دەپ ئاتاش ئاـ دەت بولۇپ قالغان . مەملىكىتىمىزدە مۇشۇ دەۋرگە توغرا

كېلىدىغان مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن « خېتاۋ مەدەنىيىتى » ،
« دىڭسۇڭ مەدەنىيىتى » ، پامىر ئېتىكىدىكى جىرغال مە-
دەنىيەت ئىزى ، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكى-
دىكى بوغاز دەرياسى بويىدىن تېپىلغان « ئاتۇش ئا-
دىمى » — ئەنە شۇ « موئۇستېر مەدەنىيىتى » تېپىگە
كىرىدىغان مەدەنىيەت ئىزلىرىدۇر . موئۇستېر مەدەنىيىتى
دەۋرى بۈنىڭدىن 100 — 200 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى يې-
ڭىلىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ .

قەدىمكى ئادەملەر دەۋرى مۇز ئېقىنىنىڭ باشلانغان
دەۋرى بولۇپ ، يەر يۈزىدە هاۋارايى سوۋۇشقا باشلىغان .
قەدىمكى ئادەملەر ئۇزاققىچە غارلاردا ياشاپ ، نىسبىي هالدا
تۇراقلىق هاياتقا كۆچكەن . پېتىراپ يۈرگەن توپلار
تۇراقلىقراق گۇرۇهلارغا ئايرىلغان . مۇشۇ دەۋردە ئوتنى
ئىلگىدىگەن ، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىق-
تىدارىمۇ زورايغان . مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ ، ئىنسانلار
گۇرۇهىدا قارا - قويۇق جۈپلىشىش مەلۇم دەرىجىدە چەك-
لەنگەن بولۇشى مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇ-
رۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بىخلانغان .

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ،
مۇز - ئېقىنلار بارا - بارا تارتىلىپ ، هاۋارايى ئىللىشقا
باشلىغان . ئىنسانلار غارلاردىلا ئەمەس ، تۈزلەڭلىكلەردىمۇ
ياشاپ ياكى باشقا جايلارغا كۆچۈپ ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت
دائىرىسى كېڭەيگەن . مۇز - ئېقىنلارنىڭ بىۋاستە
تەسىرىگە ئۇچرىمىغان رايونلار ، مەسىلەن ، شىمالىي ئاف-
رىقا ، پەلەستىن ، ئىراق ، كىچىك ئاسىيا ، كاۋكاز ، ئوتتۇرا
ئاسىيا ، جۇملىدىن ئالتاي ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە تۇ-

رۇمساي ( تەكلىماكان ) بويلىرى قاتارلىق رايونلاردا ئىن-
سانلار چېدىر تىكىپ ياكى ئاددىي ئۆيلەرنى ياساپ ،
تۇراقسىز ئوۋچىلىق ، يىغىمچىلىق تۇرمۇشىنى كە-
چۈرگەن .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار « يېڭى ئادەملەر »
ياكى « ئەقىللىق ئادەملەر » باسقۇچىغا ئۆتكەن . « يېڭى
ئادەملەر » گېئوخرونىكا بويىچە ، يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ
ئاخىرقى باسقۇچىدىكى ئىنسانلاردىن تارتىپ ، ھازىرقى
زامانغىچە بولغان ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ دەۋرگە ئا-
ئىت ئىنسانلارنىڭ تاش قاتىملىرىنى ئارخېئولوگلار تېپىل-
غان جاينىڭ نامى بويىچە « كرو ـ ماگنون ئادەملىرى »
دەپ ئاتىغان . كرو ـ ماگنون ئادەملىرى تاش قوراللارنى
ۋە سۆڭەك قوراللارنى سىپتا ئىشلىيەلەيدىغان ، رەسىم
سىزىشقا ، ئويمىكارلىققا ۋە سەنئەتكە قىزىقىدىغان بولغان .
تولاراق دەريا ـ ۋادا بويلىرىدا ياشاپ بېلىقچىلىق ، ئوۋچى-
لىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئارخېئولوگلار كونا تاش
قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ، ئىشلەپچىقىرىش
تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تې-
پىندىلار ( ئاساسەن ياۋروپادا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللار ) غا تايىنىپ ، بۇ باسقۇچقا ئائىت قەدىمكى
مەدەنىيەتنى « ئورىنياك مەدەنىيىتى » ، « سوليۇترې مە-
دەنىيىتى » ۋە « ماگدالىن مەدەنىيىتى » دېگەن ئۈچ باس-
قۇچقا بۆلگەن . ئالىملارنىڭ پىكرىچە ، ئورىنياك مەدەنى-
يىتى موئۇستېر مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە تەرەققىياتىدۇر .
بۇ دەۋردە ، خىلمۇخىل ، ئەپچىل ئويمىكارلىق قوراللىرى
پەيدا بولغان . سوليۇترې دەۋرىدە ، تاش قوراللارنى ئىش-

لەش تېخنىكىسى بالدۇرقىدىن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ماگدالىن دەۋرىدە بولسا، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزلەردىن ئىشلەنگەن قوراللار ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەن ۋە تېخىمۇ سىپتىلاشقان.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ياكى يېڭى ئادەملەر » باسقۇچىدا، ئىپتىدائىي گۇرۇھلار ئۇرۇقلارغا ئايلانغان. ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى ( كوممۇنىسى ) جەمئىيەتنىڭ توپ بىرلىكى بولۇپ قالغان. ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى قويۇقلاشتۇرغان. ئۇرۇقلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۇرۇقلارنىڭ قۇدىلىشىشى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار.

بۇ باسقۇچتا، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەممە قىتئەلەرگە دېگۈدەك قەدىمى يەتكەن. بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرى ( سولىيۇترې — ماگدالىن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ) سىبىرىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمىلىرىدا ئىنسانلار ياشىغان. ھەتتا ئىنسانلار مۇز تۇتۇپ كەتكەن بېرىڭ بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغان.

كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ئادەتتە ئوقيانىڭ مەيدانىغا كېلىشى بىلەن ئايرىلىدۇ. ياۋروپادا بولسا، بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى « ئازىل — تاردىن » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ باسقۇچتا، سىپتا تاش قوراللار ئومۇملاشقان. شۇڭا، ئوتتۇرا تاش قوراللار مەدەنىيىتى سىپتا تاش قوراللار مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودا سىپتا تاش قوراللار

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمى ( ئاڭئاڭ جىلغىسىدىن تېپىلغان ئىز ۋەكىللىك قىلىدۇ ) دا ، غەربىي شىمالدا ئاساسەن شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە كۆپلەپ تېپىلدى . مەسىلەن ، ئالتاي تەۋەسىدە كېمىرشىك ، تامغىلىق تاش ئىزلىرى ، تەڭرىتاغ بويلىرىدا ، قۇمۇل ( ئارا تۈرۈك ، باركۆل ، يەتتىسقۇدۇق ) ، تۇرپان ( پىچان ، توقسۇن ) ، ئۈرۈمچى ( توپىئاتار ، يەنى بوغدا ، ئۈلانباي ، مورى ، گۇچۇڭ ، قۇتۇبى ) ، ئىلى ( غۇلجا ، نىلقا ، كۈنەس ، مۇڭغۇلكۈرە ، چاپچال ) ، قارا شەھەر — خوتۇنسۇمۇل ( قارا مۇدۇن ، چوقۇ ، تاشدەڭ ، چۇمباغ ) ، تارىم بويلىرى ( لوپنۇر ، چەرچەن ، خوتەن — گۇما ، ئاقسۇ — كۇچار ، پامىر — ئوپال ) دا سىپتا تاش قورallar ، شۇنىڭدەك ساپال بۇيۇملار كۆپلەپ تېپىلدى . بۇ تېپىندىلارنىڭ ئىشلىنىش ئۇسۇللىرى ، شەكىللىرىنى تەھلىل قىلغاندا ، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قاراسۇق ، تاغار يادىكارلىقلىرىغا ، شۇنىڭدەك گەنسۇ — چىڭخەيلەردىكى ياڭشاۋ ، شاجىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ، فەرغانە ۋادىسىدىن تېپىلغان چۇست يادىكارلىقلىرىغا ئوخشايدۇ . بۇ رايونلاردا سىپتا تاش قورallar ۋە ساپال بۇيۇملار بىللە نۇرغۇنلىغان برونزا — مىس قورallar تېپىلغانلىقى بۇ رايونلاردا ياشىغان ئاھالىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى ، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىكى ئوخشاشلىق بۇ كەڭ زونىلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېقىن مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ دەۋردە ، ئۈرۈقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن : يىغىمچى-

لىقتىن ئىپتىدائىي دېھقانچىلىققا ئۆتكەن ، ئوۋچىلىقتىنمۇ بارا ـ بارا ئىپتىدائىي چارۋىچىلىققا ئۆتكەن . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5000 ـ يىللاردىن كېيىن ، دېھقانچىلىق جۇڭ‌گونىڭ شىمالىي قىسمى ۋە غەربىي شىمالىدا ، ياۋروپادا بولسا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردا ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك تەرەققىي قىلغان . قۇمۇل بالـباللىق ( شېرىنزى ) دىن تېپىلغان ۋە بۇنىڭدىن 6000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ، دەپ ھېسابلانغان كومزەك بۇغداي ، شۇنىڭدەك چەرچەن ـ نىيىلەردىن تېپىلغان تېـرىق بۇ جايلاردا ياشىغان ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق باسقۇـچىدا ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇ دەۋردە ، ئاسىياـنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدا ، جۇملىدىن يارىش ( جۇڭغارىيە ) يازىقىدا ، ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسمىدا كالا ئۆگىتىلگەن ، يەنە شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادا ئات ئەڭ ئاۋۋال كۆندۈرۈلگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئاتلىق چوپان مەـدەنىيىتى يارىتىلغان . ئىپتىدائىي ئورمانچىلىق پەيدا بولغان .

بۇ دەۋردە ، ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى گۈلـلىنىپ ، ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئورتاق تۇرالغۇسى ۋە ئورتاق زېمىنلىرى بولغان . ئۇرۇق ئاھالىسىنىڭ نوپۇسى كۆپەيـگەندىن كېيىن ، ئانا جەمەت ئۇرۇقىدىن بالا ئۇرۇق ئايرىـلىپ چىققان . بۇلار بىرلىشىپ قەبىلىنى تەشكىل قىلغان . قەبىلە مەلۇم زېمىنگە ۋە ئالاھىدە نامغا ئىگە بولغان ھەمدە بىر خىل تىل ۋە دىنىي ئۇقۇم بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان .

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ،

جۇملىدىن مېتال قوراللارنى ئىشلىتىشكە كۆچكەندە ، ئىپ-
تىدائىي جەمئىيەت ئائىلىق تۈزۈمىدىن ئاتىلىق تۈزۈمگە
ئايلانغان . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا ، ئىن-
سانلار تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان . تۆمۈر
قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى-
نىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يەنە
بىر بالداق يۇكسەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . دېھقانچىلىق ۋە
چارۋىچىلىق نېگىزلىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تارماققا
ئايلانغان . لېكىن ، جۇغراپىيىلىك شارائىتلار پەرقلىق بول-
غانلىقى سەۋەبىدىن قەبىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشلىرى
ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان : بىر يۆنىلىش
بويىچە ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا مالغا ئىگە بولغان چارۋىچى
قەبىلىلەر شەكىللەنگەن ، بۇنداق قەبىلىلەردە دېھقانچىلىق
كەمرەك تەرەققىي قىلغان . يەنە بىر يۆنىلىش بويىچە ،
سۇغىرىش ئاساسىدا زىرائەت تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان قەبىلىلەر شەكىللەنگەن . مۇنداق قەبىلىلەردە
چارۋىچىلىق ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىقتىسادىي پائالىيەت
بولغان .

ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە غەربىدە — يېشىل
ئۆگۈر ( خۇاڭخې ) نىڭ شىمالى ۋە ئوردوس ، كۆكنۇر ،
تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە ئالتاي بويلىرى ، ماۋەرائۇن-
نەھر ( ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقى ) ،
دەجلى ـ فرات دەريالىرى ، ھىند ـ گانگا دەريالىرى ، دون
ۋە دىنپىر دەريالىرىدىكى كەڭ زونىلاردا ناھايىتى ئوبدان
يايلاقلار بار ئىدى . بۇ جايلاردا ياشىغان قەبىلىلەردە چار-
ۋىچىلىق بەك تەرەققىي قىلغان . سىبىرىيىدە خاكاس ـ

مىنۇسىنسكىي ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللار چارۋىچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسى-
تىدۇ. قاراسۇق مەدەنىيىتى كۆچمەن چارۋىچىلىققا ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ. ئاندرونوۋو مەدەنىيىتى ئاماچلاپ تېرى-
لىدىغان دېھقانچىلىق بىلەن ئولتۇراقلاشقان
چارۋىچىلىقنىڭ بىرلەشكەنلىكىگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ئادەملەر غارلاردا،
سۇنئىي ياسالغان كېمىرلەردە، كەپە - كۇلبىلەردە، بەزى
جايلاردا ياغاچ، توپا ۋە تاش بىلەن ياسالغان مۇرەككەپ-
رەك بىنالاردا ياشىغان. تۇرالغۇ شەكىللىرى كۆپىنچە
جۇغراپىيىلىك شارائىتلارغا باغلىق بولغان. ئوتتۇرا شەرق-
تە، مېسوپوتامىيە (بابىل - ئاسسۇرىيە)، مىسىر ۋە يۇ-
نانلاردا كۆپىنچە تاش قۇرۇلمىلىق بىنالار، شەرقتە
ياغاچ - توپا قۇرۇلمىلىق بىنالار تەرەققىي قىلغان. بارا -
بارا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش كۆپەيگەندىن كېيىن، قوغدى-
نىش ئېھتىياجى بىلەن سۇ ئۈستى بىنالىرى، كىچىك
قورغانلارنى ياساش ئەۋج ئالغان. تەبىئىي توسۇقلىرى بار
يار - قىيالارنىڭ چوقچايغان يەرلىرىگە قورغان ياساش،
تەبىئىي توسۇقلىرى بولمىغان يەرلەردە سۇنئىي تو-
سۇقلار ياساش (خەندەك قېزىش ياكى سېپىل سو-
قۇش) كۆپەيگەن.

## 3 . چۆشنۆك

### كونا تاش قورال دەۋرى ـــ پالېئولىت دەۋرى

بۇ گرېكچە Paleos ( كونا ، قەدىمكى ) ۋە Iitos ( تاش ) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئاتالغۇ . بۇ دەۋر يەنە ئالدىنقى ( دەسلەپكى ) ، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ( ئاخىرقى ) دېگەن ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈنگەن .

### يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ـــ نېئولىت دەۋرى

بۇ گرېكچە neos ( يېڭى ) ۋە litos ( تاش ) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئاتالغۇ .

### سىېتا تاش قوراللار دەۋرى

كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتۈشتىكى ئارىلىق باسقۇچ .

### يېغىلىش دەۋرى

گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ـــ كاينوزوينىڭ كېيىنكى يېرىمى بولغان تۆتىنچى ئېرانىڭ دەسلەپكى باسقۇچى . بۇ دەۋردە جاندارلار ( ئورگانىزملار ) نىڭ قىياپەتلىرى يېڭىلىنىپ ، 95 پىرسەنتتىن كۆپرەكى هازىرقىدىن هېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن .

## تۆتىنچى ئېرا

گېئو خرونىك تارىخنىڭ ئاخىرقى ئېراسى . ۋاقتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 مىليون يىلدىن 600 مىڭ يىلغا توغرا كېلىدۇ . بۇ ئېرانىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى ، يەر يۈزى ( تولاراق يۇقىرى بەلباغقا توغرا كەلگەن رايونلار ) نى مۇز قاپلىغان ؛ گېئو ـ تىنىدۇرمىلاردىن هازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى بولغان ئىنسان ئەجدادى ( « بېيجىڭ ئادىمى » ، « نېئاندېرتال ئادىمى » ۋە باشقىلار ) نىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەك پارچىلىرى ھەمدە تاش قورال دەۋرى ( كونا تاش قورال دەۋرى ) گە ئائىت ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلغان .

## « بېيجىڭ ئادىمى »

مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى « جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى » ( sinanthropus ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ « ئۆرە يۇرەر مايمۇنسىمان ئادەم » ( pithecanthropus ) نىڭ خېلى تەرەققىي تاپقان ۋەكىلى ، بېيجىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىنىڭ 54 كىلومېتىر نېرىسىدىكى جۇكۇدىيەن كەنتىنىڭ لۇڭگۇشەن ئۆڭكۈرىدىن ( 1927 ـــ 1937 ـ يىللىرى ) تېپىلغان ، بۇنىڭدىن 500 مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆڭكۈرلەردە ياشىغان ئىنسان ئەجدادلىرىدىن بىرى . « جۇڭگو مايمۇنسىمان ئادىمى » نىڭ باش قىسمى ۋە پۇتلىرىدا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان .

## «نېئاندېرتال ئادىمى»

كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، «قەدىمكى ئادەم» باسقۇچىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تاش قاتملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. 1856 ــ يىلى گېرمانىيىنىڭ دوسسلدورف ۋىلايىتىدە، نېئاندېرت دەريا ۋادىسىغا يېقىن ئۆڭكۈردىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى.

## قەدىمكى ئادەم

«مايمۇنسىمان ئادەم» ( pithecanthropus ) بىلەن «يېڭى ئادەم» ئارىلىقىدىكى ئىنسان. بۇنىڭدىن 200 ــ 100 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان، گېئوخرونىكىسى «يېڭىلىنىش دەۋرى» گە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچى ــ مۇئۇستېر دەۋرى ( Mousterian period ) گە تەئەللۇق. ئىنسانلارنىڭ مەزكۇر تەرەققىيات باسقۇچىنى نېئاندېرتال باسقۇچى، دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى ئادەمنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر شۇكى، مېڭە ھەجمى چوڭ، لېكىن مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشىدە بىر مۇنچە ئىپتىدائىي خۇسۇسىيەتلەر ساقلانغان. قاش سىرتلىقى راۋاج تاپقان، ماڭلىيى يانتۇراق، پاتتىڭى بۆرتۈپ چىققان؛ يۈزى ئۇزۇن، كۆز چانىقى تۆرۈك ــ يوغان ۋە ئىككى كۆز ئارىلىقى كەڭ. بۇرنى پاناق ۋە ئىككى قانىتى كېرىلگەن. بۇ ھالەتلەر قەدىمكى ئادەمنىڭ ئادەمسىمان مايمۇندىن خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئادەم باسقۇچىغا ئائىت تاش قات-

ـمىلار ياۋروپا ، ئاسىيا ، ئافرىقا قىتئەلىرىدە كۆپلەپ تېپىلـ
غان . ئانتروپولوگلار قەدىمكى ئادەملەرنى بىر قانچە
تۈرگە بۆلگەن : ( 1 ) نېئاندېرتال ئادىمى — ياۋروپا ،
شىمالىي ئافرىقا ۋە ئاسىيانىڭ كۆپ جايلىرىغا تارقالغان .
جۇڭگودا تېپىلغانلىرى : گۇاڭدۇڭدىن مابا ئادىمى ،
سەنشىدىن دىڭسۇن ئادىمى ، ئىچكى موڭغۇلدىن خېتاۋ
ئادىمى ، خۇبېيدىن چاڭياڭ ئادىمى ؛ ئۆزبېكىستان ، قىـ
رىم ، كاۋكاز ۋە لىتۋىيىلەردىنمۇ كەينى - كەينىدىن تېـ
پىلغان . ( 2 ) زىمبابۇۋى ئادىمى ( بالدۇر « رودېسىيە ئاـ
دىمى » دەپ ئاتالغان ) — ئافرىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا
تارقالغان . ( 3 ) سولو ئادىمى ( « ئاندون ئادىمى » دەپمۇ
ئاتالغان ) — ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى
سولو ( solo ) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىدىن تېـ
پىلغان . ( 4 ) قەمەر ئادىمى — پەلەستىننىڭ قەمەر تېـ
غىدىكى ئەت - تابىن ۋە ئەس - سىفۇر ئۆڭكۈرلىرىدىن
تېپىلغان .

### 《 يېڭى ئادەم 》

يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا
ئائىت ئىنسانىنىڭ تاش قاتمىسى . « يېڭى ئادەم »
( Neoanthropus ) « ئەقىللىق ئادەم » ( Homosapicus )
دەپمۇ ئاتىلىدۇ . « يېڭى ئادەم » بولسا « كرو - ماگنون
ئادىمى » دىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ . تەخمىنەن بۇنىڭدىن 100 مىڭ يىل ئىلـ
گىرى ياشىغان . يېڭى ئادەمنىڭ مۇكەممەل تاش قاتمىسى
1968 - يىلى ئاۋۋال فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كرو - ماگـ

نون ( Cro– Magnon ) تېغىدىكى ئۆڭكۈردىن تېپىلغان . شۇڭا ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ باسقۇچى كرو – ماگنون ئادىمى باسقۇچى ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئۇزۇنچاق ، ماڭلىيى ئۆرە ، قاش سىرتلىقى تەكشىرەك ( ئېگىز ئەمەس ) ، يۈزى كەڭ ، كۆز چانىقى ئويراق ھەم قىسقىراق ، بۇرنى تارراق . مېڭە ھەجىمى چوڭ ؛ بويى ئېگىز ، پۇت – قوللىرىنىڭ ئىلىك بوشلۇقى يوغانراق . بۇ ئالامەتلەر ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە يېقىن كېلىدۇ . تاش ۋە سۆڭەك قوراللارنى نەپىس ئىشلىيەلەيدىغان ، رەسىم سىزىش ۋە ئويمىكارلىق سەنئىتىگە قىزىقىدىغان بولغان .

### *موئۇستېر مەدەنىيىتى*

بۇ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەدەنىيەت ( Mousterian Cultur ) . ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىزى فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋېزىل دەرياسىنىڭ بويىدا مۇئۇستېر دېگەن يەردىن تېپىلغان . مۇئۇستېرمەدەنىيىتى تېپىگە كىرىدىغان ئىزلاردىن جۇڭگودا « خېتاۋ مەدەنىيىتى » — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى يېكېجو ئايمىقى ئۇشىن قۇسىغۇسىدىكى سارى ئۇسۇ ( سېرىق سۇ ) دەرياسىنىڭ ئېقىنىدىكى گرانت قاتلىمىدىن ( 1922 – يىلى ۋە 1956 – يىلى ) تېپىلغان ئىنسان سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى ( بۇ « خېتاۋ ئادىمى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . دىڭسۇن مەدەنىيىتى — سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى ، فېڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى شاڭفېن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دىڭسۇن كەنتىدىن

( 1954 ـ يىلى ۋە 1976 ـ يىلى ) تېپىلغان ئىنسان سۆڭەـ
كىنىڭ تاش قاتمىسى ( بۇ دىڭسۇن ئادىمى دەپمۇ ئاـ
تىلىدۇ .

### *ئورىنياك مەدەنىيىتى*

ئارخېئولوگلار ياۋروپادا تېپىلغان ماتېرىياللارغا
ئاساسەن ، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسـ
قۇچىغا دائىر مەدەنىيەتنى ئورىنياك مەدەنىيىتى
( Aurignacian Cultur ) ، سولېيۇترې مەدەنىيىتى ( Soluteran
Cultur ) ، ماگدالېن مەدەنىيىتى ( Magdalean Cultur )
دېگەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن . ئورىنياك مەدەنىيىتى
فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئورىنياك ( Aurignac ) دېگەن
يەردىكى ئۆڭكۈردىن ( 1968 ـ يىلى ) تېپىلغان تاش قورال
مەدەنىيىتىدۇر . بۇ باسقۇچتا ، ھەر خىل يېڭى شەكىلدىكى
كېسىش ـ يونۇش قوراللىرى ( تاش پىچاق ) ، ئۇچلۇق
قوراللار ۋە قىرىش ـ شۇلۇش قوراللىرى ، بولۇپمۇ كىـ
چىك ـ ئەپلىك ۋە كۆپ شەكىللىك ئويۇش قوراللىرى
( ئۆي سىرتى شەكلىدە ، قۇش تۇمشۇقى شەكلىدە ) پەيدا
بولغان . ئۆڭكۈر تاملىرىغا چېكىلگەن رەسىملەر ، پىل
چىشلىرىدىن ياسالغان ئايال ھەيكەللىرى ، شۇنىڭدەك قۇـ
لۇلە چاناقلىرى ۋە بېلىق ئۇمۇرتقىلىرىدىن ئىشلەنگەن
زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان . فرانسىيە ئالىملىرى دەسـ
لەپكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن ، بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇـ
چىلار كىرو ـ ماگنون ئادەملىرى ، دەپ ئېنىقلىغان . ئاپتوـ
نوم رايونىمىزدا ئاتۇشىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىن
( 1981 ـ يىلى ) قەدىمكى ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاش

قاتمىسى تېپىلدى . بۇمۇ « ئورىنياك مەدەنىيىتى » تېپىگە كىرىدۇ .

### سولىيۇترې مەدەنىيىتى

ئاۋۋال فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لىئون ( Lyon ) شەھىرىنىڭ يېنىدا سولىيۇترې ( Solutre ) دې- گەن يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى سولىيۇترې مەدە- نىيىتى ( Soluteran Cultur ) دەپ ئاتالغان . تىپىك تاش قوراللار دالچىن يوپۇرمىقى شەكلىدىكى چوڭ - كىچىك قوراللار بولۇپ ، چېقىن تاش بىلەن ئىككى ياندىن كې- سىش ئارقىلىق ياسالغان .

### ماگدالىن مەدەنىيىتى

فرانسىيىنىڭ ماگدالېنا ( Magdalena ) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان تاش قوراللارغا ئاساسەن ، ماگدالېن مەدەنىيىتى ( Magdalena Cultur ) دەپ ئاتالغان . كۆپرەك ئۇچرىغان تاش قوراللار قىرىش – يونۇش قوراللىرى ، ئويمىكارلىق قوراللىرى ، بىگىز ۋە تاش ياپراقلار. سۆڭەك – مۈڭگۈزلەردىن ئىشلەش تېخ- نىكىسى يۇكسەلگەن ، شۇنىڭدەك نەيزە قاتارلىق قوراللار ئىشلەن- گەن . رەسساملىق ۋە ئويمىكارلىق راۋاجلانغان .

### مارتا مەدەنىيىتى

سىبىرىيىدە ئىركۇتسكىيغا يېقىن مارتا دېگەن يەردىن كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆڭكۈر – كې- مىرلەر تېپىلغان . بۇ ئۆڭكۈر – كېمىرلەرنىڭ ئۆگزىلىرى گويا بادرا ۋە شاخ - شۇمبىلار يېپىلىپ ، ئۇستىگە هايۋان

تېرىلىرى سىلىنغان ۋە قوۋزاق ـ توپا ياتقۇزۇلغاندەك . بۇنداق ئۆگۈر ـ كېمىرلەر تۇرالغۇلۇق هاياتنىڭ بىخلان- غانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

### ياڭشياۋ مەدەنىيىتى

بۇ جۇڭگودىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر خىلى . خېنەننىڭ يىچىشى دېگەن يېرىدىكى ياڭشياۋ كەنتىدىن ( 1921 ـ يىلى ) بايقالغان . يېشىل ئۆگۈر ( خۇاڭخې ) نىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ۋادى- سىدىن ئاساسەن سۈركەپ ئىشلەنگەن تاش قورال‍لار ( كۆپىنچە پىچاق ، پالتا ، كەكە ، سۇمبە ) ۋە نەپىس ئىش- لەنگەن سۆڭەك قوراللار كۆپ تېپىلغان . دائىمىي ئىشلە- تىلىدىغان ساپال قاچىلار ئاساسەن سىلىق ئىشلەنگەن قى- زىل ساپال ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر ساپالدىن ئىبا- رەت . سىلىق قىزىل ساپاللارغا گېئومېترىك نەقىشلەر ياكى هايۋانات شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن . بۇ دەۋردىكى ئىقتى- سادىي هاياتتا دېهقانچىلىق ئاساس ، بېلىقچىلىق ـ ئوۋچى- لىق قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ ، ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جا- مائەسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە كىرگەن . بۇ يەردىكى تېپىندىلار كۆپىنچە رەڭلىك ساپال بولغىنى ئۈچۈن ، سا- پال مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭ دەۋرى مىلادىيە- دىن ئىلگىرىكى 5000 ـــ 3000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ .

### ماجيا خۇمدىنى مەدەنىيىتى

بۇ جۇڭگودىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئا- خىرقى باسقۇچىغا مەنسۇپ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر خىلى .

گەنسۇنىڭ لىڭتاۋ ناھىيىسىدىكى ماجىيا خۇمدىنىدىن ( 1923 ـ يىلى ) تېپىلغان . بۇ مەدەنىيەت ئىزى گەنسۇنىڭ تاۋخې ، داشيا دەريالىرى ۋە چىڭخەيىنىڭ خۇاڭشۇي دەرياسى ۋادىلىرىغا تارقالغان . ئىشلەپچىقىرىشتا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇن تۇتقان . تاش قوراللار ۋە سۆڭەك قوراللار ، ساپال قوراللار ئىشلىتىلگەن ؛ ساپالغا قارا نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن . نەقىش نۇسخىلىرى ياڭشاۋ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ رەڭلىك ساپاللارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ . دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 3000 ـــ 2000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ ؛ بۇ مەدەنىيەتمۇ « گەنسۇدىكى ياڭشاۋ مەدەنىيىتى » دەپ ئاتالغانىدى .

### *ئاندرونوۋ مەدەنىيىتى*

بۇ سىبىرىيىدە كراسنو يارسكىي كراينىڭ ئاكىنسكىي رايونىنىڭ جەنۇبى ( شەرقىي مېردىئان 90 ℃ يېنىدا ، شىمالىي پاراللېل 55 ℃ ~ 56 ℃ ئارىلىقىدا ) دا تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى . 1914 ـ يىلى بۇ جايدىن برونزا مەدەنىيىتى تېپىلغان . بۇ مەدەنىيەت شۇ يەرگە يېقىن كېلىدىغان يەنسەي دەرياسىدىن تارتىپ غەربكە قاراپ ئورالغىچە يېيىلغان .

### *قاراسۇق مەدەنىيىتى*

بۇ سىبىرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى ( شەرقىي مېردىئان 77 ℃ ~ 82 ℃ ، شىمالىي پاراللېل 53 ℃ ~ 55 ℃ ئارىلىقى ) دا تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى . قاراسۇق شۇ جايدىكى دەريانىڭ نامى ، بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى

شەھەرمۇ قاراسۇق دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ دەريانىڭ ۋادىسىدىن تېپىلغان برونزا مەدەنىيىتى يەنسەيدىن تارتىپ غەربكە قاراپ ئالتاي ۋە قاراغاندا رايونلىرىغىچە يېيىلغان .

**تاغار مەدەنىيىتى**

بۇ سىبىرىيىدە مىنۇسىنكي رايونىغا يېقىن تاغار ئارىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى ، بۇ ئىز تېپىلغان يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەدەنىيەت ، يەنى دەسلەپكى تۆمۈر دەۋرى مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ . ئىقتىسادىي تۇر-مۇشتا سۇغىرىپ تېرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇن تۇتقان ، بەزى جايلىرىدا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئىگىلىك ۋاستىسى بولغان . ۋاقتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 — 2 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ . مەدەنىيەت تىپى جەھەتتىن « سكىف مەدەنىيىتى » ( ساكا ـ تىگرا مەدە-نىيىتى ) گە ئوخشاپ كېتىدۇ .

## بىرىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ۋە ياشىغان ماكانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ۋە ئۆ- سۈش ، مۇناسىۋەتلىشىش ـ سىڭىشىش ۋە ئاۋۇش ـ غولداش نەتىجىسىدە ئۇيۇشقان ئېتنىك تەركىبلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ، تارىخىي ـ يازما مەنبە- لەرگە ھەم تارىخىي ـ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىيال- لىرىغا بىنائەن ئىككى بۆلەككە ، يەنى تەڭرىتاغنى مەركەز قىلىلغان ھالدا شىمالىي بۆلەك ، جەنۇبىي بۆلەك دەپ ئاي- رىش مۇمكىن . شىمالىي بۆلەككە كىرىدىغان قەدىمكى قەۋملەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ، باي- قالدىن تاكى كاسپىيغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ياشىغان قەۋملەردۇر؛ جەنۇبىي بۆلەككە كىرىدىغان قەدىمكى قەۋم- لەر تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدا ، تارىم بويلىرىدا ، كۆكنۇردىن كۆكئارت ـ قارا قۇرۇمغىچە بولغان ئاسىيانىڭ كىندىك زونىسىدا ياشىغان قەۋملەردۇر. بۇ ئىككى بۆلەككە كىرگەن قەدىمكى قەۋملەردىن بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە تېگى ـ تەھتىنى تەشكىل قىلسا ، بەزىلىرى ۋا- سىتىلىك تېگى ـ تەھتى ھېسابلىنىدۇ . مۇنداق كەڭرى زېمىندا ئارىلاش ـ قوراش ياشاپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك

قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئەلۋان - تۈرلۈك ئۇرۇق - قە-
بىلە ، ئۇلۇس ـ ئىلەتلەر ھەر زامان ، ھەر ماكاندا ، ئۆز-
لىرى قويغان ۋە قوشنىلىرى ياكى سالنامىچىلار تەرىپىدىن
قويۇلغان خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتالغان . گاھىدا بىر
ئۇلۇس ـ قەۋمنىڭ نامى بىر قانچە خىل ئاتىلىپ قالغان .

قەدىمكى زامانلاردا « قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە تا-
سادىپىي پەيدا بولغان ، ئاڭلىق تاللاپ قويۇلمىغانىدى .
قەبىلىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغان
ھالدا ، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بې-
رىلگەن نام بارا - بارا شۇ قەبىلىنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ
قالاتتى . بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ بولۇپ تۇراتتى » ( ف .
ئېنگېلس ) .

## 1 . تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئېتنىك تەركىبلەر

### ( 1 ) دى ، دىلى ، دىڭلىن[①]

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ
شىمالىي ئېتنىك قەۋملىرى قەدىمكى زامانلاردا « قىزىل
دى » ، « دى » ، « دىلى » ، « گاۋچېي ، دىڭلىن » دې-
گەن ناملار بىلەن قەيت قىلىنغان . بۇ ناملار ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكى خەلقلەر ياكى غەرب سالنامىچىلىرى تەرىپې-
دىن قويۇلغان ناملار ۋە ياكى ئۆز ناملىرىنىڭ قىسقار

---

① دىڭلىن ـــ بۇ ئاتالغۇ « دىڭلىڭ » ( 丁零 ) دەپ ئېلىنىپ كېلىۋا-
تاتتى . لېكىن مەزكۇر ئەسەردە ئاپتورنىڭ تەكلىپى بويىچە « دىڭلىن » دەپ
ئېلىندى ، كېيىن ئۇچرايدىغان بەزى ئاتالغۇلارمۇ شۇنداق ـــ مۇھەررىر-
دىن .

تىلمىلىرى بولۇشى مۇمكىن .

بەزى تارىخىي كىتابلاردا ، شاڭ دەۋرى ( مىلادى- يىدىن ئىلگىرىكى 18 ــ 11 ـ ئەسىرلەر ) نىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا « دەنلۆ » دېگەن نام قەيت قىلىنغان . كېيىن بۇ نام « دىيەنلىيەن » دەپمۇ يېزىلغان . يۈەن دەۋرىدە ياشى- غان ئەدىب ياللۇغ جۇرنىڭ ئىزاھلىشىچە ، « دىيەنل- يەن » ــ « دىڭلىڭ » نىڭ ئوقۇلۇشى بولۇپ ، « دىلى » بىلەن ئاھاڭداش ئىكەن . دېمەك ، « دىلى » قىسقارتىلىپ « دى » دەپ ئاتالغان ؛ « دىڭلىڭ » بولسا « دىلى » دىن كېلىپ چىققان .

« ئۇ زامانلاردا چىن ، جىن بەگلىكلىرى چېگرا مەملىكەتلىرى ئىدى . جىن بېگى ۋېنگۇڭ ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 636 ــ 625 ـ يىللار ) ۋاقتىدا ، رۇڭ ، دىلار غەربىي دەريا بويى بىلەن لو ئارىلىقىدا ماكانلاشقان ، بۇلار قىزىل دى ، ئاق دى دەپ ئاتالغان » .

دىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ ( « جۇنچيۇ ئۇچ تەزكىرىسى » دە يېزىلىشىچە ) ، ئاساسەن ئۈچ خىلغا بۆ- لۈنگەن : بىرى قىزىل دىلار ، بىرى ئاق دىلار ، يەنە بىرى ئاۋام دىلار . « قىزىل دى » دېيىلگەنلەر موڭغۇل ئوتلاق- لىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دىلارنى ، « ئاق دى » دې- يىلگەنلەر ئوتلاقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان دىلارنى كۆر- سەتسە كېرەك . ئاق دىلار ئاساسەن هازىرقى شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېگىز تۈزلەڭلىكتە هەم جىن بەگلى- كىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان . سەنشى ، خېبېيلەرنىڭ شىمال ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىمۇ هەر خىل رۇڭ ، دىلار ياشىغان . بۇلار ئاق دى ۋە قىزىل دىلارنىڭ دائىرى-

سىگە كىرمەي ( « چۇنچيۇ » ۋە « نوم تەزكىرىلىرى » دە بايان قىلىنىشىچە ) ، « ئاۋام دىلار » دەپ ئاتالغان . مىلا-دىيىدىن ئىلگىرىكى 670 — 660 - يىللىرىدىكى ھادىسى-لەردە دىلارنىڭ چوڭ بىر بۆلۈكى « سۇبان » ( ئېھتىمال « سۇپار / سۇۋار » ) دەپ ئاتالغان ؛ يەنە بىر قىسمى « لىيۇخۇ » ، ئۈچىنچى بىر قىسمى « تۇك - سىن » دەپ ئاتالغان .

« لۇڭ ( ھازىرقى گەنسۇ ) نىڭ غەربىي قىسمىدا مىەنجۇ ، چۇنرۇڭ ، دەيىۈەن رۇڭلىرى بار ئىدى . ئۇلار ھەر قايسى جىلغىلارغا تارقالغان ، ئۆز بەگلىرى بار . كۆ-پىنچە يىغىلغانلىرىدا ئۇرۇق - ئايماقلىرى 100 خىلدىن ئا-شىدۇ ، لېكىن ھالەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ . »

خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ شىمالى ۋە يۇقىرى بويلىرىدا ياشىغان نۇرغۇن شىمالىي دى قەبىلىلىرىدىن بىر قىسمى كۆچمەنچىلىك ھالىتىدە ياشىغان . چۇنچيۇ زامانىسىدا ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 — 476 - يىللار ) رۇڭ ، دىلار ئارىلىشىپ ماكانلاشقان . بىر قىسمى چېدىرلىق ئاي-ماقلار دېيىلگەن . بىر قىسمى كۆچمەنچىلىكتىن ئول-تۇراقلاشقان . بەزىلىرى خۇددى خۇاشىيا ( مەملىكىتىمىز-نىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى ) لاردەك شەھەر - قورغانلاردا ياشىغان . شىمالىي دى قەبىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى ياشى-غان ماكانلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولغان . شىمالىي دىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى خۇاشىيانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى-نىڭ تەسىرى بىلەن خېلى يۇكسەلگەن ، شۇنىڭدەك ئوت-تۇرا شىيانىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ شىمالىي دىلارنىڭ تەسىرى سىڭگەن .

شىمالىي دىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق يېزىلىدۇ : جىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە ) لىن خۇ — لۇفەن ؛ يەن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا شەرقىي خۇ — تاغ رۇڭلىرى بار ئىدى ؛ شۇ زامانىنىڭ ئادەملىرى مەزكۇر رۇڭلارنى « خۇ » دەپ ئاتىدى . جىن ۋە يەن بەگلىكلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىرى شىمالدىكى قەۋملەرنىڭ نەسلىدىن هېسابلىنىدۇ . بىر چاغلاردا ئاتىلىپ قالغان نام مىلك يىللارغىچە داۋام قىلىۋەرگەن . شىمالىي دىلارنىڭ « خۇ » ( غۇز ) دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان .

يىغىلىق دەۋرى ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 — 5 ـ ئەسىرلەر ) دە ، شىمالىي دىلار « لىن خۇ » ۋە « لۇفەن » دېگەنناملار بىلەن ئىككى ئۇلۇس گۇرۇهىنى تەشكىل قىلغان . بۇ چاغدىكى «لىن خۇ » لار خېتاۋ ( خۇاڭخې قولتۇقى ) دا ، لۇفەن ئۇلۇسى جىن بەگلىكى ( هازىرقى سەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەگلىك ) نىڭ غەربىدە ياشىغان . « لىن خۇ » دېگەن نام يىغىلىق ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر خەت ئالاقىلىرىدا قىسقارتىپ ئاتىغان نامدۇر . ئەسلى نامى « دەنلىن » ياكى « دىيەنلىيەن » ئىدى . دېمەك « لىن خۇ » — « دەنلىن خۇ » لىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، « دى ، دىلى ، دىيەنلىيەن ، دەنلۆ ، دەنلىن » دېگەن ناملار مەلۇم قەۋملەر گۇرۇهىنىڭ خەنزۇچە ئاهاڭ تەرجىمىسى .

مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى دىڭلىنلەر قەدىمكى زاماندىكى دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ، دىلار ( ياكى دىلىلار ) قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى

تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلايدۇ. بەزى تارىخچىلار «قىزىل دىلار سىبىرىيە ئويمانلىقىدىن جەنۇبقا كەلگەن ئۇلۇس» دەپ قارايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي يازما مەنبەلەرمۇ يىن، شاڭ دەۋرلىرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 14 — 11 - ئەسىرلەر) دە ۋە جۇنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11 — 9 - ئەسىرلەر) دە شىمالدىكى ئۇرۇق - ئايماقلاردىن جەنۇبقا كەلگەنلىرىمۇ، خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىن يەنىمۇ شىمالغا كەتكەنلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 12 — 7 - ئەسىرلەردە مىس دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى زور تۈركۈم شىمالىي قەبىلىلەر شىمالغا سۈرۈلۈپ، جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچكەن؛ شىمالىي دىلارمۇ جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ بىر قانچە بەگلىكنى قۇرغان. قىزىل، ئاق ۋە ئاۋام دىلار ئارىلاش - قوراش بولۇپ «توققۇز دى» دەپمۇ ئاتالغان.

دىلى ياكى دىڭلىنلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنگەن. بۇلار ئىرقىي - جىنسىي جەھەتتىن نوقۇل بىر ئىرققا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. بالدۇر شىمالىي دىڭلىنلەر (يەنى شەرقىي دىڭلىنلەر) غا موڭغۇلىدلىق ئامىللار سىڭگەن بولسا، كۆپ جەھەتتىن ياۋروپىد ھېسابلانغان غەربىي دىڭلىنلەر بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 — 3 - ئەسىرلەردە، شەرقىي دىڭلىنلەرنىڭ موڭغۇلىدلىق ئالامەتلىرى ئازلاپ، ياۋروپىدلىق ئالامەتلىرى كۆپەيگەن.

ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، دىڭلىنلەر مەزكۇر

ئىمپېرىيىگە قارام بەگلىك ئىدى . هۇن قوشۇنلىرى تەر-كىبىدە دىڭلىن قوشۇنىمۇ بار ئىدى . غەربىي خەن دەۋ-رىدە ، هۇن ئىمپېرىيىسى تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىغا كېڭەيگەندە ، 100 مىڭ كىشىلىك دىڭلىن قوشۇنى ئۇدۇن ( خوتەن ) تەرەپكە كېلىپ ، شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغان . هۇن ئىمپېرىيىسىدە دىڭلىنلەر ئاساسىي ۋە كۈچ-لۈك بەگلىكلەردىن بىرى ئىدى . دىڭلىنلەر نۇرغۇن ئۇرۇق - ئايماقلاردىن تەركىب تاپقان ۋە ناهايىتى كەڭرى زېمىنغا تارقالغان ، ھەتتا دىڭلىن قەبىلىلىرى هۇن قەبىلە-لىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ( ئوغۇز ، ئونغۇر ، ئو-تىغۇر ، سارۇغۇرلار ئەسلىدە دىڭلىن قەبىلىلىرى ئىدى ) . مەسىلەن ، بايقال - ئالتاي زونىلىرىدىن باشقا قانغۇي ( كاڭجۈي ) نىڭ شىمالىدا ، ئۇيسۇننىڭ غەربىدە ياشايدىغان دىڭلىنلەر بار ئىدى ( قانغۇي — هازىرقى بال-قاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلى ئارىلىقىدىكى زېمىندا ئۆتـ-كەن مەملىكەت ؛ ئۇيسۇن — ئىلى ۋادىسىنىڭ غەربىدە ۋە ئىسسىقكۆل بويىدا ياشىغان قەۋم ) .

## ( 2 ) گاۋچېي ، دىڭلىن ، تېلې

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا ، ئوتتۇرا ئاسىيا-نىڭ شىمالى (جۇملىدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ) ۋە موڭ-غۇل يايلىقىدىن ئىبارەت كەڭرى زېمىندا ياشىغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ ، بالدۇر « دى » ، « دىلى » ، كېيىن « دىڭلىن » دەپ يازغان . مىلادىيىدىن كېيىن بۇ

قەۋملەر « چىلى » . « سىلى » ، « تېلې » دەپ ئاتالغان .
مەسىلەن ، ئۈچ پادىشاھلىقتىن بىرى ۋېي پادىشاھلىقى زا-
مانىسى ( مىلادىيە 220 ــــ 265 ـ يىللىرى ) دا گاۋجۈي ،
دىڭلىن دەپ ئاتالغان ئۇلۇس قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ
نەسلىدىن بولۇپ ، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان بولسا ،
بۇلارنى شىمالدىكى قەۋملەر سىلى دەپ ، شىيا قەۋملىرى
گاۋجۈي ، دىڭلىن دەپ ئاتىغان . « هارۋىلىرى يوغان ھەم
ئېگىز ، گۇگۇسۇنلىرى كۆپ بولغاچقا » ، « گاۋ-
جۈي ( ئېگىز هارۋىلىقلار ) » ياكى « ئېگىز هارۋىلىق
دىڭلىن » دەپ ئاتالغان . گاۋجۈيلەر ئەسلىدە : دى /
تىلى ، ئۇيغۇر ، قۇر / قۇرلۇق ، قوبىق / قومىق ، قۇز-
غۇز ، ئىجكىن دېيىلگەن ئالتە قەۋمدىن تەركىب تاپقان .
كېيىن بۇلار غولداپ چىپارلۇ ( ياپارلۇ ) ، تۈرك ، ئىگدەر ،
دالان ، ياۋغار ، دابغان ، ئارۇم ، مويۇن ، ئىمۇر ، بۆكدۈرا ،
قىرغۇي ، يورسىۋار دېگەن 12 قەۋمگە يەتكەن . بۇ قەۋملەر
ئۇزۇن زامانغىچە بىرلا ئۇلۇس تەركىبىدە تۈرۈۋەرمىگەن .
تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ياكى بۇ ئۇلۇس تەركى-
بىگە ئۆتۈپ تۇرغان . لېكىن ، بىر ئۇلۇستىكى ئەسلى
قەۋملەر كۆپىنچە مۇقىمراق بولغان . گاۋجۈيلەر تەڭرىتاغ ــ
ئالتاي ئارىلىقلىرىدىن كېڭىيىپ ، غەربكە ــــ كۆكئارتتىن
ھالقىپ فەرغانە ۋادىسىغىمۇ تارالغان . خەنزۇچىدا
« يەندا » دېيىلگەن ( ئەجەملەر « ئابدال » ــــ كۆچكۈنلەر
دەپ ئاتىغان ، ياۋروپالىقلار « ئېفتالىت » دەپ ئاتىغان )
مەملىكەت « گاۋجۈيلەرنىڭ باشقا نەسلىدىن بولۇپ ،
غەربىي دىياردا قانغۇي ، ئۇدۇن ، سۇغراق ، ئارساك ۋە
باشقا 30 نەچچە ئۇششاق مەملىكەت شۇنىڭغا قارايدۇ . »

يارىش ( جۇڭغارىيە ) يازىقىدا قالغان گاۋجۇي قەبىلىلىرى كېيىن « تېلې » دېگەن نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان . شىمالىي قاغانلىقلار تارىخى ( جۇملىدىن « سۈي-نامە » ) دا قەيت قىلىنىشىچە ، بۇ زاماندا « تېلې » دەپ ئا-تالغان مۇرەككەپ ئۇلۇسقا ( « ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا گەۋدىسى بولغان ئۇلۇسقا » ) كىرگەن قەۋملەرنىڭ ناملىرى ۋە تار-قالغان رايونلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى :

« تېلېلار » توققۇز رايونغا تارقالغان 40 نەچچە قەبىلە ئىدى . شۇڭا ، تارىخنامىلەردە : « قەبىلە – ئاي-ماقلىرى بەك كۆپ بولۇپ ، غەربىي كۆلنىڭ بويىدىن باشلاپ ، تاغ – ئېدىر ، تۈزلەڭلىكلەردە بىر - بىرىدىن ئۈزۈلمەي كەڭ تارقالغان » دەپ يېزىلغان .

شەرقتە بايقالنىڭ جەنۇبىدىن ، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالى ( ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قە-دىمكى بازىلىرى ) دىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان زونىدا بۇغۇ ، توڭرا ، ئويغۇر ، بايىرغۇ ، ئىسكەر ( ئىز-گىل ) ، قۇن ، قورلۇغ – سىر ، تۈرك ، بۆكدۇرالار ياشى-غان . بۇلار توققۇز تېلې دەپ ئاتالغان ۋە بۇلاردىن تولىسى ئالتاي ئەتراپىدا ، ئېرتىش – ئۇلۇنغول ( ئولۇنگۇر ) ۋادى-لىرىدا ياشىغان كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئىدى . ئالتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدا ، ئىككىنتۆكۆز بويلىرىدا بولۇچ ، ئىزگىل ، سۇۋار ، ناچىق ، يونغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى . بۇلاردىن باشقا ، بۇ رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر – تار-دۇس ‹ سىر — تاردۇش — مۇھەررىردىن › ( سىر بىلەن تەردۇس — ئىككى قەۋمدىن تەركىب تاپقان ئىلەت ) يا-شايتتى . بۇلار دەسلەپتە قارا ئېرتىش ۋە ئۇلۇنغول بويلى-

ردا ياشىغان .

قۇمۇلنىڭ غەربىدە ، قارا شەھەرنىڭ شىمالىدا چا-
رۇق ، ئاقتاغ ( تەڭرىتاغ ) نى بويلاپ سوزۇلغان رايوندا
كېپىك ( قۇبىق ~ قۇمىق ) ، بورا ~ بۆرە ، ئوغۇر ( ئو-
غۇرقۇن ) چىگىل ، قىرغۇز قەبىلىلىرى ياشىغانىدى . بۇ
رايوندىن غەربكە قاراپ يۈزلەنگەندە ، بالقاش – ئىسسىقكۆل
بويلىرىدىن باشلاپ ، چىپلىر ، سۇپان ( ئىسبان ) ،
داچى ( تالچى ) قەبىلىلىرى ياشايتتى . قاڭلى – قانغۇي
ئېلىنىڭ شىمالىدا ، ئادىل ( ئېدىل ، يەنى ۋولگا ) بوي-
لىرىدا ئاز ( ئادىز ) ، ياۋۇز قەبىلىلىرىگە قوشنا بولغان
خەزەر ، بۇلغار ، پېچېنەك ، چوقاي ، قابىس ( بۇلار ئارال-
نىڭ غەربىدە ، ئىنجۇ ئۆكۈز بويىدا ) ، قاچىرسۇق ، باي-
غىردا قەبىلىلىرى ؛ دېڭىز ( خەزەز ، يەنى كاسپىي ) نىڭ
شەرقىدە ھەم غەربىدە سارۇ ئۇرغۇر ، ساكسىن ( ئېدىلنىڭ
ئاياغ ئېقىنى بويىدا ) ، مۇكشە قەبىلىلىرى ؛ پۇرۇمنىڭ
شەرقىدە ئىنكۇ ، ئالان ، باشقىر ، قۇترىغۇر قەبىلىلىرى بار
ئىدى . مانا مۇشۇ مەزكۇر غەربىي قەبىلىلەرمۇ تېلېلاردىن
ھېسابلىناتتى . تېلېلار سۈي دەۋرىگىچە ( مىلادىيە 591 ——
613 – يىللىرى ) بايقالنىڭ جەنۇبىدىن تۇغلا ۋادىسى ۋە
ئۇنىڭ شىمالىدىكى يەنسەينىڭ يۇقىرى ۋادىسىدا ،
ئاندىن غەربكە سوزۇلۇپ ئالتاي بويلىرى ، يارىش يا-
زىقى ( جۇڭغار تۈزلەڭلىكى ) —— تەڭرىتاغنىڭ بوي-
لىرىدا ، ئارال كۆلى ھەم ئېدىل ۋادىلىرى بولۇپ ناھايىتى
كەڭ زېمىندا تارقالغان ۋە ئەنە شۇ يۈزلىگەن قەۋم - قەبى-
لىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى تېلې دەپ ئاتالغان . كېيىنكى
چاغلاردا « تۈرك » دەپ ئاتالغانلار ئەسلىدە دىڭلىن ياكى

تىلى قەۋملىرىدىن ئىدى .

## ( 3 ) قەدىمكى غەربىي ئېتنىك تەركىبلەر

يۇنان ــ رىم تارىخچىلىرى ئەسەرلىرىدە ئىدىل ۋە خەزەر ( ھىركانىيە ) نىڭ شەرقىدىن تاكى سىر ( جۇڭ-گو ) چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلغان كەڭرى زونىدا ياشىغان قەۋملەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسەتكەن . لېكىن ، بۇ قەۋم - قەبىلىلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە جۇغراپىيىۋى ناملار يۇنان ياكى رىم تىللىرىنىڭ فونېتىكىسى بويىچە يېزىلغان .

يۇنان تارىخچىلىرىدىن سترابون ، پتولېمې ، لاتىن ئاپتورلىرىدىن پلىنىي مېلئى بىلەن پومپونىي مىلائى ۋە باشقىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە مۇنداق قەبىلىلەرنىڭ نامىلىرى ئۇچرايدۇ : Oxiazioi ( ئو-خازىئوي ) — ئوغۇز ؛ Pasiak ( Pesik ~ Peaitik ) — پېچېنەك ؛ Dahae ( De ) — داغار ؛ Camac — قامىق ؛ Coman — قومان ؛ Camar — قامار ~ قومار ؛ Kumith — كۇمىد ؛ Cam — قاڭ ~ كام ؛ Kotier ( Kasir ) — قەزەر؛ Carat — قارات ، Khun — قۇن ، Sabir — سابىر ( سۇبار ، سۇۋار ) ؛ Borsuk — بورسۇق ، Avarin — ئاۋار ؛ Amar — ئامار ~ يامار . بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغانلىقى ئېنىق . مەزكۇر قەبىلىلەر بىلەن بىر قاتاردا ، ئازغارت — Askart ، جايىق ( يايىق ) — Daikh شەكلىدە ، ئويغۇر — Oykhard ، قاز — Kasia ؛ تۈرك — Turcae ۋە Nurcae شەكىللىرىدە يېزىلغان .

قەدىمكى زاماندىكى بۇ قەۋم - قەبىلىلەر دائىم دېـ
گۇدەك بىر يەردىلا تۇرۇۋەرمىگەن . مىلادىيىدىن 1000
يىللار ئىلگىرى ئېدىل - ئورال ، ئىنجۇ - خەزەر بويلىرىدا
ياشىغان قەبىلىلەردىن بىرمۇنچىسى شەرققە ۋە شەرقىي
جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن .غەرب ئاپتورلىرى ئارال كۆلىدىن
كۆكئارت ئېگىزلىكىگىچە ، ھەتتا غەربىي سىبىرىيىگىچە
بولغان زېمىندا كەڭ تارقالغان قەۋم - قەبىلىلەرنى « سا-
كا » دېگەن نام بىلەن ئاتىغان . بەزى ئاپتورلار « سكىف »
ياكى « سكىت » دەپ ئاتىغان . بۇلار ياشىغان رايوننى
« ئىمائۇس تېغى » ( ئورال ) نى چېگرا قىلغان ھالدا
ئىككى رايونغا بۆلۈپ ، غەربىنى « ئىچكى سكىف ئىمائۇس
تېغى » ، شەرقىنى « تاشقى سكىف ئىمائۇس تېغى » دەپ
ئاتىغان . دېمەك ، ئورالنىڭ شەرقى « تاشقى سكىفىيە »
دەپ ئاتالغان . پتولېمې ( مىلادىيە 2 - ئەسىردە ياشى-
غان C · L · Ptoleme ) دىن ئىلگىرى ياشىغان ھىرودوت
« ھىركانىيە » ( خەزەر ، يەنى كاسپىي ) دېڭىزىنىڭ
شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ « سكىت »
ياكى « ساكا تارگىتا ئۇس » ( Saka– targitaos ) ، ئارال
كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى « ساكا تېگراخۇدا »
( tegrakhuda – Saka ) دېگەن نام بىلەن يازغان . دېمەك ،
خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان دىڭلىن ياكى
تېلېنى « سكىت » ياكى « ساكا » دەپ ئاتىغان ، شۇنىڭ-
دەك خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەر ( مەسىلەن ، « بۇددا
شەجەرىسى ھەققىدە » دېگەن كىتابتا ئىزاھلىنىشىچە ،
« خەننامە » نىڭ « غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » ) دە دې-
يىلگەن ساكلار ئەسلىدە يۇڭ جەمەت ( فامىلە ) لىك

رۇڭلاردۇر ؛ بۇلارنىڭ ئەجدادى دۇنخۇاڭدا ياشايتتى . يۈچىلەر قوغلىۋېتىپ ، ئۇياقتا كۆچۈپ كەتكەن ؛ ساكالار ئارقىلىپ بىر نەچچە ئەلگە بۆلۈنگەن ، سۇغراق ( سۇلې — قەشقەر ) نىڭ غەربىي شىمالى ، شۇدۇن ، سىند تەۋەلىرىدىكى قەۋملەر قەدىمكى ساكالار نەسلىدىندۇر . ئىلى ۋادىسىدىمۇ باشقا قەۋملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان ساكالار بولغان .

## 2 . تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتنىك تەركىبلىرى

كۆكنۇردىن كۆكئارتقىچە بولغان كەڭ رايوندا ، ئېنىقراق ئېيتقاندا ، تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدا ، تارىم بويلىرىدا ، كۆكئارت — قارا قۇرۇمنىڭ شەرقىدىن تاكى قۇرۇقتاغ ئارقىلىق كۆكنۇرغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان قەدىمكى قەۋملەر نام - نەسەب ۋە ئىرق - ئېتنوگېنىز جەھەتلىرىدىن ھەرخىل بايان قىلىنماقتا . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قەدىمكى تارىم ئاھالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەت .

### ( 1 ) *ئېۋۇ ، جۇشى*

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق يېزىلىشىچە ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى — ياقا ، تېرىم يايلىقى ۋە قۇرۇقتاغنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان « ئېۋۇ » ( 阿恶 ) دېگەن قەۋم بولۇپ ، بۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى

2 ـ ئەسىردە ، ھونلارنىڭ بېسىمى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىگە ، يەنى ئوغراچ ( بۇغدا ) نىڭ شىمالى ـ شەرقى بىلەن باركۆل ئارىلىقىغا كۆچۈپ بارغان . بۇلار « چۇشى » قارىمىقىدىكى قەۋملەردىن بولۇپ ، ئۆز ئالدىغا بېگى بار ئىدى . بۇلار قەدىمكى يۇنان ئاپتورلىرى ئىسمىنى ئاتىغان « ئوغۇر »( Oechor ) لار بولسا كېرەك . پتولېمېينىڭ « جۇغراپىيە » كىتابىدا ، لوپنور رايونىدا ئۇلۇغ ئىگدۇن ئېلى بارلىقى ، بۇ ئەلنىڭ قوشنىسى دامناي ( Damnae )ۋە پىئادداي ( Piaddae ) ئەللىرىنىڭ زېمىنلىرى ئويقۇرداس دەرياسىغىچە بارىدىغانلىقى ، بۇ دەريا بويىدا ئويقۇرداس ئېلى بارلىقى بايان قىلىنغان .

تەڭرىتاغنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى ھەم تۇپىرئارت ئېتەكلىرى ( ھازىرقى تۇرپان ، گۇچۇڭ ، فۇكاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونلىرى ) دە « جۇشى » ( تولۇق نامى « گۇيەن ، جۇشى » ) دېگەن ئەل ياشىغان ، بۇلارمۇ ئەسلىدە دى / دىلى قەۋملىرىدىن ئىدى . « گۇيەن ، جۇشى » مەزكۇر ئەل نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بولۇپ ، « قويار قوش » ياكى « قوش قويار » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى . بۇ ئەل كۆچكەندە ياكى جەڭگە ئاتلانغاندا « قوش » ( بىر جۈپ ئۆكۈز ) نى ئالدىغا سېلىپ ماڭاتتى . قوش چۆككەن يەردە بارگاھ قۇراتتى . شۇڭا ، بۇ ئەل « قوش قويار » دەپ ئاتالغان . گاھىدا قىسقارتىپ « گۇش » ( قوش ) دېيىش ئومۇملاشقان ( بەزى تەتقىقاتچىلار كېيىنكى « قوچۇ » ئەنە شۇ « قوش » نىڭ ئۆزگەرمىسىدۇر دەپ ھېسابلايدۇ ) . « لياڭنامە » نىڭ « ياتلار » بابىدا يېزىلىشىچە ، كۆكئارتنىڭ غەر-

بىگە ۋە شەرقىگە جايلاشقان « خۇز ئېلى » مۇ « جۇشى » ( قوش ) لارنىڭ باشقا نەسلىدىن ئىكەن . « خۇز ئېلى . . . ئەتراپىدىكى پارس ، يىپان ، كابىل ، يەنجى ، كۇچار ، سۇغراق ، قۇم ، ئۇدۇن ، چىپان ئەللىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان » ئىكەن .

( 2 ) **يۆسى ، يۆجى ، دى ، چىياڭ**

تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ، ئىچكىراقى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالە توغرىسىدا بەزى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسلىنىپ ، تەتقىقاتچىلار تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئىرقىي خاسلىقىدىن ئاۋۋال ، ئۇلارنىڭ ئېتنوگىنېزلىق خاسلىقىنى ئېنىقلاش مۇھىم . ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارىم ئويمانلىقىدا ياشايدۇ . بۇ يەردە ياشىغان يەرلىك مەدەنىي ئاھالە ئىلگىرى مەيلى شەرقتىن كەلگەن بولسۇن ياكى غەربتىن كەلگەن بولسۇن ، ئۇلار ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر - بىرىگە سىڭىشىپ ، بالدۇرقى ھەر خىل ئاتالغان نام - ئاتاقلىرى ئۆزگىرىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىگە ئايلانغان . بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت .

بۇ ھەقتە ، ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىرىغا مۇراجىئەت قىلايلى . ئۇيغۇر تارىخچىسى جەن بوزەن ئەپەندى خەنزۇچە رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مۇنداق مۇھاكىمە قىلغان : خۇاڭدىدىن تارتىپ ، ياۋ ، شۈن ، يۈلەر ( مىلادىيىدىن ئىلگىرى 2550 — 2179 - يىللاردا ) غەربىي خان

ئانا بىلەن باردى ـ كەلدى، سوۋغا ـ سالام قىلىشىپ تۇر-
غان. قەدىمكى غەربىي خان ئانىسىنىڭ ئىلى تارىم ئويمانلى-
قىنى كۆرسىتەتتى.
بۇ ماكاندا ياشىغان ئاھالىدىن خەنزۇچە قەدىمكى
يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنغىنى «يۆجى» (رۇتزى)
بىلەن «دى، چياڭلار» دۇر.
«يۆجى» نىڭ نامى خەنزۇچىدە قەدىمكى زا-
مانلاردا يۈيىسى، يۈيجى، يۆسى دېگەن ھەر خىل خەتلەر
بىلەن يېزىلغان. «گۇەنزى كىتابى» دا يېرىلىشىچە،
يۈيىسى ئىلى قاشتېشى چىققىدىغان يەر، جۇ سۇلالىسىغا 7
مىڭ 800 چاقىرىم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قارا قۇ-
رۇم تېغى توغرىسىدىمۇ بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇ ئەل-
نىڭ ياشىغان يېرى تەكلىماكاننىڭ غەربىي جەنۇبى —
خوتەن تەرەپلىرى بولۇشى ئېنىق. چۇنچيۇ زامانىسى
(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 — 476 ـ يىللىرى) دا،
تارىم ئويمانلىقىدىكى قەۋملەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
مەلۇم بولغىنى يۈيىسلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى
قەدىمكى زاماندا ئوردۇس، جۇڭيۈەن، گەنسۇ تەرەپلەردە
ياشىغان. ئۇلار غەربكە سۈرۈلۈپ تارىم ئويمانلىقىغا
كۆچكەن. «گۇەنزى» نىڭ «كىچىك ۋىلايەت بابى» دا:
«غەربتە كۆچمە قۇم غەربىدىكى يۈيىلەر» دەپ يېزىلغان.
چۇنچيۇ دەۋرىدە بۇلار «يۆجى» دېگەن نام بىلەن ئىچكى
رايونلارغا مەلۇم بولغان. خەن دەۋرىدە «يۆجى»
(رۇجى) دەپ ئاتالغان.
يۆجىلەردىن بىر قىسمى كۆكئارتتىن ئېشىپ ئاف-
غان ـ ئىران تەرەپلىرىگىچە جايلاشقان. مەزكۇر يۈسلەر

بىلەن بىللە تارىم ئويمانلىقىغا شەرقتىن كەلگەن قەدىمكى قەۋملەردىن « دى ، چياڭلار » بار . « ۋېي مۇختەسەرنا- مىسى » نىڭ « غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە يېزىـ لىشىچە : « دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى رايوننىڭ جەنۇبىي تېغىدا ، چارقىلىقنىڭ غەربىدىن كۆكئارتقىچە بولغان نەچچە مىڭ يول كېلىدىغان ئارىلىقتا ، يۆسلەر نەسلى ، بوستان چياڭلىرى ، بوز ئاتلىق ، سېرىق ئۆكۈزلۈك چىـ ياڭلار » دەپ ئاتالغان نۇرغۇن قەۋم ـ قەبىلىلەر ياشىغان .

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىك ئاھالىنى ياۋروپالىق ئاپتورلار Sar ( Ser ) دەپ ئاتىغان . بۇ ئېھتىمال « چياڭ » نىڭ شۇ زاماندىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك . مىرەندىن تېپىلغان تىبەتچە ھۆججەتلەردە Nob—chenr دېگەن نام ئۇچرايدۇ . بۇ « نوب ـ سار » دېـ گەنلىك بولۇپ ، « سارلارنىڭ سەردارى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك . « دى ، چياڭلار » غەربىي رۇڭلاردىن ھېسابلىنىدۇ . ياۋروپا ئاپتورلىرى Dahae – Syr دەپ ئاتىـ غان .

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ تەركىبىدە غەربـ تىن كەلگەن « ساكا » لارمۇ بار .

« ساكلار شاھى جەنۇبتا كەشمىرگىچە ھۆكۈمرانـ لىق قىلاتتى . ساكلار تارقاق ئىدى . بىر قانچە مەملىكەت بولۇپ كەتكەن . سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇشۇن ، سىندۇ تەۋەلىرى ساكلاردىن ھېسابلىناتتى » ( « ساكلار ئەسلىدە گيۇن جەمەتلىك رۇڭلاردۇر . . . ئۇلۇغ يۆجى مەملىكىتى بالدۇر ساكلار پادىشاھىنىڭ زېمىنى ئىدى » ؛ « . . . يۆجىلەر يىراققا كەتتى ، داۋان ئېلىدىن ئۆتۈپ ،

غەربتە داخانى بويسۇندۇردى » ) .

يۈجىلەر مىلادىيىدىن كېيىن ، توخار دېگەن نام بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىدۇ . ياۋروپا ئالىملىرى يۈجى بىلەن توخار ئەسلىدە بىر خەلقنىڭ باشقا - باشقا ئاتىلىشىدۇر ، دەيدۇ ، شۇنىڭدەك Tokhara دېيىلگەنلەر ھەقىقەتتە خەنزۇچە تارىختا يۈجى دېيىلگەنلەرگە ، يۇنان ئاپتورلىرىنىڭ Thagoura ( Thogara ) دەپ ئاتىغىنىغا توغرا كېلىدۇ ھەمدە ئۇلار « يۈجىلەر تۈرك جىنسىدىن » دېگەن قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەۋملەرنىڭ تىللىرى ئالتاي - ئورال تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار ئىدى . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، بۇ سىستېما بىر قانچە قولغا بۆلۈنگەن . بەزى قەۋملەر ( مەسىلەن ، كۆكئارتنىڭ غەربىگە كەتكەن قەۋملەر ) نىڭ ئەسلى ئانا تىلى ئۆزگىرىپ ، ئىران - يۇنان تىللىرى بىلەن ئالماشقان . دىنىي مۇناسىۋەت بىلەن بەزى قەۋملەرنىڭ تىللىرىغا ھىندۇ - سانسكرت تىلىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر سىڭگەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبى بولغان بەزى قەۋملەر ، ھەتتا تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ « ئانا گەۋدىسى » ھېسابلىغان تېلىلارنىڭ قىرىق نەچچە قەۋمدىن بىر مۇنچىسى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئايرىم ئىلەت ياكى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن .

دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبى ئالۋان - تۈرلۈك قەۋملەردىن تەشكىل قىلىنغان ، يەنى دى ( دىلى ، دىڭلىڭ ) ، تېلې ، ساكا ، گاۋجۈي ، ئېۋۇ ، يۈيسى ( يۈجى ) ، دى ، چىياڭ ۋە باشقىلار . مىلادىيە 6 -

ئەسىردە « ئۇيغۇر » دېگەن نام بىلەن چوڭ قاغانلىق بو-
لۇپ ، تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋاقتىدىكى بۇ مۇرەككەپ
مىللەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قەبىلە - ئۇلۇسلىرى ھەققىدە
سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق .

## 3 . قەۋملەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدىكى مۇتالىئە

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان قەۋم – قەبىلىلەرنىڭ
ناملىرى ئاساسەن خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئىدېئوگرا-
فىك خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر . قە-
دىمكى زاماندا بۇنداق خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزى ھازىرقىدىن
پەرقلىنىدۇ . يۇنان – لاتىن ، رىم ، ئىران ئاپتورلىرىمۇ ئۆز
تىللىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ، بۇ ناملارنىڭ ئاھاڭ
تەرجىملىرىنى بەرگەن ياكى قەدىمكى قەۋملەرنىڭ ياشى-
غان جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ياكى تۇرقى - سىياقى
ھەم كىيىم - كېچەكلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ نام
بەرگەن . شۇڭا ، بۇ ناملارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ئىنى-
قلاپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ . ئەمما ، بۇنىڭغا دائىر
يازما مەنبەلەر كەمچىل بولغاچقا ، قەتئىي جەزىملەشتۈ-
رۈشكە ئىمكانىيەت يوق . پەقەت بەزى يىپ ئۇچلى-
رىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، قىياسىي پىكىر يۈرگۈزۈش
مۇمكىن . بۇ ساھەدە بىزدىن مۇقەددەم ئىش كۆرگەن ئا-
لىملارمۇ شۇنداق قىلغان .

## دى ، دىلى ، دىڭلىس

ناھايىتى ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا ، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكى بەگلىكلەر ۋە قەۋملەر غەرب تەرەپتىكى قەۋ-
لەرنى « رۇڭ » ياكى « غەربىي رۇڭ » دەپ ئاتىغان . بۇ
ھەرپىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى nzong ( نجوڭ ) / Zom
بولۇپ ، ئەسلى مەنىسى « قورال - ياراغ » ، « سۇ -
قوشۇن » ( ئەسكەر ) دېگەنلەردىن ئىبارەت . بۇ
قەۋملەر « تۇغ - ئەلەم » كۆتۈرۈپ يۈرۈش قىلىپ تۇ-
رىدىغان بولغاچقا ، « سوق - سوقاق »( تسوگ ) ( رۇڭ ) ،
يەنى « ئۇرۇشقاق » ، « قورال ئىشلەتكەك » دەپ ئاتالغان
ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « تۇغ » مەنىسىنى بىلدۈ-
رىغان « ئورۇڭ » سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا
كېرەك .

بەزى تەتقىقاتچىلار « دى ، دىلى » — « تىل »
دىن كېلىپ چىققان . « تىل » قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدا
« دەريا » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . « دىلى » — « تىل
لىك » ( دەريالىق ، دەريا بويىدا ياشىغۇچىلار ) دېگەن
سۆزدىن ئېلىنغان ، دەپ قارايدۇ ؛ قەدىمكى زاماندا
« دىلىلار » نىڭ غەربىي بۆلىكى ئورال دەرياسى بويىدا
ياشىغان ، ئورال دەرياسىنى « ئېدىل » ( قىسقارتىپ
« تىل » ) دەيدۇ ، دېگەن قىياسنى ئالغا سۈرىدۇ .

« دى » نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى tig ( ياكى
« تىك » ) بولۇپ ، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ، دى ،
دىڭلى ياكى دىڭلىنىڭ قىسقارتىلمىسى . « دىڭلى »
نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى liek – liek ، يەنى « تىگرىك » ،

« دىڭلىن » نىڭ ئوقۇلۇشى tik — liem، يەنى « تىكرەم » / « تىكرەك » بولۇپ، ھەممىسى شىمال ۋە غەربتىكى خەلقنىڭ ئۆزلىرى ئاتايدىغان ياكى قوشنىلىرى ئاتىغان نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمال.

## گاۋجۇي، تېلې

گاۋجۇي (گاۋچې) ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا، « ئېگىز، چوڭ ھارۋا » (گۇگۇسۇنلىرى كۆپ ھارۋا؛ دىققەت: ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى كۆتەك، يەنى پۈتۈن ئاختىلىق چاق ئىدى) دەپ تەبىر بەرگەن. دېمەك، دىڭلىنلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن قاتناش قورالىغا قاراپ، ئۇلارغا « ئېگىز ھارۋىلىقلار » دەپ نام قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. رۇس ئالىملىرىدىن بىرىنىڭ قىياسىچە، « گاۋجۇي — گاۋگۇي، يەنى گاۋگۇر / ئوغۇر » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن. چۈنكى، « گاۋجۇي » نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى Ke'u ki ياكى gi — go، بۇ « غو – غىر / ئوغىر » غا يېقىن كېلىدىكەن. بۇ بىر خىل تەسەۋۋۇر. ئەمما، شۇ نەرسە روشەنكى، ئالتاي تىللىرى (جۈملىدىن ئۇيغۇر، مانجۇ تىللىرى) دا « ھارۋا » نى بىلدۈرىدىغان « توخرى » سۆزى شۇ رايوندا (كۇسان ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن) دا ياشىغان « ئابدال – گاۋگۇي » ئۇلۇسىغا نام بولۇپ قالغان. بۇ سۆز ھىندۇ – ياۋروپا تىللىرىدا « توخار » بولۇپ ئۆزلەشكەن. قوچۇ – كۇچار ئەللىرى بۇددا نوملىرىنى بىۋاسىتە « ئەنەتكەك » (ئۇيغۇلار ھىندۇلارنى ئەنەتكەك

دەيتتى ) تىلىدىن ئەمەس ، ئۆزلىرىگە نەسەبداش ( تەگ تىلى تۈركىي ) بولغان توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلغان- لىقىمۇ ، توخرى ( توخار ) خەلقىنىڭ گاۋگۇي نەسلىدىن ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ .

« تېلې » — بۇ نام توغرىسىدىمۇ ھەر خىل قى- ياسلار بار . بۇ بىر مۇرەككەپ ئۇلۇس . 6 ـ ئەسىرگىچە « تۈرۈك / تۈرك » لەر مەزكۇر ئۇلۇس تەركىبىدە ئىدى . كۆك تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن ، تې- لېلار تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ ، بۇنىڭ تەركىبىدىكى تۈرلۈك قەۋم ـ ئۇلۇسلار ئۆز ناملىرى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتتى . لېكىن ، تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى سۈپىتىدە ياشىدى . ئورقۇن ئابىدىلىرىدىكى « توققۇز تۆ- لەس » ئىبھتىمال « توققۇز تېلې » بولسا كېرەك ، دېگەن قاراش بار . بەزى ئالىملار ( مەسىلەن ، فېڭ جياشېڭ ) « تېلې » — « تۈرك » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن قى- ياسنى بايان قىلغان . « تېلې » نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى diak –liek ، يەنى « تەك ـ رەك / تېگرەك ـ تىگاراك » . بۇ نام ياكى شۇ ئۇلۇسنىڭ ئۆزى قويغان نامى ياكى قوشنا قەۋملەر قويغان نام بولسا كېرەك . ھىرودوت باشلىق يۇنان ـ رىم ئاپتورلىرى خەزەرنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ targitaos دېسە ، ئارال كۆلىنىڭ شەر- قىدىكى قەۋملەرنى saka – tegrakhuda دەپ ئاتىغان . تېگرا خۇدانى ئىبرانى تىلىدا togharma دەپ يازغان . « تارگىتا » ياكى « تېگارا » ۋە ياكى togharma بولسۇن ، بۇ ناملار « تېلې » ( تېگاراك ) قا يېقىن كېلىدۇ . « تىگرا » نى ھىند ـ ياۋروپا تىللىرى بويىچە تەھلىل

قىلىغاندا ، تېگرا — يوغان ، زور ، كۈچلۈك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . ئەگەر مەزكۇر ئۇلۇس ئۆزلىرى قويغان ياكى قوشنا قەۋملەر تەرىپىدىن قويۇلغان نام دەپ قىياس قىلىنسا ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « تىغراق » ( « باتۇر » ، « غەيرەتلىك » ) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ . بۇ سۆز زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈرلۈك تىللاردا ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنغان ( مەسىلەن ، ئىبرانى تىلىدا توغارما ؛ ئىران تىلىدا تاگار / تاغار ) . قەدىمكى ھىندۇ تىلىدا « دوگار » بولسا « زور ، كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك » مەنىلىرىنى ، « تاگرا » بولسا « يوغان ، زەبەردەست ، كۈچتۈڭگىر » مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ قىياسلارنى خۇلاسىلىغاندا ، « دىڭلىن » ياكى « تېلې » بولسۇن ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى « تىغراق » سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن پىكىر مەلۇم دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ . « دىڭلىن » ياكى « تېلې » ھەرگىز « تۇرا » نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئەمەس . « تۇرا » قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « قورغان — پوتەي » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

### ساكا

خەزەر ( ھىركانىيە ، يەنى كاسپىي ) دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى قەۋملەرنى قەدىمكى زامان ياۋروپا تارىخچىلىرى « ساكا » دەپ ئاتىغان . بۇ سۆزنى ئاپتورلار ئۆز مىللىي تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە ، بەزىلىرى « ساكا » / « سكىت » ( Sacae ياكى Scyt ) ۋە بەزىلىرى « سكىف » ( Scytha ) دەپ يازغان . پەقەت ھىرودوت « ساكا » دەپ

يـازغـان . « سكىت » بىلەن « سكىف » بىر سۆزدۇر . يۇ-
نان تىلىدا « سكىف » ـــ تاغ مەنىسىنى بىلدۈرسە كېرەك .
چـۈنكى ، يۇنان تىلىدا « سكىف ئالان » دېگىنى « تاغ
ئالانلىرى » ( ياكى تاغلىق ئالانلار ) ، « ئائورس ئالان »
دېگىنى « قەلئە ـ قورغان ئالانلىرى » دېــگەنـلىكـتۇر .
« ساكا » دەپ ئاتالغان بۇ خەلق بۇرۇنقى زاماندا ئورال
تـېغى ئېــتەكلىرىدە ياشــغانـلىــقى ئۈچۈن ، تۈركىي
تىلدا « تاغ ئېتىكى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « سا-
قـا » سۆزى ئۇلارغا نام بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم . ئۇ زا-
مانلاردا قەۋم ـ قەبىلىلەرگە كۆپىنچە ئۆزلىرى ياشىغان
جايلار ( جىلغا ، دەريا بويلىرى ) مىللىي نام بولۇپ
قالاتتى .

### يۈيىسى ، يۆسى ( يۆجى / رۇتزى )

خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان بۇ نام خەلق
نـامىدۇر ، شۇنداقلا بۇ خەلق ئۆزى قويغان ياكى قوشنى-
لىرى قويغان نامدۇر . تارىم ئويمانلىقىغا شەرقتىن كەلگەن
قەۋم يۈيىسى ئىدى . يۈيىسى ( 愚氏 ) ئەڭ قەدىمكى يېزى-
لىشى بولۇپ ، بۇ gu – ci دەپ ئوقۇلىدۇ . مىلادىيىدىن
تەخــمىــنەن 3 ـــ 4 ئەسىر بۇرۇن ، بۇ خــەلـقنىڭ نامى
« يۆسى ( يۆجى / رۇ تزى ) دەپ يېزىلىدىغان بولغان .
بۇ خەلق ئاساسەن قۇلان تېغى ( گەنسۇدا ) ۋە كۆكنۇر
بويلىرى ھەم قۇرۇقــتاغـنىڭ شەرقىــدە ياشايتتى . يۆجى
( 月氏 ) مۇ تەلەپپۇز بويىچە تەرجىمە قىلىنغان نام . ھا-
زىرقى زامان خەنزۇ تىـلىــدا yue – zhi دەپ ئوقۇلىدۇ .
قەدىمكى زاماندا بولسا ، تەخمىنەن يېرتسى ، يورجى ، ئى-

ۋەتجى ، ئىنئەتجى دەپ ئوقۇلاتتى . « يۆ » خېتى مىلادىيە-
دىن كېيىن ngiwo – نگو دەپ ئوقۇلغان . ئىران تىلىدىكى
« ئاگوز » نى خەنزۇچە « ئايۆ » ( ئايۆخۇن ) دەپ ياز-
غان . تۈركىي قەبىلىلەردىن « چۈگۈل / چىگىل » نى
« چۈيۆ » ، يەر نامى « كۈنگۈس » نى « كۆڭيۆ » دەپ
يازغان . دېمەك ، « يۆ » خېتى kūs ، gōt ، gōz ، gil دەپ
ئوقۇلغان . « يۈيسى » ياكى « يۆجى » نىڭ ئەسلى تە-
لەپپۇزىنى مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ : 1 . يۈيسى —
گۇز ( ئۆكۈزنىڭ قىسقارتىلمىسى ) بولۇپ ، كېيىن
ئوغۇز / غۇز ئاتالغان خەلقنىڭ نامى . « گۈيسى »
ياكى « گۈيزى » ( كۇچا ) دېگەن ناممۇ شۇنىڭدىن كې-
لىپ چىققان ، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ . 2 . « يۆجى » —
بىر خىل قىياستا « گۈز » / « ئۆگۈز » ، يەنى « ئوغۇز »
بولۇپ ، « يۈيسى » نىڭ كېيىنكى ئاتىلىشى ، بۇ بىر خىل
قاراش ؛ ئىككىنچى خىل قاراشتا « يۈرتەچى » —
كۆچۈپ يۈرگۈچى ، كەزگۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈ-
رىدۇ ؛ شۇنىڭدەك « يورتچى » دەپ ئوقۇلىدىغان بولسا ،
سۆرۈلۈپ يۈرگۈچى ، ئاستا يۈرگۈچى مەنىلىرىنى بىلدۈ-
رىدۇ .

رۇەن رۇەن ياكى رو رولار بولسا ئاۋارلاردۇر .

ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتنىك
مەنبەلىرىدىن بىرى — تىغراق ( تىغار ، تەگرە ، تۈركۈ ) ،
قويار قوش ( ياكى قوچى قوريار ) ، ئوغۇرقۇن ( ئوغۇز
كىشىلىرى ) بايقال - ئېدىل ، ئالتاي بويلىرىدىكى كەڭ
يايلاقتا ۋە يارىش يازىقى ( جوڭغارىيە ) ئويمانلىقىدا ياشى-
غان ؛ ئېتنىك مەنبەلەردىن يەنە بىرى — گۈز ( ئۆگۈز ) ،

« كۆچ »، « يورتچى » ، تىلك ـ سار ، توخرى ۋە ئاۋارلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ، تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان . شۇڭا ، ئۇيغۇلار ناھايىتى كۆپ قەۋم ـ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن « توققۇز ئۇيغۇر » ياكى « توققۇز ئوغۇز » دەپ ئاتالغان .

# ئىككىنچى باب

## قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلار

ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىپ قەدىمكى ئادەملەر
باسقۇچىغا يەتكەندە ، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بىخ-
لىنىپ چىققان . بۇ باسقۇچ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن كونا
تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ .
بۇ چاغدا قەدىمكى ئادەملەر خېلى ئۇزاققىچە غار ـ ئۆڭ-
كۈرلەردە نىسبىي ھالدا ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان . كونا
تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ، مۇز دەۋرى
( « توپان بالاسى » ) ئۆتكەندىن كېيىن ، ھاۋارايى ئىل-
لىپ ، ئىنسانلار غار ـ ئۆڭكۈرلەردىن چىقىپ ، تۈزلەڭلىك-
لەردە ياشىغان ياكى باشقا جايلارغا كۆچۈپ يۈرۈدىغان
بولغان . شۇنىڭ بىلەن پائالىيەت دائىرىسى كېڭەيگەن .
مۇز ئېقىن تەسىرىگە بىۋاسىتە ئۇچرىمىغان رايونلار
( جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ) دا ئادەملەر چېدىر ـ ساتمىلار
تىكىپ ، كۆچمەن ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىق بىلەن ياشى-
غان . بارا ـ بارا ئىپتىدائىي گۇرۇھلار ئۇرۇق بولۇپ شە-
كىللەنگەن . مانا بۇ دەسلەپكى ئانىلىق ئۇرۇقلىرى ئىدى .
ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى ۋۇجۇتقا كې-
لىپ ، بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈپ بىرلىكى بولدى . ئۇرۇق ئەزا-

لىرى تۇرالغۇ ، ئەمگەك ، ئىستېماللاردا بىللە ياشايتتى .
ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتـلىرىنى بارغانسېرى زىچلاشتۇرغان . ئادەملەر ئۆلۈم هادىسىلىرىنى چۈشەنمەيدىغان چاغلىرىدا ، ئۆلگەن هەمراھ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئەرۋاهلىرى ئۆلمەيدۇ ، دېگەن ئۇقۇم تۇغۇلغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئۆلگەنلەرنى ئەسلەيدىغان بولۇپ ، دەسلەپكى يەرچۈلار ( قەبرىلەر ) ۋۇجۇتقا كەلگەن . جەسەتنى كۆمۈشنىڭ بەلگىلىك ئۇسۇلى پەيدا بولغان ، هەتتا جەسەتنى قەبرە بۇيۇملىرى بىلەن كۆمگەن . مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، دىنىي چۈشەنچىلەر بىخلانغان .
ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بىلەن بىللە ئۇرۇقلارنىڭ توتېملىق چوقۇنۇشلىرىمۇ پەيدا بولغان . ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز ئەجدادلىرىنى مەلۇم هايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئىشەنگەن ، ئەنە شۇ هايۋان ياكى ئۆسۈملۈك ئۇلارنىڭ توتېمى بولۇپ قالغان . توتېم ئۇرۇقنىڭ هامىيسى هېسابلىنىپ ، هەر خىل قورال ـ سايمانلار ۋە بىنالارغا توتېمنىڭ بەلگىسى سىزىلغان . دېمەك ، توتېم ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان تەبىئەتكە چوقۇنۇشتۇر .

## 1 . قەدىمكى دىنىنىڭ ماهىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتى

باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن . ئۇلارنىڭ دەسلەپكى دىنى شەكلەن ناتورالىزم ، يەنى تەبىئەتپەرەسلىك ، ماهىيەتتە بولسا

سىمۋولىزم ، يەنى تىمسالچىلىق ئىدى . قەدىمكى خەلقلەر « جەمئىيەتكە ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىگە تىمسال ( سىمۋول ) دەپ ھېسابلىغان نەرسىلەرگە تېۋىناتتى . توتېمىزم دەۋرىدە بۇنداق تىمساللار ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر بولسا ، ناتۇرالىزم دەۋرىدە ، تەبىئىي مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەر ئىدى » . بۇ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ ، مەلۇم ئىشەنچ ۋە يوسۇن تۈسىنى ئېلىپ ، رەسمىي دىنىي ئەقىدىلەرگە ئايلانغان .

ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ، ئاۋۋال ئاياللار ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقى ئۈچۈن ، ئاياللارنى مۇقەددەس بىلىش چۈشەنچىسى پەيدا بولغان . ئايال روھاناتىغا تېۋىنىش ئانىلىق ـ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ شەكىللەنگەن . ئانىلىق ـ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى بارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا باغلىق ھالدا ۋۇجۇتقا كەلگەن . باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ، ئىلگىرى ئەرلەر ئوۋچىلىق بىلەن ، ئاياللار يىغىمچىلىق ياكى ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئاياللارنىڭ ئەمگىكى تۇرمۇش ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەت ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئىجتىمائىي ھاياتتا يۇقىرى ئورۇن تۇتاتتى . ئانىنى قەدىرلەشتىن ئانا روھاناتىغا تېۋىنىش كېلىپ چىقتى . ئانا روھاناتى بارا ـ بارا سىرلىق قۇدرەتكە ئايلاندى . يەر يۈزىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ياشىغان تۈرلۈك قەۋملەر ئىچىدە بۇ ئومۇمىي ھادىسە ئىدى . مەسىلەن ، قەدىمكى گرېكلەردە ئايال مەئبۇدە ئادىنە ئەقىل ـ پاراسەت مەئبۇدىسى ئىدى . ياپونلاردا ئايال كاھىن مەئبۇد بىلەن كىشى

لىك ئارىسىدىكى ۋاستىچى ، دەپ ئۇلۇغلىناتتى .
ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئاتىلىق ــ ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىغا ئۆتكەندە ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئار-قىسىدا ، دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى . ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئور-نىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغىمۇ تەسىر قىلدى . بالدۇر جۈپلۈك نىكاھ شەكلى « قىزغا بېقىنىش » ( يىگىت قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىش ) ئىدى . ئەمدىلىكتە بۇ شەكىل ئالماشتى . ئۆي ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ، ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە ئۇزاق تۇرۇۋېرىشىغا توغرا كەل-دى . جۈپلۈك نىكاھ بارا ــ بارا ئۆزگىرىپ ، بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۇزۇم شەكىللەندى . قانداشلىق سىستېمىسى ئاتىغا قاراپ سانىلىدىغان بولدى . ئاتىلىق ئۇرۇق جاما-ئەسى ياكى ئاتىلىق ئوغۇش جامائەسى بىر ئەجدادتىن كېلىپ چىققان بىر قانچىلىغان ئەر ــ خوتۇنلۇق ئائىلىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتا ، ئىس-تېمالدا ئورتاق بولدى . دىنىي چۈشەنچە جەھەتتە ، ئەجداد روھاناتىنى ئۇلۇغلايدىغان ئەقىدە شەكىللەندى ــ دە ، ئەجدادقا تېۋىنىش مانىزم ( Manism ) دەپ ئاتالدى .
كىشىلەرنىڭ ھايۋانلار ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر ( ئاي ، كۈن ، يۇلتۇز ، ئوت ، چاقماق ۋە باش-قىلارمۇ تەبىئىي ھادىسىلەر جۈملىسىدىن ) گە تېۋىنىش چۈشەنچىسى يۇكسىلىپ ، روھاناتقا ئىشىنىش ۋە بۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ ، ئاشۇ مەخلۇقاتقا ۋە ھادىسىلەرگە ھۆ-كۈمرانلىق قىلىدىغان قۇدرەت بار دېگەن ئېتىقاد كېلىپ چىقتى . ئەنە شۇنداق قۇدرەت ئىگىسىنى ئاتا ــ بوۋىلى-

رىمىز « تەڭرى » دەپ ئاتىدى. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( 3 ـ توم ) دا شۇنداق دەيدۇ: « . . . ئاسماننى تەڭرى دەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەر قانداق نەرسىنى — ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ تەڭرى دەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەملەرنى تەڭرىكەن دەيدۇ. »

دەسلەپتە، كۆپ تەڭرىچىلىك ( پولىتېىزم Polytheism) دىنى پەيدا بولدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئەقىدىلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، دىنىي چۈشەنچىلىرى مەركەزلەشتى. كۆپ تەڭرىچىلىكتىن ئۈچ تەڭرىچىلىك، ئىككى تەڭرىچىلىك ۋە بىر تەڭرىچىلىك كېلىپ چىقتى. جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ دىنىي ـ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا تېئولوگىيە ئاللاھىدە بىر پەن بولۇپ شەكىللەندى. بۇ يۇنانچە teos ( تەڭرى ) ۋە logos ( سۆز ) دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان ئاتالغۇ بولۇپ، « تەڭرىچىلىك » ( ئەرەبچىدە ئىلاھىيەت ) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

## 2. ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار

### توتېمىزم

توتېمىزم ـ توتېمغا تېۋىنىش. توتېم ( totem ) ئىندىئان تىلىدا « قاياشى »، « تۇغقىنى »، « جەمەتى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە،

ئالتاي - ئورال تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان باشقا قەدىمكى
خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ ھەر
بىر ئۇرۇقنىڭ مەلۇم شەيئى بىلەن ئالاھىدە تۇغقانچىلىق
مۇناسىۋىتى بار دەپ ئىشىنەتتى؛ مەزكۇر شەيئى ( كۆ-
پىنچە ھايۋانلار ) شۇ ئۇرۇقنىڭ توتېمى — ھىمايىچىسى
ۋە تىمسالى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، تەڭرىتاغنىڭ شەر-
قىي قىسمىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبلىرىدا ياشىغان « قوش »
ئېلى ئۆكۈزنى خاسىيەتلىك ھېسابلايتتى. ئۇلار بىرەر ھە-
رىكەت قىلماقچى ( ھەربىي يۈرۈش ياكى كۆچۈش ھەرى-
كەتلىرى ) بولغاندا، ئاۋۋال قوش ( بىر جۈپ ئۆكۈز ) نى
قويۇپ بېرىدىكەن. قوش بېرىپ چۆككەن يەردە ماكان
تۇتىدىكەن. جەڭدە قوش ئالغا ئىلگىرىلىسە يۈرۈش قى-
لىۋېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار « قوش قۇيارلار » دەپ ئاتال-
غانىكەن. بۇنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا « گۇيەن
گۇشى » ( كېيىن جۈشى ~ چېشى ) قىلىپ يېزىلغان.
« تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ توغرا تەبىرى » ۋە فېي تيې-
نىڭ « شەرھنامە » سىدە يېزىلىشىچە، « قوش » بى-
لەن « گۇش » ئىككىسى بىردۇر. « گۇ » بىلەن « گۈ »
( جۈ ) نىڭ تەلەپپۇزى يېقىن؛ بۇ ئېھتىمال « ئۆگۈز »
( ئوغۇز ) نىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم-
كى، « قوش قويارلار » نىڭ قەدىمكى زامانىدىكى توتېمى
« ئۆكۈز » بولسا كېرەك. قەدىمكى قەۋملەر ئىت، ئېيىق،
يولۋاس، بۆرە، كېيىك، ئۆكۈز، قۇشلارنى توتېم دەپ
تونۇپ، شۇلارغا، ھەتتا ئەپسانىۋى جانۋار — ئەجدىھاغا
تېۋىنغان. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، يېيىش قەتئىي مەنئى قى-
لىنغان ( ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ بەزى قە-

بىلىلىرى ئىت ، كىيىكنى توتىم قىلىپ تېۋىنىدۇ ) . بەل-
گىلىك چاغلاردا توتېمغا تېۋىنىش رەسمىيەتلىرى ئۆتكۈ-
زۈلگەن .مەھمۇد قەشقەرى « باراق » ( بىر خىل ئوۋ ئى-
تى ) توغرىسىدا مۇنداق ئىزاھلىغان : « باراق — پاخماق
يۇڭلۇق ئوۋ ئىتى . تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىچە ، بۈركۈت قې-
رىغاندا ئىككى توخۇم تۇغۇپ ، ئۇلارنى باسار ئىمىش ؛
تۇخۇملارنىڭ بىرىدىن باراق ئاتلىق كۈچۈك چىقار ئى-
مىش ، ئىتلارنىڭ ئەڭ يۈگرۈكى ۋە ھەممىدىن ئوبدان ئوۋ
قىلالايدىغىنى شۇ باراق ئىتى بولار ئىمىش ؛ ئىككىنچى
تۇخۇمدىن بۈركۈتنىڭ چۈجىسى چىقار ئىمىش ، بۇ ئۇ-
نىڭ ئاخىرقى چۈجىسى بولار ئىمىش » ( تۈركىي تىللار
دىۋانى » ، 1 ـ توم ) . دېمەك ، بۇ رىۋايەت « ئىت » تو-
تېمىدىن قالغان سارقىت بولسا كېرەك . توتېملارنىڭ ئات-
لىرى قاياش ـ جەمەتلەرگە نام قىلىنغان . زامانلارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن توتېملار خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا
باغلىق ئاساتىر ـ ئەپسانىلارغا ئايلانغان ، كېيىنرەك بەزى
مەخلۇقلار خەلقنىڭ قەدىرلەيدىغان ، مۇقەددەس ياكى
قۇتلۇق دەپ ھېسابلايدىغان جانۋارلىرىغا ئايلانغان . مە-
سىلەن ، ئۇيغۇرلار ھەتتا 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردىمۇ
توغرۇل قۇشى ( شۇڭقاردىن چوڭراق قۇش ) نى ئە-
زىزلىگەن ؛ شۇڭا « ئۇيغۇر » سۆزىنى خەنزۇچە خەتتە ئى-
پادىلەشتە « توغرۇل » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ( خۇ
鹘 ) خېتىنى قوللىنىش توغرىسىدا مەلۇم شەرتنامىلەر تۈ-
زۈلگەن . بۇ قۇشنىڭ نامى بەزى ئەربابلارغىمۇ ئات قىلىپ
قويۇلغان ( مەسىلەن ، توغرۇل تېگىن دېگەندەك ) . ئوغۇز
خان ئەۋلادىن كۆك خان ئۇرۇقلىرى لاچىننى ، ئاي خان

ئۇرۇقلىرى قارچىغىنى، كۈن خان ئۇرۇقلىرى شۇڭقارنى، دېڭىز خان ئۇرۇقلىرى چاقىرنى ئۇلۇغلىغان. توتېمىزمغا چېتىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئاساتىر - ئەپسانىلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۆرە، دەرەخ، قۇتلۇق نۇردىن تۆرەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ ( بۇ 3 - بابتا سۆزلىنىدۇ ).

ئۇنىڭدىن كېيىن، هۇنلار، غۇزلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئايلانغان بەزى قەۋملەر ( تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان دىڭ - سېر، يەنى دى، چياڭلار ۋە يۆزى، يەنى گۆزلەر ) ئەجدىهانى ئۇلۇغلايدىغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان. « خەننامە » دە هۇن تەڭرىقۇت ئوردىسىنى ئەجدىها شەهىرى دەپ يازغان. ( ياپون ) لۇڭچۈەن زىيەنىنىڭ « تارىخنامە شەرھىيلىرىنىڭ دەلىللىرى » دېگەن ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ جەنۇبىدا تاللۇر ئوخ دېگەن كۆل بار، كۆلدە ئەجدىها بار ئىمىش. شۇڭا، 5 - ئايدا شۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر قىلىدىكەن . . . سۇي كونىڭ دېيىشىچە، غەرب غۇزلىرى ئەجدىهاغا تېۋىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يىغىلىش ئورنىنى ئەجدىها شەهىرى دەيدۇ. « كېيىنكى خەننامە » دە، هۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە هەر يىلى ئۈچ ئەجدىها ئىبادەتخانىسىدا كۆك تەڭرىگە نەزىر قىلىدۇ، دەپ يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەجدىها بىلەن يالماۋۇز سۆزلىرى مەنىداش قوللىنىلىپ، « بۆكە » دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( 3 - توم ) دا مۇنداق ئىزاهلانغان: « بۆكە — ئەجدىها، يالماۋۇز. يەتتى باشلىغ يەل بۆكە — يەتتە باشلىغ يەل بۆكە ». يالماۋۇز

كېيىن جانلىق تىلدا « يەلمۆگۈز » بولۇپ كەتكەن . 8 ـ ئەسىردە خەنزۇ تىلىدىكى « لۇڭ » ( ئەجدىها ) ئۇيغۇر تىلىغا « لۇ » دەپ قوبۇل قىلىنغان . « يۇياڭ زازۇ » دېگەن كىتابتا ، ئىككى يەردە كۇچار ئەجدىهاسى توغرىسىدا بايان قىلىنغان . ئېيتىلىشىچە ، قەدىمكى كۇچار پادىشاھى ئاچۇر ئاقتاغنىڭ شىمالىدىكى ئەجدىهانى ئۈچ قېتىم تەسلىم قىلـ غانىمىش ؛ كېيىن ئەجدىهاغا مىنىپ ساياھەت قىلغانىمىش .

« ۋېينامە » دە تۇيغۇنلار ئارىسىدا ئەجدىها ئات ، ئەجدىها تاي توغرىسىدا تارقالغان رىۋايەت قەيت قىلىنـ غان . ئېيتىلىشىچە ، كۆكنۇرنىڭ ئايلانمىسى 1000 چاقىدـ رىمدىن ئاشىدىكەن . كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك تاغ بار ئىكەن . ھەر يىلى قىشتا مۇز تۇتقاندا ، ياخشى بايتاللارنى ئاشۇ تاغقا ئاپىرىپ قويىدىكەن ؛ باھاردا ياندۇرۇپ كەلـ گەندە ھەممە بايتاللار بوغاز بولىدىكەن ـ دە ، تۇغقان تايـ لىرىنى ئەجدىها پۇشتى ، دەپ ئاتايدىكەن . تۇيغۇنلار پارس ئېتىنى قولغا كەلتۈرۈپ كۆلگە قويۇپ بېرىپتىكەن ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان تاي كۈنىگە 1000 چاقىرىم يۈرىدىـ كەن . شۇنىڭ بىلەن جاھانغا كۆكنۇر قۇلىنى دېگەن رىۋايەت تارقالغانىكەن .

**مانا**

ئىسپتىدائىي جەمئىيەتتە تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىـ دىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان « مانا » دېيىلـ گەن بىر مەنىۋى قۇۋۋەت بار ئىدى . بىرەر نەرسىگە ئۆز ئىشلىرىنى باغلىق دەپ قاراپ ، شۇ نەرسىنى مۇقەددەس بىلەتتى . كىشىلەر بىزگە ياخشىلىق ياكى مەنپەئەت يەتـ

كۆزگەن شەيئى دەپ مۇقەددەس ھېسابلىغان ئۆسۈملۈك ( مەسىلەن، بىرەر دەرەخ )، تەبىئىي مەۋجۇداتتىن ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بىرەرسىنى « تەڭرى » دەپ بىلىش شۇنىڭغا تېۋىنغان. چۈنكى، شۇ نەرسىدە مەنىۋى قۇۋۋەت بار، ئۇ بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

« مانا » قەدىمكى لاتىن تىلىدا ( manes ) « روھ »، « ئەرۋاھ »، « جان »، « كۆزگە كۆرۈنمەس نەرسە »، « ئۇ دۇنيالىق » دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. « مانا » ھازىر ئوكئانىيە مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىدا « جىن – ئالۋاستى »، « نەسلىك » دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىكەن. دېمەك، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە « مانا » سۆزى « مەنىۋى كۈچ »، « تەڭرى قۇدرىتى » دەپ چۈشىنىلگەن.

### ئۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى « ئۆز » گە ئىشىنەتتى. ئادەمنىڭ بەدىنىدە « ئۆز » بار دەپ بىلەتتى.

ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بىلسىمۇ، بارچە تىرىكلىكنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى چۈشەنمەيتتى. ئەمما، ئىنسان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنى قانداقتۇر جانلىق مەۋجۇدات سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇرۇق – قەبىلىلەر روھنىڭ بارلىقىنى ۋە مەڭگۈلۈكىنى شۇ زامان سەۋىيىسىگە يارىشا قىياس قىلاتتى. بۇنىڭغا « ئۆز » دەپ نام بەرگەنىدى. بۇ سۆز ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا « ھۇش »، « خۇد »، « ئەس » مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، « ئۆزىدىن كەتمەك » ( ھوشىدىن كەتمەك )،

« ئۆزىگە كەلمەك » ( ھوشىغا كەلمەك ) ۋە باشقىلار .
مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى »
دا ، « ئۆز » سۆزىنىڭ بىر قانچە مەنىسىنى بەرگەن :
1 . ئۆز — جىلغا ، تاغ ئۆزى ؛ 2 . ئۆز — ئۆز كىشى ،
يېقىنى ؛ 3 . ئۆز — يۈرەك ۋە قورساققا ئوخشاش ئىچكى
ئەزالار : ئۆزۈم ئاغرىدى — قورسىقىم ئاغرىدى ؛
4 . ئۆز — ئۆزەك ، تومۇر ، يىغاچ ئۆزى — ياغاچ ئۆزىكى ؛
5 . ئۆز — ئۆز قۇنۇقى – بەدەن ( گەۋدە ) دە ھەرىكەت
قىلدىغان نەرسە ، روھ ، جان .
مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( 3 –
توم ) دا مۇنداق دەپ يازغان :

مىڭ كىشى يولۇغى بولۇپ ئۆزۈڭە ،
بەرگەلەر ئۆزۈن ئانىڭ كۆزۈڭە .

( مىڭ كىشى پىدا بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ، بەرگۈسىدۇر جېنىنى ئۇنىڭ كۆزىگە ) .
ئۆز سۆزى بۇ شېئىردا جان مەنىسىدە كەلگەن .
مەھمۇد قەشقەرى يەنە قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە بولغان ئەقىدىلەردىن روھ مەنىسىدىكى « تەگى » توغرىسىدىمۇ چۈشەنچە بەرگەن : « تەگى — كېچىلەردە ئاڭلىنىدىغان گۈڭ – گۈڭ ئاۋاز . تۈركلەر شۇنداق قارايدۇكى ، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ھەر يىلى بىر كېچە توپلىنىپ ، ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا ياشىغان شەھەرلەرگە كېلىپ ، شەھەر ئاھالىسىنى زىيارەت قىلىدۇ . كېچىدىكى مۇشۇ ئاۋازغا كىم ئۇچراپ قالسا ، ئۆلىدۇ . بۇ تۈركلەردە كەڭ تارقالغان چۈشەنچە » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ،

3 ـ توم ) . دېمەك ، قەدىمكى ئادەملەر « ئۆز » ( روھ ـ ئەرۋاھ ) ئۆلمەيدۇ ، ئۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ ، بەدەنلىرى يا- شىغان ماكانلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ ، دەپ ئىشىنەتتى .

ل . ز . بۇداگوف « تۈرك ـ تاتار تىللىرىنىڭ لۇ- غىتى » دېگەن ئەسىرى ( 1987 ـ يىلى ، 1 ـ توم ) دە « ئۆز » سۆزى ياخشى ، توغرا سۆز ، تازا ، ئىچ ، ئوتتۇرا ، يۈرەك ، مېڭە ، ماھىيەت دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ شەرھىلىگەن .

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « ئۆز » نى « روھ ـ مەڭگۈ- لۈك » دەپ بەرگەن مەنىسى ۋاقىت نۇقتىسىنەزەرىدىن قا- رىغاندا ، ئۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرىگە يېقىن ئىدى . دېمەك ، بىر مۇنچە تارىخىي مەنبەلەردە تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردە تۈرلۈك روھلارغا ، ئەجدادلار روھىغا سېغىناتتى .

### قۇت

قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز « مانا » نىڭ مەزمۇ- نىغا دالالەت بېرىدىغان ۋە « مانا » دىن يەنىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە بولغان « قۇت » دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن . ئەجدادلىرىمىز قۇتلۇق دەپ تونۇلغان مەۋجۇداتلارغا ئىبا- دەت قىلاتتى . « قۇت » بىر تۆۋرۈك سۈپىتىدە ئاسماندىن چۈشكەن نۇر دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە « قۇت » چۈشكەن ئاسمان نۇقتىسىنى « ئالتۇن قوۋۇق » ( ئالتۇن ئىشىك ) دەپ ئاتىغانىدى .

مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « قۇت » توغرىسىدا مۇنداق بىر تەبىر بەرگەن : « قۇت ـــ

بەخت ، دۆلەت » . قۇتلۇق سۆزىمۇ شۇنىڭدىن ياسالغان .
شېئىردا مۇنداق كەلگەن :

قۇت قۇۋىغ بەرسە ئىدىم قۇلىڭا ،
كۇندە ئىشى يۇكسەپەن يۇقارۇ ئاغار .
( قۇت ــ دۆلەت بەرسە ئىگەم قۇلىغا ،
كۇندە ئىشى يۇكسىلىپ يۇقىرى ئۆرلەر )

يەنە :
قۇتسىز قۇدۇغقا كىرسە قۇم ياغار .
( بەختسىز قۇدۇققا كىرسە قۇم ياغار )

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇبىلىك »تە
« قۇت » نى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

تابۇغدا كەلىپ قۇت قابۇغدا تۇرۇر ،
قابۇغدا تۇرۇغلى تابۇغدا تۇرۇر .
( خىزمەتكە كېلىپ قۇت قوۋۇقتا تۇرۇر ،
قوۋۇقتا تۇرغىنى خىزمەتكە تۇرۇر )

بۇ قۇت كەلسە يالڭۇق قۇتازۇر كۆنى ،
تۇمەن ئارزۇ بىرلە تالۇلاپ يەر ئاش .
( بۇ قۇت كەلسە ئىنسانىنىڭ ئىشى قۇتاتۇر ،
تۇمەن ئارزۇسىغا يېتىپ تويۇپ يەيدۇ ئاش )

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەردە ،

« قۇت » توغرىسىدا مۇنداق بايانلار بار :

1 . « قۇت — قۇت ، بەخت ـ سائادەت ، قۇتلاش ، مۇقەددەس ، روھ » ( باك ۋە گابائىن : « ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر » ) .

2 . « قۇت — ئۇلۇغلۇق ، ھەيۋەت ، ھەزرەت ، ئەزىمەت » ( پ . پىللىئوت « قالياناماقارا ۋە پاپامقارا تېگىنلەر ھەققىدە ھېكايە » ) .

3 . « قۇت — ئۇنسۇر ، ئېلېمېنت ؛ قۇت قولۇنماق — قۇت مەرھەمىتى ، قۇتقا ئىلتىجا ؛ ئانت ئىچمەك » ( « تۈركىي تۇرپان تېكىستلىرى » ) .

4 . « قۇت بەرگەيمەن » ( « ئىرق بىتىگ » ) .

5 . « تەڭرى قۇتىنىتا — تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىدە » ( « خۇئاس تۇئانىفت » ) .

6 . « قۇت قولۇ يۇكۈنتۇمۇز — قۇت تىلەپ نامازئوقۇيمىز » ( « خۇئاس تۇئانىفت » ) .

7 . « تۇكەل قۇت بولماقىڭىز ( بولزۇن ) — تۈگەل ـ تولۇق بەخت ـ تەلىيىڭىز كەلسۇن » ( فون لېكوك « قوچۇدىن تېپىلغان مانى ھۆججەتلىرى » ) .

8 . « يەر ـ سۇ قۇتى ئىرىنۇر ، ئوت ـ سۇ قۇتى ئىغلايۇر ، يىغاچ قۇتى ئۇلىيۇر — يەر ـ سۇ قۇتى ئېگرايدۇ ، ئوت ـ سۇ قۇتى يىغلايدۇ ، دەرەخ قۇتى ھۇۋلايدۇ » ( « مانى ھۆججەتلىرى » ، II ) .

9 . « ئانىڭ ئۇلۇغ قۇتىڭا — ئۇنىڭ ئۇلۇغ قۇتىغا » ( مۇللېر « ئۇيغۇرچە » I ، II ، III ) .

10 . « قاڭىم قۇتى — ئاتام قۇتى » .

« بۇرخان قۇتى — بۇددا قۇتى » ( پېللىئوت

« تېگىنلەر ھېكايىسى » ) .

11 . « ئايىتەگرى پاتتى قۇتۇلۇك ئۇزە — ئايىتەگرى قۇتۇلۇك ئۇستىگە پاتتى » ( « تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى » ) .

بۇلاردىن باشقا ، « قۇت » نىڭ « تەلەي » ، « تەقدىر » ، « بەرىكەت » مەنىلىرىمۇ بار . بۇ سۆز ھازىرمۇ جانلىق ۋە ئەدەبىي تىللىرىمىزدا « قۇتلۇق » ، « قۇتلۇق بولسۇن » ، « قۇتلاش » ، « قۇتاتسۇن » دېگەندەك قەدىمكى مەنىلىرى بويىچە ئەينەن قوللىنىلىدۇ ؛ كىشىلەرگە ئات قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئەرلەرگە قۇتلۇق ، ئاياللارغا قۇتاشخان دەپ ئىسىم قويۇلىدۇ .

« قۇت » سۆزى بىلەن قوشۇپ قوللىنىلىدىغان « ئىزۇق » سۆزىمۇ بار . بۇ سۆز ھەققىدە مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مۇنداق تەبىر بەرگەن :

« ئىزۇق — قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە ، ئىرىملىق نەرسە . ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال — ئىزۇق دېيىلىدۇ ؛ ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ ، ئىگىسى ئۇنى بىرەر ئىشقا ئاتاپ ساقلايدۇ » . « بۇ سۆز ‹ ئىزى › دىن ياسالغان بولۇپ ، ئىزى — ئىگە ، تەگرىمۇ ئىزى دېيىلىدۇ . ئىزىمىز يارلىقى — ئىگىمىز ، يەنى تەگرىنىڭ يارلىقى » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ) . قۇت سۆزىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇبىلىك » تىمۇ « مۇقەددەس ، مۇبارەك ، بەخت ـ تەلەي » مەنىسىدە قوللانغان . مەسىلەن :

بۇقاچ نەك بىرىكسە بىرەگۈ ئۆزە ،

ئانىڭدىن يىرار ئۇل ئىزۇق قۇت تەزە .

( بىرەر كىمدە بىر قانچە نەرسە بىرىكسە ،
ئۇنىڭدىن بەخت ـ تەلەي يىرىپ تېزىپ كېتىدۇ )

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستـ لەردىمۇ « ئىزۇق » سۆزى « كۆندۈرۈلگەن » ، « خاسـ يەتلىك » ، « مۇبارەك » ، « ئەزىز » مەنىلىرىنى ئاڭلىتىپ كەلگەن . « ئۇلۇغ ئىدىقۇت بۇيۇك ئۇيغۇر ئېلى » نىڭ قاـ غانلىرى « ئىدۇق قۇت » نى قاغانلىق رۇتبە ، ئۇنۋان قىـ لىپ قوللانغان .

## ئلي - كۈن

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەبىئەتكە چوقۇنۇش جەريانىدا ، كۈن ( قۇياش ) نىڭ هاياتلىقتىكى تەڭداشسىز رولىنى ، كۈننىڭ كۈندۈز ۋە ئاپتاپنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىـ كىنى چۈشىنىپ ، كۈنگە تېۋىنىشكە باشلىغان . ئاينى تۈننى يورۇتقۇچى قۇدرەت ، ئاينىڭ تولۇش ۋە كېمىيىش قانۇنىيىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ هادىسىنىمۇ بىر كارامەت دەپ قىياس قىلغان . شۇنىڭ بىلەن كۈنتەڭرى ، ئايتەڭرى دېگەن ئەقىدە پەيدا بولغان .

لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان ۋە ئادەتتە ئارخېئوـ لوگلار تەرىپىدىن « كروران گۈزىلى » دەپ ئاتالغان قاتـ قان مۇردىنىڭ تارىخى كەم دېگەندە 4000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى زاماندىن باشلىنىدۇ . مۇردا تېپىلغان جايدىكى قەبرە ئۈستىگە ياغاچ قوزۇقلار بىلەن كۈننىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن . بۇ هال مەزكۇر مۇردا مەنسۇپ بولغان قەـ

بىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭمۇ كۈنتەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى مەلۇم .

« تارىخنامە » نىڭ « هۇنلار تەزكىرىلىرى » دە مۇنداق يېزىلغان : « هۇن تەڭرىقۇت كەڭرۇ سەهەردە كۈنگە تازىم قىلىپ ئىرىكچىلىكنى باشلايدۇ ، كەچتە ئايغا تازىم قىلىدۇ » . يەنە « ئارام ئايدا ، ئۇلۇغ ــ ئۇششاق هەممىسى تەڭرىقۇت كەڭرۇ ئوردىسىنىڭ ئىبادەت ئورنىغا يىغىلىدۇ . 5 ـ ئايدا هۇمايۇن ( ئەجدىها ــ بۆكە ) شەهىرىگە يىغىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ، ئاسمان ـ زېمىنغا ، جىن ـ ئەرۋاهلارغا نەزىر قىلىدۇ . »

« تارىخنامە » دە يەنە مۇنداق يېزىلغان : « بىرەر ئىش قىلماق بولغاندا ، يۇلتۇز ۋە ئايغا قارايدۇ . ئاي تولۇن ـ ئايدىڭ بولسا ، هۇجۇمغا ئۆتىدۇ . ئاي كەمتۈك بولسا ، چېكىنىدۇ » . بۇ ئادەت تۈركىي خەلقلەردىمۇ بولغان . « سۈينامە » نىڭ « تۈرك تەزكىرىسى » دە : « ئايغا باقىدۇ ، ئاي تولۇن بولسا بۇلاڭ ــ تالاڭغا چىقىدۇ » دېيىلگەن ( بۇ يەردە هەربىي يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى « بۇلاڭ ــ تالاڭ » غا چىقىدۇ دېگەن ) .

ئايغا تېۋىنىش خەلق ئارىسىدا سارقىت بولۇپ قالغان . « ئاينى قول بىلەن ئىشارەت قىلسا يامان بولىدۇ » دېگەن چۈشەنچە هېلىمۇ بار . مەهمۇد قەشقەرى زامانىدىمۇ بۇ ئادەتنىڭ قەدىمدىن بۇيان كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرگەن مىسالدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ : « ئاي تولۇن بولسا ، ئەلكىن ئىملاماس » ( ئاي تولۇن بولسا ، قول ـ ئىلكى بىلەن ئىملىماس ) .

## *كۆكتەڭرى ۋە بوزتەڭرى*

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ناتۇرىزم دەۋرىدىكى تەڭرىلەرنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلگەن : بىرى كۆكتەڭ-رى ، يەنە بىرى بوزتەڭرى ، يەنى ئاسمان تەڭرىسى ۋە يەر تەڭرىسىدۇر . ئۆز نۆۋىتىدە كۆكتەڭرىسى بىر تەڭرى ئە-مەس ، بەلكى ئىككى قات ئاسماننىڭ تەڭرىلىرى ئىدى . ئاسماننى ئۈستۈنكى قەۋەت ۋە يەرنى ئاستىنقى قەۋەت دەپ بۆلگەن . ئۈستۈنكى قات ئاسماننىڭ تەڭرىلىرى مۇكاپات تەڭرىلىرى ، ئاستىنقى قات ئاسماننىڭ تەڭرىلىرى مۆ-جىزات تەڭرىلىرى ، دەپ چۈشىنىلگەن . ئەمما ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز كۆك ( ئاسمان ) نى توققۇز قات ( يەنى نۇرغۇن قات ) دەپ پەرەز قىلغان . ئەنە شۇ توققۇز قات كۆكنى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى دەپ ئىككى قەۋەتكە بۆلگەن . كۆكتەڭرىلىرى توغرىسىدىكى مۇنداق بۆلۈنۈشلەر ياقۇتلار ( ساقۇتلار ) دا ساقلانغانلى-قىنى رۇس تەتقىقاتچىلىرىدىن ۋ . ل . سېروشېۋسكىي 19 — ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياقۇتلار ئارىسىدا تەكشۈرۈپ مەلۇ-مات بەرگەن .

ياقۇتلاردا تەڭرىلەر ئىككى قولغا بۆلۈنىدىكەن : توققۇز ئاغا ئۇزا ، سەككىز ئاغا ئۇزا .

تەڭرىلەردىن چارپاي تەڭرىسى بەشىنچى ئاسماندا شەرقتە تۇرىدىكەن ، بۇ قۇدرەتلىك ، باي ، خەيرىخاھ تەڭرى ئىكەن ؛ ئالا ۋە قارا هايۋانىنى يارىتىدىكەن . باي — باياناي ( ئوۋچىلىق تەڭرىسى ) كۆپىنچە ، ئورمانلاردا ، دالىلاردا يۈرىدىغان تەڭرى بولۇپ ، ئوۋچىلار ئوۋدا ئو-

گۈشسزلىققا ئۇچرىسا ياكى بىرەرسى ئاغرىپ قالسا ، بىر قارا « ماندا » قۇربان قىلىدىكەن . باشقا ( ھەر خىل ) تەڭرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە قېرىنداشى كەمبەغەل ئائىلىلەرنىڭ تەڭرىلىرى بولۇپ ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى بېلىقچىلارنىڭ ، بىر قىسمى چوپانلارنىڭ ئاسرىغۇچىلىرى ۋە چارپايلارنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىكەن .

سەككىز ئاغا ئۇزا — ياقۇتلاردا ئاستىنقى قولغا مەنسۇپ تەڭرىلەر . بۇ ئاستىنقى تەڭرىلەرنىڭ باشلىقى ئۇلۇغ تويۇن . بۇ تەڭرىلەر ئىنسانلارغا يېقىن تۇرغىنى ئۈچۈن ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىي ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرى زىچ بولىدىكەن . بۇلار ئاسماننىڭ غەربىدە ئۈچىنچى قات ئاسماندا تۇرىدىكەن . مەسىلەن ، ئۇلۇغ تويۇن يەرگە سەۋەبسىز چۈشمەيدىكەن ، ئەگەر پۈتى يەرگە تەگسە يەر تىترەيدىكەن .

ۋ . رادلوفنىڭ « سىبىرىيەدىن » دېگەن كىتابىدا ، ئالتاي تۈركلىرىنىڭ تەڭرى چۈشەنچىلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان : ئالتاي تۈركلىرى بارلىق دۇنيانى تۈرگۈن قەۋەتلەردىن تەركىب تاپقان ، دەپ ئىشىنىپ ، ئىككى تۈركۈمگە بۆلىدىكەن : بىرى ، يورۇقلۇق دۇنياسى . ئۇ 17 قات بولۇپ ، بارلىق روھلار ، تەڭرىلەر يورۇقلۇق دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قاتلىرىدا ياشايدىكەن ؛ بۇلار ئاجىز ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىدىكەن ، ھىمايىسىگە ئالىدىكەن ، كۆككە ئېلىپ چىقىدىكەن . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، يورۇقلۇق ( نۇر ) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دوستى ، تەبىئەتتىكى بارچە ھاياتىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆزەتچىسى . يەنە بىرى ، قاراڭغۇلۇق دۇنياسى . ئۇ ئاستىنقى يەتتە ياكى توققۇز

قاتتىن ئىبارەت ئىكەن ؛ قاراڭغۇلۇق ( زۇلمەت ) نىڭ تۆ-
ۋەنكى قاتلىرىدا بەتبەخت روھلار بىلەن چىپلىشىپ ، ئىنـ-
سانلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە قارشى تۇرىدىغان ، نۇرغۇن
جەڭ ــ جېدەللەر ئارقىلىق يامان روھلارنى تۆۋەنگە ،
مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇققا سۈرگەن تەڭرىلەر تۇرىدىكەن .
يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق قاتلىرى ئارىسىدا ئىنسانلارنىڭ
تۇرار ماكانى بولغان « يەر يۈزى » جايلاشقان بولۇپ ،
ئىككى دۇنيانىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشايدىكەن . 17 قات
ئاسماننىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ، يەنى 17 ــ قاتتا بارلىق
تەڭرىلەرنىڭ ئاتىسى بولغان « تەڭرى قاراخان » تۇ-
رىدىكەن . يەر ئاستى دۇنياسىنى تۈركلەر « ياغىز يەر » ،
ئوغۇزلار « قارا يەر » دەپ ئاتىغان .
« جۇنامە » نىڭ « ياتلار دىيارى » بۆلۈمىدە ،
تۈركلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان : « قاغان ھەمىشە ئۆ-
تۈكەن تېغىدا تۇرىدۇ . قاغان چېدىرىنىڭ ئىشىكى كۈن-
پېتىشقا ئېچىلىدۇ ، كۈن چىققان تەرەپنى ئۇلۇغلايدۇ . ھەر
يىلى ئېسىلزادىلەرنى باشلاپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەدىم جا-
يىدا نەزىر قىلىدۇ . ئۆتۈكەندىن 400 ــ 500 يول كېلىـ-
دىغان يەردە ئېگىز تاغ بار . ئۈستىدە ئوت ــ گىياھ ،
دەل ـ دەرەخلەر يوق ، ئۇنى بوزتەڭرى دەيدۇ ، شيا تىلىدا
يەر تەڭرىسى دېگەنلىك بولىدۇ . »

### يەر ــ سۇ ۋە ئوغلان

ئىنسانلار باشلانغۇچ تەبىئەتچىلىك ئېتىقادى دەۋ-
رىدىكى تەڭرىلەرگە « يەر ــ سۇ » دەپ ئات قويۇشقان .
بۇ تەڭرىلەر يەر ۋە سۇنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان . قە-

دىمكى ئەجدادلىرىمىز كىچىك بۇدۇن ( كىچىك ئەل ) ، ئوتتۇرا بۇدۇن ( ئوتتۇرا ئەل ) ۋە چوڭ بۇدۇن ( چوڭ ئەل ) دەپ دائىرىلەنگەن . بۇدۇن ياكى ئەل بىر ئاغۇشتىن بولغان قەۋملەرنىڭ يىغىندىسى . يەر - سۇ تەڭرىلىرى كىچىك بۇدۇننىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇپ ، ئۇلار تۆت خان دەپ ئاتالغان ؛ شەرقتىكى قەۋمنىڭ كۆك خان ، جەنۇبىتىكى قەۋمنىڭ قىزىل خان دەپ ئاتىلىدىكەن . ھەربىر قەۋمنىڭ يەر - سۇ تەڭرىسى ئۆز قەۋمىنى قان دەۋاسىغا ، ھۇجۇم قىلىشقا ، جەڭگە زوقلاندۇرىدىكەن . يەر - سۇ تەڭرىلىرىنىڭ « چىۋى » دېگەن جىن ئەسكەرلىرى بولار ئىمىش . « چىۋى » توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ( 3 - توم ) دا مۇنداق يازغان : « چىۋى — جىنلار گۇرۇھىدىن بىرىنىڭ ئېتى . تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى ، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشسا ، ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ . جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە ، ئەتىسى شۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ . كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسىبىرى يېڭىلسە ، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ مەغلۇب بولىدۇ . تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ ، چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە . »

ئوغان — ئومۇمىي بۇدۇن ( ئەل ) نىڭ تىمسالى بولغان تەڭرىنىڭ ئېتى . ئالتاي تۈركلىرىنىڭ دىنىي

چۈشەنچىسىدە « ئوغان » نىڭ ئوغۇللىرى « سۇخان » ، « تۆمۇرخان » ، « ئوت خان » ، « يىغاچ خان » . سۇخانىنى قاراخان ، تۆمۇرخاننى ئاق خان ، ئوت خاننى قىزىل خان ، يىغاچ خاننى كۆك خان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان .

ئوغان يەر ــ سۇ تەڭرىلىرىنى قان دەۋاسىدىن ، باسقۇنچىلىقتىن توساپ قالىدىكەن . ئەمما ، كۆپىنچە قان دەۋاسى ۋە باسقۇنچىلىق « بۇدۇن » نىڭ تاشقىرىسىدا بولىدىكەن ، بۇدۇن ئىچىدە بولمايدىكەن . ئوغان بۇ تەرتىپ ــ قائىدىلەرنى چىڭ ساقلايدىكەن ۋە بۇدۇن ئىچىدىكى ھەمدەملىكنى قوغدايدىكەن .

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن ئالاھىدە خىسلەتلىك بولغان ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ ، ھەر ئوغلىنىڭ يەنە تۆتتىن ئوغلى بولغان . بۇلاردىن 24 قەۋم ۋۇجۇدقا كەلگەن . ئوغۇزخاننىڭ ۋەزىرى ( ئۇيغۇر ) ئىرقىل ئاتا ئوغۇز ئېلىنى 24 قەۋمگە رەسمىي بۆلۈپ ، ھەر بىرىگە بىر نام ، بىر تەڭرى ، بىر ئۇنغۇن ( ئوغان ) ، بىر تامغا بەرگەن . چوڭ ئوغۇللىرىغا كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز سىمۋول بولۇپ ، چوڭ ئوغۇللارنىڭ ناملىرىمۇ ئاشۇ سىمۋول بىلەن ئاتالغان . كىچىك ئوغۇللىرى ــــ كۆك ، تاغ ، دېڭىز خانلارمۇ شۇنداق بولغان . ئوغۇزخان ئۆزى ئۇلۇغ ئوغان بولغىنىدەك ، ئوغۇللىرى ئوتتۇرا ئوغان ، نەۋرىلىرى كىچىك ئوغان ھېسابلانغان . ئوغۇزخان قاراخاننىڭ ئوغلىدۇر . قاراخان سۇخاننىڭ تاقابىلىدۇر . قاراخان ئومۇمىي ئەلنىڭ تەڭرىسى ، ئوغانى ئىدى .

« ئوغان » پۈتۈن تەڭرىلەرنىڭ ئاتىسى بولغاچقا ،

ئۇ ھەممىگە قادىر ھېسابلانغان . « ئاللاھ » ، « خۇدا » سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ، ئادەتتە « ئوغان » سۆزى كەڭ قوللىنىلغان . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە : « ئوغان — ھەر نېمىگە كۈچى يېتىدىغان ، ھەممىگە قادىر ، قۇدرەتلىك . ئوغان تەڭرى — قۇدرەتلىك تەڭرى . »

ياقۇتلار ۋە ئالتاي تۈركلىرى ( تۇۋالار ) قەدىمكى زاماندا دىڭلىنلار ۋە ھونلار ئىتتىپاقلىرىدىكى قەۋملەر ئىدى . ئۇلارنىڭ نەسەب جەھەتتىن دىڭلىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى .

### 3 . جىن ــ ئەرۋاھلار دۇنياسى

دۇنيانىڭ ھەممە خەلقلىرىدە بولغىنىدەك ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ روھ ــ ئەرۋاھ ۋە جىن ــ ئالۋاستىلار چۈشەنچىسى كەڭ تارقالغان . يۇقىرىدا ئېيتىلغان « مانا » ۋە « ئۆز » ( روھ ــ جان ) تۈرلىنىپ ، بۇنىڭدىن ( باشقا دىنىي ئېتىقادلارنىڭمۇ تەسىرى بىلەن ) « چۇر » ، « يەك » ، « يەل » ، « ئۇڭگۇزىن » ، « ئاباجى » ، « قۇۋۇج » ۋە باشقىلار كېلىپ چىققان .

**چۇر ~ چور**

تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرى « مانا » دىن تاشقىرى يەنە بىر قانچە ئەرۋاھلارنى « ئىزۇق » ، يەنى « مۇبارەك » ۋە « مۇقەددەس » بىلىپ ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۇلارغا ئىشەنگەن . ئەنە شۇنداق ئەرۋاھلاردىن بىر قىسمى « چۇر » ياكى « چور »

دەپ ئاتالغان. بۇلار «ئاق چور»، «قارا چور» دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئىلگىرى، يەر - سۇ مۇئەككىللىرى ۋە تەڭرىلەرمۇ ئەرۋاھ سۈپىتىدە چۈشىنىلگەنىدى. «چور» ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلانغان ئەرۋاھلاردىن بىرى ئىدى. كېيىنچە، «چور» بەگ - خانلارغا بېرىلىدىغان رۇتبە، مەنسەپ بولۇپ قالغان. مەسىلەن، تۇدۇن چور (قاپاغان قاغاننىڭ بۇرادەرلىرىدىن)، بۆگۈ چور، تاردۇش ئىنانچۇ چور، كۈل چور، ئەلچى چۈركۈچ بارس ۋە باشقىلار (تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغان - بەگلىرىنىڭناملىرى).

## يەك

ئەرەبچىدىن «شەيتان» ياكى «جىن» سۆزىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز «يەك» سۆزىنى ئىشلەتكەن (بەزى تىلشۇناسلار «يەك» نى سانسكرىتچىدىكى «يەكسا» سۆزىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان سۇغدىچە سۆز دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ).

مەھمۇد قەشقەرى «يەك» سۆزىگە «شەيتان» ۋە «جىن» دەپ ئىزاھ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق ماقالنى كەلتۈرگەن: «بىلمىش يەك بىلمە دۆك كىشىدەن يەگ - بىلمىگەن - تونۇمىغان كىشىدىن بىلگەن - تونۇغان شەيتان ياخشى» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم).

## يەل

«يەل - جىن، جىن شامىلى. ئەر يەلپىندى - ئادەمگە يەل (شامال) داربدى، يەنى جىن

چاپلاشتى » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ) .

« يەل قۇۋۇچ بىتىكى — يەل ( جىن ) دارىغانلىققا قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا ـ ئەپسۇن » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ) .

« قۇۋۇچ — جىن تەگكەنلىك ئىپسرى . بۇنداق ئادەمنى داۋالاشتا يۇزىگە سوغۇق سۇ سىپىپ تۇرۇپ ، قۇۋۇچ ـ قۇۋۇچ دېيىلىدۇ ، ئادراسمان ۋە ئۇد ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ . بۇ سۆز قاچ ـ قاچ ، ھەي جىن قاچ ـ قاچ سۆزىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك » ( تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ) .

« ئاباچى — ئالۋاستى ـ ھۆجۈ . بالىلارنى قورقىتىش ئۈچۈن ، ئاباچى كەلدى — ھۆجۈ كەلدى دېيىلىدۇ » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى ، 1 ـ توم ) .

ھەممە دىنلاردا « جىن ـ ئالۋاستى » ،« ئەرۋاھ »، « جان » ، « شەيتان » دېگەن چۈشەنچىلەر بار . شۇڭا ، دىنغا ئىشىنىدىغان ھەر قانداق مىللەتتە بۇ ئەرۋاھلار ئۆز تىللىرىدا ھەر خىل ئاتالغان . بۇ ئىنسانىيەتتىكى ئورتاق ھادىسە .

## قورۇق

« قورۇق » — قوغدىلىدىغان مەنىسىدىكى سۆز . بۇنى « تابۇ » دەپمۇ ئاتايدۇ . تابۇ — بىر ئادەمنى ياكى بىرەر شەيئىنى مۇقەددەس ، يەنى ئىدۇق دەپ بىلىپ ، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا ياكى ئۇنى قوللىنىشقا بولماسلىق . بۇ بىر خىل ئېتىقاد ، « قورۇق » ياكى « تابۇ » — « مانا »

ۋە « توتېم » دىن پەيدا بولغان خاس ئىسىم . قاغان ياكى
بەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئىسمى « قورۇق » بولىدۇ . ھېچ-
كىم ئۇنىڭ ئىسمىنى يىل بويى ئاغزىغا ئالمايدۇ . قاغان
ياكى بەگ بىلەن ئاتداش بولغۇچىلارمۇ ئۆز ئىسىملىرىنى
يەڭگۈشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ . ۋاپات بولغان قاغان ياكى
بەگنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ .
بەزى ھايۋانلارنى ئۆلگۈچىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى
ئۈچۈن مۇكاپات قاتارىدا ئەركىن - بوش قويۇۋېتىدۇ .
بۇلارنىمۇ « ئىدۇق » دەپ قورۇق ھېسابلايدۇ .

## 4 . شامانلىق ۋە تويۇنلۇق

بۇ چاغقا قەدەر تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمكى - ئېپتىدائىي دىنى « شامانلىق »
( شامانىزم ) دەپ قاراپ كېلىندى . تۈركىيە تارىخچىسى
زىياگۆكئالپىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ( « تۈرك مەدە-
نىيىتى تارىخى ») ، شامانلىق — سېھىرگەرلىك سىستې-
مىسىدۇر . شامان — كاھىن ۋە سېھىرگەر دېگەنلىكتۇر .
« شامان » ئەسلىدە « خام ~ ھام / شام » سۆ-
زىدىن كېلىپ چىققان . قەدىمكى تۈركىي تىلدا « قام —
قامان » دېيىلەتتى . بۇ ئەرەبچىدە « كاھىن » دېيىد-
لىدۇ ( كھن - كەھەنە — ئالدىن بىلىش ، پال سېلىش
دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن « كاھىن » ياسالغان بولۇپ ،
پالچى ، ئالدىن بىلگۈچى ، نەزىر - قۇربانلىق باشقۇرغۇچى
دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ) . ھازىرمۇ ئالتاي تۈركلى-
رىدىن تۇۋا ، تۆلەنگۈتلەر « قامدان » ، « قامۇق » ( شا-
مان ، شامانلىق ) دەيدۇ ؛ سېھىر قىلماقنى « قامدا » دەي-

دۇ . مەسىلەن ، « چىن ئۆلۈردى قام ئالباس » ( چىن ـ راست ئۆلىدىغاننى قام قۇتقۇزالماس ) دېگەن ماقالمۇ بار . دېمەك ، « شامان » نىڭ ئەسلى مەنىسى سېھىر قىلغۇچى ، ئەرۋاھشچى ( ئەپسۇنچى ) دۇر .

شامانلىق پائالىيىتىدە ، مۇقىم ئىبادەتخانا تەسىس قىلىنمايدۇ ؛ يېزىلغان نوم ـ بېتىكلىرى بولمايدۇ . شامانىلىقمۇ تەڭرى ۋە ئەرۋاھلارغا ئىشىنىدۇ . شامانىلىق ئېتىقادى بويىچە ، ئالەمنى ئۈچ قاتقا بۆلىدۇ . ئۈستۈنكى ئالەم — ئۇجماخ ( جەننەت ) بولۇپ ، ئۇ يەر تەڭرىلەر ماكانىدۇر ؛ ئوتتۇرا ئالەم — يەر يۈزى بولۇپ ، بۇ يەردە ئىنسانلار تۇ-رىدۇ ؛ ئاستىنقى ئالەم — تامۇ / تامۇغ ـ دوزاخ ) بولۇپ ، ئۇ يەردە جىن ـ شەيتانلار تۇرىدۇ . قام ( شامان ) دېگەن « يەلۋى » ( سېھىرگەر ) بارلىق قۇدرەتنى ئۆزىگە مۇ-جەسسەملەندۈرگۈچى سۈپىتىدە ، جىن ـ شەيتانلارنى ئىشقا سېلىپ ، « يىگ » ( كېسەل ) داۋالايدۇ ؛ شۇنىڭ-دەك « ئىرق » ( پال ) بېقىپ ، ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن ۋە كەلگۈسىدىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ . قەدىمكى زامان-دىكى كىشىلەر« يەلۋى » ( سېھىرگەر ) لەرنى تەڭرىنىڭ زاھىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان . ئادەتتە تۇغۇلۇش ، قېرىش ، ئاغرىش ، ئۆلۈش ، بېيىش ، يوقسۇللۇق ، كەم ھوسۇل ئې-لىش ، يارىشىش ياكى ئۇرۇشۇش دېگەندەك ئىشلاردا كى-شىلەر « يەلۋى » سۆزىگە قۇلاق سالاتتى . شۇ سەۋەبتىن شامانلىق — يەلۋىلىك ئېتىبارلىق كەسىپكە ئايلىنىپ ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىش شەكىللەنگەنىدى . ئەر شامان ئوغلىغا ، ئايال شامان كېلىنىگە ئۆگىتەتتى . پەقەت ئاز ساندىكى « تۇغما » سېھىرلىك كارامىتىگە ئىگە بول-

غانلار « پىر - ئۇستاز شامان ھېسابلىنىپ ، ئەرۋەش - ئەپسۇن ۋە ئىرق - پال ھۈنىرىنى ئاغزاكى ئۆگەتكۈچى » كەسپىي يەلۋى بولۇپ قالاتتى .

شامانلارنىڭ دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ توتېملىرى بولاتتى . شامان ئۆز توتېمىنى ناھايىتى مەخپىي جايدا ساقلايتتى . چۈنكى ، توتېمى ئۆلسە ، شامانمۇ ئۆزىنى ئۆلگەن ، دەپ بىلەتتى . شاماننىڭ خۇسۇسىيىتى ئۆز توتېمىنىڭ خۇلق - پەيلىگە باغلىق ئىدى . توتېمى توشقان بولغان شامان ئىنتايىن چەبدەس - چاققان بولاتتى ؛ توتېمى تۈلكە بولغان شامان ناھايىتى ھىيلىگەر بولاتتى ؛ توتېمى ئارسلان بولغان شامان ناھايىتى ئەزىمەت ، يىگىتتەك بولاتتى . دېمەك ، شامان ئۆز توتېمىنىڭ ئەكس ساداسى ۋە تىمسالى ئىدى .

ئائىلىق توتېمچىلىق دەۋرىدە ، ئائىلىق ئاتداشلار بولاتتى . ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ، ئائىلىق توتېمچىلىق بىلەن بىللە ئائىلىق ئاتداشلارمۇ ئايرىلىشقا باشلىغان . ئائىلىق ئاتداشلار بۆلۈنگەندىن كېيىن ، شامانلار ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان ئاتداشلارنىڭ توتېمىنى ئۆزلىرىگە خاس قىلىپ ئىگىلىۋالدى . نەتىجىدە ، شامانلار ئائىلىق توتېمچىلىقتىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىش بىلەن بىللە ، ئائىلىق ئاتداشلارنىڭ ئورنىنى باستى . شامانلىقتا ، خوتۇنلارنىڭ ئورنى يۇقىرى ئىدى . ئادەتتە شامانلار ئاساسەن خوتۇنلاردىن چىقاتتى . « خەبىنامە » نىڭ « ھۇنلار تەزكىرىسى » دە ، ھۇنلاردا « ھەممىشە كاھىنلىق قىلىش ئادىتى بار » دېيىلگەن . « يىغلاگغۇ خانزادە تەزكىرىسى » دە : « غۇز ئايال كاھىن ئورماندا

ئەرۋەيدۇ ، ھۇنلارنىڭ ئاشۇنداق سېھرگەرلىك ھۇنىرى
بار » ، « خەن قوشۇنى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ ، ھۇنلار
كاھىنلارنى ئىشقا سېلىپ ، قوشۇننىڭ كېلىدىغان يوللىرى
ۋە سۇ يولىغا قوي - كالىلارنى كۆمۈپ ، قوشۇنغا جۇدا
قىلدۇردى » ( « خەننامە » نىڭ « غەربىي يۇرت تەزكىـ
رىسى » ) دەپ يېزىلغان . « ۋېينامە » نىڭ 102 ـ جىلد ،
« 90 ـ تەزكىرە » نىڭ « غەربىي يۇرت » بابىدا ، گاۋـ
جۈيلەر ( قاڭقىللار ، يەنى ئۇيغۇرلار ) ھەققىدە بايان قىـ
لىنىغاندا : « يېشىن ـ چاقماقنى ياخشى كۆرىدۇ . ھەر قېتىم
يېشىن چاقنىغاندا ۋارقىرىشىپ كۆككە رەھمەت ئېيتىپ ،
تۇرغان يەرلىرىنى تەرك ئېتىدۇ . كۈز بولغاندا ، ئات ـ
يىلقىلىرى سەمرىگەندە ، يېشىن چاقنىغان ماكانغا قايتىپ
كېلىدۇ ، قوچقارنى كۆمۈپ ، ئوت ياقىدۇ . قىلىچلىرىنى
ئوينىتىدۇ . ئايال كاھىن ئەپسۇن ئوقۇيدۇ . چەۋەندازلار
ئاتلىرىنى قويۇندەك يۈگۈرتۈپ ، يۈز قېتىم ئايلىنىدۇ . ھەر
بىرى بىر باغلامدىن تال شېخىنى تىكىپ ، سۈت ـ ئايران
بىلەن سۇغۇرىدۇ . . . » دەپ يېزىلغان .

دوسسوننىڭ « موڭغۇللارنىڭ تارىخى » دا يېـ
زىلىشىچە : « ئۇيغۇرلار بۇرۇن شامانىزمغا ئېتىقاد قىلاتـ
تى . قام ( كاھىن ) لار شامان دېيىلەتتى » ، « شامانلار
ئىپتىدائىي دىننىڭ ئۇستازلىرى ئىدى ، ئۇلار يەنە ئەرـ
ۋەشچى ( ئەپسۇنچى ) ، يۆرۈكچى ( چۈش تەبىرچىسى ) ،
پالچى ، يۇلدۇزچى ( مۇنەججىم ) ، ئەمچى ( تېۋىپ )
ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرەردىن ئەرۋاھنىڭ مۇئەكـ
كىلى ئىدى . ئۆتمۈشتىن ، بۈگۈندىن ، كەلگۈسىدىن بېـ
شارەت بېرەتتى . دۇمباق چېلىپ ئەرۋەيتتى ، بارا ـ بارا

ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈپ، ھۇشىدىن كېتەتتى. ئېسىر چاپلىشىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ساماغا چۇشەتتى. ياخشىلىق - يامانلىق توغرىسىدا بىلجىرلايتتى. ئادەملەر كىشىلىك ھاياتىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى شامانلاردىن سورايتتى. بۇ ئىشەنچ كەڭ تارقالغاندى.»

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق يازغان: «قاملار قامۇغ ئەرۋەشتى — ھەممە كاھىنلار ئەپسۇن ئوقۇدى. يۈز - كۆزگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۇف - كۆچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.»

«قام» سۆزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 10 — 11 - ئەسىرلەردىمۇ ئوتاچى (تېۋىپ) سۆزى بىلەن بىر قاتاردا «داخان»، «ھەكىم» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. بۇنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇنۇ بېيىتلاردىن بىلىش مۇمكىن:

كەرەك تۈت ئوتاچى كەرەك ئەرسە قام،
ئۆلۈكلىكە ھەرگىز ئاسىغ قىلماس ئەم.
(مەيلى چاقىر تېۋىپنى ياكى كەلسۇن قام،
ئۆلۈمگە ھەرگىز پايدا قىلماس ئەم).

بۇ بېيىتتە «ئەم» سۆزى «داخان» مەنىسىدە كەلگەن.

قامۇغ ئىگكە ئوت ئول ئەمى بەلگۈلۈگ،
ئول ئىگ ئەملەگۈچى قامى بەلگۈلۈگ.

( ھەممە كېسەلگە دورا - داۋا بەلگۈلۈك ،
ئۇ كېسەلنى داۋالىغۇچى تېۋىپ بەلگۈلۈك ) .

بۇ بېيىتتە « قام » سۆزى « تېۋىپ » بىلەن مەنىداش بولۇپ كەلگەن .

سەنىڭدە تۇرۇر كۆر بۇلارنىڭ ئەمى ،
ئوتاغلى دارۇ بىرلە بولغىل قامى .
( سېنىڭدە تۇرۇپتۇ بۇلارنىڭ ئەمى ،
داۋالا دورا بىرلە بولغىل ھەكىمى )

بۇ بېيىتتە « قام » سۆزى « ھەكىم »، يەنى ئۇستا مەنىسىدە كەلگەن .

## تويۇنلۇق

« تويۇن » — مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « تويىن » دەپ يازغان . « تويىن — ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنىڭ دىنىي باشلىقى . بۇ بىزدىكى ئىمام ۋە مۇفتىلارغا ئوخشايدۇ . تويىن ھەر ۋاقىت بۇت ئالدىدا بولۇپ ، كىتابلارنى ۋە ھۆكۈملەرنى ئوقۇيدۇ . » ۋ . باڭ ۋە ئا . فون گاباشنلار « ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى » دېگەن ئەسىرىدە ، « تويىن » ئېھتىمال خەنزۇچىدىكى « داۋ-رېن » ( 道人 — مۇھەررىردىن ) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك ،دەپ يازغان . تويۇن ( تويىن ) راھىب دېمەكتۇر .

« داۋ » ( تو ) يول ، ئۇسۇل ، ھۈنەر ، ھېكمەت

مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . قەدىمكى سېھىرگەرلىكتىن تەرەق-قىي قىلىپ ، بەلگىلىك دىنىي ئەخلاقىي كۆز قاراش ، دۇنيا قاراش ۋە ئىدىيە سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن . « تويىن » ( تويۇن ) ـــ ئەنە شۇ تەلىم ۋە نۇقتىئىنەزەرنى هاسىل قىلغان ۋە تەرغىب قىلىدىغان پازىل شەخس .

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇ ئاتالغۇنى قوبۇل قى-لىپ ، ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم سىستېمىغا كىرگەن دىنىي كۆز قاراش ۋە تەلىماتلىرىنى بىلگۈچى ۋە ئۆگەتكۈچى بىلىك-لەرنى « تويىن » ( تويۇن ) دەپ ئاتىغان .

تـويۇنلار ئەجدادى هېسابلانغان « يەر - سۇ » مۇ-ئەككىلىگە ياكى تەڭرىگە ۋە ئۆزلىرى خاس بولغان تو-تېملىرىغا ياكى روهقا تېۋىنىپ ، مۇراجىئەت قىلاتتى . شا-مانلارنىڭ تۇتىم ، روهلار ۋە تەڭرىلەر هوزۇرىدىكى تە-سىرى « سېھىرىي جاپا ۋە مۈشكۈللۈك » تىن ئىبارەت ئىدى .

تويۇنلۇق « ئوڭ » قولغا ، شامانلىق « سول » قولغا مەنسۇپ ئىدى ، يەنى قەدىمكى دىن « ئوڭ »نى قۇت-لۇق هېسابلايدۇ ، شامانلىق بولسا « سول » نى قۇتلۇق هېسابلايدۇ . تويۇنلۇق ئىرسىيەتلىك بولۇپ ، تەڭرىلەر ۋە باشقا سىمۋوللار تويۇنلارنىڭ ئاتىلىرى هېسابلىناتتى . شا-مانلىق بەزىدە ئىرسىيەتلىك ، بەزىدە كەسپىي ۋە بەزىدە تۇغما بولاتتى . قەدىمكى دىن ئەسلىدە « سېھىرلىك دىنى » ئىدى ، شۇڭا سېھىرنى دىن ئىنكار قىلمايتتى . دىن بىلەن سېھىر باپباراۋەر بولۇپ ، دىنىي ئېتىقادلىرى ئىككى تۇ-زۇمگە ئايرىلغانىدى .

تـويۇنلار دىنىي باشلىق بولۇشى بىلەن بىللە ،

ئەينى چاغدا سىياسىي باشلىقلار ئىدى . مەنسلەن ، ئو-
غۇزنىڭ 24 قەبىلە بېگى بىلەن ئەل بېگى تويۇنلاردىن
ئىدى . دېمەك ، روھانىيلار ئەينى چاغدا هۆكۈمرانلار ئى-
دى . قەدىمكى يۇناندىمۇ قەهرىمانلار تەڭرىلەشتۈرۈلگەن
شەخسلەر بولغان . شامانلار بولسا ، سېهىرگەر هەم كا-
هىن ، ئەسەب ـ نېرۋا ( تۇيغۇ ) كېسەللىكلىرىنى داۋالاي-
دىغان بىر خىل روهانىي تېۋىپلار ئىدى . ئۇزۇيى ( جىس-
مانىي ) كېسەللىكلەرنى داۋالىغۇچىلارنى قەدىمكى
ئەجدادلار « ئوتاچى » ۋە « ئاتاساغۇن » دەپ ئاتىغانىدى .
تويۇنلارنىڭ تەڭرىلەشكەن ئاتىلىرى ۋە خاسلاشقان تو-
تېملىرى هەم ئەرۋاهلارنىڭ هىمايە قىلغۇچىلىرى پۇتۇن-
لەي ئەرلەردۇر . شامانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس قىلىۋالغان
توتېملىرى ۋە هامىيلىرى ئاياللاردۇر . شامانلار مەنىۋى
ئىمتىيازلىرىنى ئۇسسۇل ـ مۇزىكا ، شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ
سېهرىي كۈچلىرى ئارقىلىق كۆرسىتەتتى . تويۇنلارنىڭ
مۇقەددەس كىتابلىرى بولاتتى ، ئۇنى « نوم » دەپ ئا-
تايتتى . جۇۋەينىنىڭ « تارىخى جاهانكۇشاي » كىتابىدا
يېزىلىشىچە ، تۈرك دىنىدە بولغانلار « نومى ، نومى-
يان » ( نومى بارلار ) دېيىلگەن ؛ قاغان هوزۇرىدا نوملار
بىلەن قام ( شامان ) لار بەسلىشىپ سىناشقان . تويۇنلار
قولىدىكى « نوم » نى دەستەك قىلىپ ، مۇنازىرىدە قاملارنى
مەغلۇب قىلغان . نوم هەققىدە مەهمۇد قەشقەرى « تۈركىي
تىللار دىۋانى » دا مۇنداق دەپ يازغان : « نوم — دىن ،
شەرىئەت . تەڭرى نومى — تەڭرىنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى
دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان . هەممە دىنلارغا نوم
دېيىلىدۇ . »

« تۇركچە تۇرپان تېكستلىرى » نى تەتقىق قىلغان ئالىملار « نوم سۆزى قانۇن ، دىن ، ئەقىدە ، ئىشەنچ ،دۇئا ، دىنىي ئەسەر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ ؛ سۇغدىچە نوم ، يۇنانچە نومو( nomos ) دېيىلىدۇ » دەپ چۈشەندۇرگەن .

## 5 . خاسىيەتلىك ھېسابلانغان نەرسە ھەم شەخسلەر

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش جەھەتلىرىدىن مەلۇم نەرسە ياكى شەخسلەرنى قانداقتۇر بىر خاسىيەتلىك ، كارامەتلىك ، دەپ تونىغان . تۆۋەندە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسەن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن :

### يات

« يات ــــ يادا . بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ ، يامغۇر ، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن ، مەخسۇس تاشلار ( يادا تاشلار ) نىڭ ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ . بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا ، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى ، تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى ، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ــ توم ) .

ھازىرمۇ جانلىق تىلدا « يادا قىلدى » ( جودۇ

قىلدى ) ، « يادا قىلىپ ، يامغۇر ياغدۇرۇلدى » ، شۇنىڭ-
دەك ناھايىتى كەپسىز ــ شوخ بالىنى « ئىچىدە يادا تېشى
بارمىكىن » دەيدۇ .

## يېشىن ( چاقماق ) ۋە قاشتاش

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن گاۋجۇي ( گاۋگۈي ،
قاڭقىللار ) دا يېشىننى ئۇلۇغلايدىغان دىنىي چۈشەنچە
بولغان . ھەتتا 10 ــ ئەسىرلەردىمۇ مۇنداق چۈشەنچىنىڭ
كەڭ تارقالغانلىقىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مۇنۇ مىسالىدىن
بىلىشكە بولىدۇ :

« ياشىن ـــ يېشىن ، چاقماق . كىمىڭ بىلە قاش
بولسا ياشىن ياقماس ـــ كىمنىڭ يېنىدا قاشتاش بولسا ،
ئۇنىڭغا يېشىن يېقىن كەلمەس ( تەگمەس ) دېگەن بىر
ھېكمەتلىك سۆز بار . قاشتاش ئاق ، سۈزۈك بولۇپ ، كى-
شىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ . بۇنداق ئۈزۈكنى سې-
لىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ تە-
بىئىتى شۇنداق . بۇ تاشنى بۆزگە ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا ،
بۆزمۇ ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ . بۇ سىنالغان . ئۇسسىغان ئادەم
بۇنى ئاغزىغا سالسا ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ » ( « تۈركىي
تىللار دىۋانى » ، 3 ــ توم ) .

« قاش ـــ قاشتاش . بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش
بولۇپ ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ . بۇنىڭ ئېقىنى
گۈلدۈرمامىدىن ، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە يېشىن چۈشۈشتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ » ( « تۈركىي
تىللار دىۋانى » ، 3 ــ توم ) .

**ئومىي**

ئورقۇن ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ سۆز ئۇچرايدۇ . « ئو- ماي » سۆزىنى ۋىلھېلم تومسۇن ( دانىيىلىك تۈركولوگ ) خاتۇن تەڭرى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ، دەپ تەھلىل قىل- غان . قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە تارقالغان شامانلىقنىڭ « ئاماغات » دېگەن مۇئەننەس ( ئايالغا خاس ) بىر ئەقد- دىسى بار ئىدى . شامانىنىڭ سېھرىي ھۈنىرىنى ئانا كاما- لەتكە يەتكۈزگەچكە ، ئۇلار « ئاماغات » نى ئۇلۇغلايت- تى . « ئاماغات » ياكى « ئوماي » غا تېۋىنىش كەڭ تار- قالغانىدى .

« ئوماي — ئەش ، يولداش ، ھەمراھ . ئايالىلارنىڭ كۆزى يورۇغاندا ، بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە . ماقالدا مۇنداق كەلگەن : ئومايغا تابىنسا ئوغۇل بولۇر — ئەشكە تېۋىنسا ئوغۇل تاپار ؛ كىم تۇغۇت ئىشىغا خىزمەت قىلسا ئوغۇللۇق بولىدۇ . خوتۇنلار بۇنى ياخشىلىققا جو- رۇيدۇ » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ) .

مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئىزاھى بىلەن « ئوماي » نىڭ قەدىمدىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەردە ، خاسىيەتلىك نەرسە ، دەپ ئەقىدە قىلىپ تېۋىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن . ئەمما ، مەھمۇد قەشقەرى « ئوماي » نىڭ ئەش — ھەمراھ دېگەن مەنىسىنىمۇ قەيت قىلغان : « ئەش — ھەمراھ ، يولداش ؛ دوست ـ بۇرادەر . جېنى بار كىشىمۇ ئەشلىك دېيىلىدۇ » ( تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ) .

## خۇمارۇ ( قۇمارۇ )

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بويىچە ئۇلۇغلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئېسىل نەرسىلىرىدىن قاغانغا ھەدىيە قىلىش ئادىتى بار ئىدى. «قۇمارۇ» (خۇمارۇ) نىڭ ئەسلى مەنىسى «ۋەسىيەت» دېگەنلىكتۇر. مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىق جەھەتتە قاغان بولغۇچى ئەينى چاغدا دىنىي جەھەتتە ئوغان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئۆلگەن چوڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىل نەرسىسىنى يادىكار قىلىش «مۇيان» (ساۋاب) بولىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

«خۇمارۇ — يادىكار، ئەستىلىك ئۈچۈن بېرىلگەن مال ياكى نەرسە. چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ مىلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە قاغانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە خۇمارۇ دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەر - ئاياللارغا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ؛ ئۇزۇن سەپەرگە كەتكەن كىشى، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىغا يادىكارلىق قالدۇرغان نەرسىمۇ خۇمارۇ دېيىلىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم).

## قۇلباق

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر بەزى كارامەت كۆرسىتىدىغان ئەۋلىيالارغا ئىخلاس قىلاتتى. شۇلاردىن ئىسمى ۋە كارامىتى تارىخ يۈزىدە قالغىنى «قۇلباق» دۇر.

«قۇلباق — تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى، ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارى-

غاندا ، ئۇ قارا تاشقا تەگرى قۇلى قۇلباق دەپ يازسا ، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن ؛ ئاق تاشقا يازسا ، قارا بولۇپ چىقىدىكەن . ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ــ توم ) .

## 6 . ئۆلۈم مەرىكىلىرى

قەدىمكى زامانلاردا ، ئۆلۈم مەرىكىلىرى ھەر خىل شەكىلدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، قەۋملەرنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرىگە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغاچقا ، جىنازىنى ئۇزىتىش شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولغان . جەسەتنى كۆمۈش شەكىللىرى ۋە ئۆلگۈچىگە ئاتاپ قىلىنىدىغان نەزىر ـ نۇزرات يوسۇنلىرىمۇ بىر تەرزدە توختاپ قالمىغان . تۆۋەندە تارىخىي مەنبەلەردىن بەزى بايانلارنى كەلتۈرىمەن :

« ۋېينامە » نىڭ 91 ــ تەزكىرىسىدە گاۋجۈي ( گاۋگۈي ، قاڭقىلار ) نىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش يوسۇنى مۇنداق يېزىلغان : « ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىشتا ، يەرچۇ ( قەبرە ) كولايدۇ . جەسەتنى قوللىرىدا ئوقيانى كېرىپ تۇرغان ۋە قىلىچ ئاسقان ھالەتتە خۇددى تىرىكتەك جابدۇپ ، يەرچۇدا ئولتۇرغۇزۇپ ، كۆممەي ئۇستىنى ئوچۇق قويىدۇ . يېشىن تېگىپ ئۆلسە ۋە ۋابا تارقالسا ، بەخت ـ ئامانلىق تىلەيدۇ . ئامان ـ ئېسەنلىك بولسا ، شۈكرى ـ سانا ئېيتىدۇ . نۇرغۇن مال سويۇپ ، سۆڭەكلىرىدىن گۈلخان ياقىدۇ ، گۈلخان ئەتراپىنى كۆپ بولسا بىر قانچە يۈز قېتىم ئاتلىق ئايلىنىدۇ . ئۇلۇغ ــ ئۇششاق ئەر ــ ئاياللار يىغلىدۇ . بېتىم ئىشى بولمىغان خاتىرجەملىرى

ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن نەغمە ـ ناۋا قىلىدۇ . مۇسىبەتلىك-
لەر بولسا ، ئاھ ـ ۋاھ قىلىشىپ يىغلايدۇ . »

« سەلتەنەت يۇرگۈزۈش ئۆرنەكلىرى » ( 221 ـ
توم ) دە يېزىلىشىچە : « ئۇيغۇر بىلگە قاغان ئۆلگەندە . . .
ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يوسۇنى بويىچە ، نىڭگو خانقىز
( تاڭ پادىشاھىنىڭ بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلغان قىزى ) نى
بىللە دەپنە قىلماقچى بولىدۇ . خانقىز : « ئۇيغۇر قاغانى
جۇڭگونىڭ ئادىتىنى يارىتىپ ، جۇڭگولۇق قىزنى خوتۇن-
لۇققا ئالغان . ئەگەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىش
قىلماقچى بولساڭلار ، 10 مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى يات قىز
بىلەن توي قىلمىساڭلار بولمامتى ؟ دەپ قاتتىق يىغلى-
غان » . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، قەدىمكى زاماندا ئۆلگەن ئەر
بىلەن تىرىك خوتۇننى ئۆلۈملۈك قىلىپ بىللە كۆمۈش ،
شۇنىڭدەك ئۆلگەن كىشىنىڭ ھايات چېغىدا ياخشى كۆر-
گەن نەرسىلىرىدىن ئۆلگىلەرنى بىللە كۆمۈش ئادىتى بول-
غان . نىيە ۋە چارقىلىق ـ مىرەن قاتارلىق جايلاردىن تې-
پىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە بىللە كۆمۈلگەن ئەر ـ ئا-
ياللارنىڭ جەسەتلىرى چىققان . « تارىخي خاتىرىلەر »
نىڭ « ھۇنلار تەزكىرىسى » دە : « ئۆلۈكنى ئۇزاتقاندا
قەبرىگە ئالتۇن ـ كۆمۈش جابدۇقلىرى ۋە كىيىم ـ كې-
چەكلىرى بىللە قويىدۇ » دېيىلگەن ، شۇنىڭدەك
« تەڭرىقۇت ئۆلسە ، ئۆلۈمنى ئۇزاتقاندا ساندۇقلۇق لە-
ھەتكە سېلىپ ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، ئىگىنلىرىنى بىللە قو-
يىدۇ ، كېپەنلىمەيدۇ . يېقىن ئەمەلدار ۋە كىچىك خوتۇن-
لىرىدىن كۆپ بولغاندا يۈزلىگەن ئادەم ھەمراھ قىلىنىدۇ »
( « تارىخي خاتىرىلەر » نىڭ شەرھىيىدە جاڭ خۇانىڭ

دېيىشىچە ، ھۇنلار قەبرىنى تۇپراق دەيدىكەن ) .
« چۆلنىڭ شىمالىدىكىلەرنىڭ يوسۇنى بويىچە ، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى چېدىردا توختىتىپ قويۇلىدۇ . بالا ــ چاقا ۋە ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىدىن ئەر ــ ئاياللارنىڭ ھەر بىرى ئات ــ كالا سويۇپ ، چېدىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ نەزىر قىلىدۇ . چېدىرنى ئاتلىق يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ ، چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يۈزلىرىنى پىچاقتا تىلىپ يىغلاپ ، قان ــ ياش ئاققۇزىدۇ . مۇشۇنداق يەتتە نۆۋەت قىلىپ توختايدۇ » ( « سەلتەنەت يۇرگۈزۈش ئۆرنەكلىرى » ، خۇ سەنشىڭ شەرھىيى ) .
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىنىك تەركىبى مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالغان بەزى قەۋملەر بۇ بۇرۇنقى دىنىي ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان ، بەزى قەۋملەر دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ، جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغانىدى . لېكىن ، بۇنداق ئادەت كېيىنرەك ، يەنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . روبرۇك ئۆزىنىڭ « شەرققە ساياھەت » دېگەن خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان : « ئۇيغۇرلار جەسەتنى ئوتقا دەپنە قىلىدىكەن ، يەنى كۆيدۈرۈپ ، كۈلىنى مۇنار ئۇستىدىكى خانىگە قويۇپ قويىدىكەن . »
نەزىر ــ چىراغ ئىشلىرىمۇ كۆپىنچە ھەر خىل شەكىلدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن . بۇ ھەقتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مەھمۇد قەشقەرى بەزى مەلۇماتلارنى يازغان :
« يۇغ ـــ نەزىر ، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان ئاش »( 3 ـ

توم ) .

« بارسان ـــ ئارقا ئاش ، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش . شۇنىڭدىن ئېلىپ ، نەزىر ئېشى يۇغ باسان دېيىلىدۇ » ( 1 ـ توم ) .

« ياغىش ـــ قۇربانلىق ، بەنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى تۈركلەرنىڭ بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ياكى تەڭرىگە يېقىنـ ـلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئاتاپ سويىدىغان قۇربانـ ـلىقى »( 3 ـ توم ) .

« ئەشۈك ـــ كۆشۈك ، يوپۇق . خانلار ۋە بەگلەر ئۆلگەندە ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ئۈستىگە يېپىپ ، كېيىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان يىپەك يوپۇق » ( 1 ـ توم ) .

ئۆلـگەن كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ ، ئۇ- نـىڭ مەرىكىسىمۇ ھەر خىل بولاتتى . ئۇلۇغلارنىڭ مەرىـ كىلىرى ھەشەمەتلىك ، ئاددىي خەلقنىڭ بولسا ، كۆپىنچە ئاددىـي ـ سـاددىراق بولاتتى . ئۇلۇغلارنىڭ جىنازىسى ئېـ لىپ مېڭىلغاندا ، بىرمۇنچە باتۇر يىگىتلەر ھەمراھ بولۇپ ماڭاتتى . ئاي كۆرۈنۈش بىلەنلا جەڭ مانېۋېرىنى باشلاپ ، ئاي تولتۇرغىچە داۋاملاشتۇراتتى . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۆلگۈچىنىڭ ئەرۋاھلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەرخىل يول بىلەن ئەرۋاھلارغا « يۇغ » بېرەتتى . « خان ـ بەگلەر ئۆلسە ، ئۇنـىڭ يەرچۇسى ( قەبرىسى ) غا « بەلبەل » ( تاش ھـەيكەل ) تىكلەيتتى . بەزى بەلبەللەرگە ئۆلگۈچىنىڭ تەرجىمىھالى ئويۇلاتتى . ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ، قىلغان جەڭلىرىدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرگەن

بولسا ، يەرچۇسىنىڭ چۆرىسىگە شۇنچە تاش تىزىپ قو-
يۇلاتتى . قۇنلار ( هۇنلار ) دا ئىلگىرى مازار ياساش ئادىتى
يوق ئىدى .

« جۇنامە » نىڭ « ياتلار دىيارى » بۆلۈمىنىڭ 2 ـ
قىسمىدا ، تۈركلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرى توغرىسىدا مۇنداق
يېزىلغان : « بىر كۈننى تەيىنلەپ ، ئۆلگۈچىنىڭ مىنگەن
ئات ۋە كىيگەن كىيىملىرى قاتارلىق نەرسىلىرىنى جە-
سەتى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىدۇ . كۈلىنى يىغىپ ، بىر
مەھەل ساقلاپ ئاندىن كۆمىدۇ . ئەتىياز ـ يازدا ئۆلگەن-
لەرنى ئوت ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەر غازاڭ بولغۇچە ،
كۈز ـ ئايازدا ئۆلگەنلەرنى ئوت ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخ-
لەر ياشىرىپ باراقسان بولغۇچە ساقلاپ ، ئاندىن
يەرچۇ ( قەبرە ) كولاپ كۆمىدۇ . دەپنە قىلىدىغان كۈنى
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى نەزىر قىلىدۇ ۋە ئاتلىنىپ ، خۇددى
يېڭى ئۆلگەندەك مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ . دەپنە قىلىپ بول-
غاندىن كېيىن ، قەبرىگە تاش قويۇپ بەلگە قىلىدۇ ، هايات
ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن ئادەملىرىنىڭ سانىچە تاش تىرەپ قو-
يىدۇ . يەنە قۇربانلىق قىلىنغان ئات ـ قويلارنىڭ كاللى-
سىنى قەبرە بەلگىسىگە ئېسىپ قويىدۇ . ئەتىسى ئەر ـ
ئاياللار كىيىنىپ ـ جابدۇنۇپ ، قەبرىستانغا يىغىلىدۇ ؛
ئەرلەر ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئۆيىگە سورىتىپ ساۋچى
ئەۋەتىدۇ ... »

« شىمالىي خانلىقلار تارىخى » نىڭ « تېلې » با-
بىدا : « ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئومۇمەن تۈركلەرنىڭكى بىلەن
ئوخشاش . ئۆلگۈچىنى ساندۇققا سېلىپ توختىتىپ ئۇزى-
تىدۇ ، مۇشۇ ئادىتى پەرقلىنىدۇ » دېيىلگەن .

يـەنە شۇ كىتابتا : « تۈركلەر . . . 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى توپلىشىپ مەبۇدلىرىغا نەزىر قىلىدۇ . ھەر يىلى مۇ- ھىم ئەمەلدارلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرى ئولتۇرغان قەدىم جايغا بېرىپ ، نەزىر ـ دۇئا قىلىدۇ » دەپ يېزىلغان .

« جۇنامە » نىڭ « ياتلار دىيارى » دا يېزىلىشىچە :

« ئاگنى ( يەنجى ، قارا شەھەر ـــ مۇھەررىردىن ) دە ، ئۆلگۈچىنىڭ جەستى كۆيدۈرۈلۈپ ئاندىن كۆمۈلىدۇ . يەتتە كۈندىن كېيىن قارىسىنى سىندۇرىدۇ . ئادەتتە كۆكتەڭرىگە سىغىنىدۇ ، بۇددا قائىدىسىغىمۇ ئېتىقاد قىلىدۇ » ، « شىمالىي خانلىقلار تارىخى » نىڭ « غەربىي دىيار » بابىدا « قوچۇلۇقلار ئادەتتە كۆكتەڭرىگە سىغىنىدۇ ، بۇددىغىمۇ ئىشىنىدۇ » دېيىلگەن .

« كېيىنكى خەننامە » نىڭ « سابىرلار تەزكىرىسى » دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى سابىرلار ( سيانپىلار ) دا : « ئېسىلزادىلەردىن جەڭدە ئۆلگۈچىنىڭ جەستىنى ساندۇققا سالىدۇ . يىغا ـ زارە بىلەن تەزىيە بىلدۈرىدۇ . دەپنە قىلىدىغان چاغدا ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇزىتىدۇ . سېمىز ئىتنى ئالا ـ يېشىل ئارغامچىغا باغلاپ ، ئۆلگۈچىنىڭ مىنگەن ئېتى ۋە كىيگەن كىيىملىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىدۇ . ئېيتىشلىرىچە ، ئۆلگۈچىنىڭ ئەرۋاھىنى قوغداپ قىزىلتاغ ( تەيشەن ) قا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىتقا ھاۋالە قىلغىنى ئىكەن . »

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇر مەنقىبەتلىرى

« مەنقىبەت » سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەرەبچىدە « ياخشى خىسلەت » ، « گۈزەل سۈپەت » دېگەنلىك بولىدۇ ؛ بىرەر كىشىنىڭ ياكى بىرەر تارىخىي شەخس ھەم قەۋمنىڭ پەزىلەت ۋە مەرتىۋىلىرى توغرىسىدا يېزىلغان رىسالىمۇ « مەنقىبەت » دەپ ئاتالغان . بۇ چاغقا قەدەر ، بىرەر قەۋم ياكى مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى دىنىي ئەقىدىلەرگە باغلىق چۈشەنچىلەر يۇنانلاردا « مىف » دەپ ئاتالغان ؛ لېكىن « مىف » بولسا ، تەبىئەت ۋە ئاسمان جىسىملىرى ياكى ھادىسىلىرىنىڭ ئادەم قىياپىتىدىكى تەسۋىرلىرىنىڭ ناملىرىدۇر . بىزنىڭ يېزىق ئەدەبىياتىمىزدا « مىف » سۆزىمۇ قوللىنىلدى ، كېيىن بۇنىڭ ئورنىدا ئەرەبچىدىكى « ئاساتىر » ( ھېكمەتلىك بايان ، ئاجايىپ ھېكايە ، غارايىب قىسسە ) ، پارسچىدىكى « ئەفسانە » ( سەرگۈزەشت ، بىھۇدە گەپ - سۆزلەر ، ئويدۇرما قىسسە ) دېگەن سۆزلەر قوللىنىلدى . شۇ نەرسە ئېنىقكى ، بىرەر مىللەت ياكى قەۋمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى دىنىي ئەقىدىلەرگە باغلىق چۈشەنچىلەر ناھايىتى ئۇزاق قەدىمدە كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىرەر خىسلەتلىك نەرسىدىن ( ئىنسانىنىڭ ئىرادى-

سىدىن تاشقىرى نەرسىدىن ) دەپ بىلگەن . شۇڭا ، « ئاساتىر » ياكى « ھېكمەت » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مەنقىبەت » سۆزىنى قوللىنىش مۇۋاپىق كېلىدىكەن .

« ئۇيغۇر » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى توغرىسىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ھەر خىل مۆجىزىلەر رىۋايەت قىلىنغان مەنقىبەتلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن . بۇنداق مەنقىبەتلەرنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى دىنى ئەقىدىلەر ( شامانلىق ، تويۇنلۇق ۋە باشقىلار ) بىلەن ۋە بەزىلىرى مانىي دىنىي ئەقىدىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن . بۇ مەنقىبەتلەرنى ئۆز زامانىسىدىكى مۇئەللىپلەر ئۆز چۈشەنچە ياكى قىياسلىرى بويىچە قەيت قىلغان . تۆۋەندە بىزگە مەلۇم بولغان مەنقىبەتلەردىن بەزى بايانلارنى نەقىل كەلتۈرىمىز .

## 1 . « ئۇيغۇر » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

### ***1 . مەھمۇد بىننى ھۇسەيىن بىننى مۇھەممەد كاشغەرى « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ئەسىرىدە كەلتۈرگەن مەنقىبەت بويىچە « ئۇيغۇر » سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى***

« ئۇيغۇر ، بىر ئەلنىڭ ئىسمى . . . زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن . بۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن . ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن . زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە « ئىنەن خۇزخۇ-

رەند ـــ بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن ؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، قاچان خالىسا ، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ 〉 دەپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ ، بۇ ئەل خۇزخۇر دەپ ئاتىلىپتۇ . كېيىن « خ » ھەرپى « ا » غا ئالمىشىش بىلەن ، « خۇز » سۆزىدىكى « ز » ھەرپىمۇ « ى » غا ئالماشقان . . . شۇنىڭدىن كېيىن « خۇر » سۆزىدىكى « خ » ھەرپى « غ » غا ئالماشقان .

بۇ مەنقىبەت بويىچە ، « ئۇيغۇر » ـــ « خۇزخۇز » دىن كېلىپ چىققان ؛ مەنىسى « ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار » بولۇپ ، ماكېدونلۇق ئىسكەندەر قويغان . دېمەك ، بۇ 2300 يىل بۇرۇن قويۇلغان نام دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ .

**2 . خوجا راشىدىن فەزلۇللاھ ھەمدانى 《 جامىئۇت تەۋارىخ 》 تا كەلتۈرگەن مەنقىبەت بويىچە 《 ئۇيغۇر 》 سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى**

« نوھنىڭ ئوغلى ئەبۇلچاخان ـ ياپەس ، بۇنىڭ ئوغلى دىب ـ باقۇ ، بۇنىڭ ئوغلى قاراخان ، بۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان . ئوغۇز بىردىنبىر تەڭرىگە ئىشىنەتتى . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇنىڭ بىلەن تاغىلىرى ، ئاكا ـ ئۇكىلىرى ، جىيەنلىرى ۋە ئىككى تۇغقان بۇرادەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ ـ جېدەللەر پەيدا بولدى . ئوغۇز ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى يىغىپ ، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى . بەزى جەمەتلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بەردى . ( تاغىلىرى . . . ) يېڭىلدى ، ئوغۇز نۇرغۇن جاينى قولغا كىرگۈزۈپ ، قۇدرەتلىك بىر

ئەلىنىڭ ئىگىسى بولدى . ئاندىن چوڭ رىياپەت ئۆت-
كۈزۈپ ، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە سەردار - سەرۋازلىرىدىن
هال سورىدى . ئۆزىگە ياردەم بەرگەن يېقىن - جەمەتلى-
رىگە ئۇيغۇر دەپ نام بەردى . بۇ نامىنىڭ مەنىسى ئىتتىپاق-
لىشىپ ياردەم بەرگۈچىلەر دېگەنلىكتۇر . بۇ نام هەممە قە-
بىلىلەرگە قوللىنىلىپلا قالماستىن ، قەبىلىلەرنىڭ تارماق-
لىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قوللىنىلدى . »

### 3 . تۈركولوگ كلاۋسون نەقىل كەلتۈرگەن ئىككى كىتابتىكى مەز- قىبەت بويىچە ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى

مۇهەممەد مەهدى خان 1759 - يىلى يازغان « سىنگلاخ » ( سەنگلاخ ) دېگەن لۇغەت كىتابىدا مۇنداق بىر ئابزاس قەيت قىلىنغان :

« ئۇيغۇر : ئۇلار دەيدۇكى ، ئوغۇزخان بىلەن ئۇ-نىڭ ئاتىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى ( تاغىلىرى ) ئوتتۇر-سىدا دىنىي جەهەتتىن ماجىرا تۇغۇلدى . ئەر تۇغقانلىرى ئوغۇزخان تەرەپتە تۇرۇپ ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئوغۇزخان ئۇلارغا ئۇيغۇر دەپ نام بەر-دى ، بۇنىڭ مەنىسى مەن بىلەن بىرلەشتى دېگەنلىكتۇر . »

ئىلخانىيلەر دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب ئابدۇللاھ بىن فەزلۇللاھ شىرازى « زەفەرنامە » ( « شاهنامە » ئۇسلۇبىدا يېزىلغان 75 مىڭ بېيىتلىك تارىخىي ئەسەر ) دە ، ئۇيغۇر دېگەن سۆزگە « پیوستن و بایك دیگر عهد بستن » « پەيۋەستەن ۋە بايەك دىگەر ئەهد بەستەن ـــ بىرلەش-كەن ۋە بىر - بىرى بىلەن شەرتلەشكەن ) دەپ مەنا بەرگەن .

4 . ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتا-
بىدا يېزىلىشىچە «ئۇيغۇر» نىڭ مەنىسى

مەزكۇر كىتابنىڭ «قاراخاننىڭ زىكرى» دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان:

«قاراخان چوڭ خوتۇنىدىن ئاي دېسە ئاي ئە-
مەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس شۇنداق چىرايلىق بىر
ئوغۇل كۆردى... بالا بىر ياشقا كىرگەندە، قاراخان
ئەلگە ئۇقتۇردى، كاتتا توي ئۆتكۈزدى... قاراخان...
بۇنىڭغا قانداق ئات قويىسىزلەر دەپ بەگلىرىدىن سورى-
دى. بەگلەر جاۋاب بەرگىچە ئوغلان ئېيتتى: ‹مېنىڭ
ئېتىم ئوغۇز بولۇر›... ئوغلان ئۆز ئېتىنى ئۆزى
ئېيتتى... خالايىق: ‹... بۇ بىر ئىرىم، ئۆمرى ئۇزاق،
دۆلەتمەن، ئۆز يىنى (جان - تېنى) يېرى يايرىغان
بولسۇن› دېيىشتى.

... ئوغۇل ئۆسۈپ يىگىت بولغان چاغدا، قاراخان
ئۇنىڭغا ئىنىسى كۆرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى...
كېيىن يەنە بىر ئىنىسى ئۆز خاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەر-
دى... ئوغۇز خان ئۇلارغا ئىمان ئېيتقىن دېگەندى،
ئۇلار ئۇنىمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ياتـ
مىدى... كېيىن قاراخان يەنە بىر ئىنىسىنىڭ قىزىنى
كاتتا توي قىلىپ ئوغۇزغا ئېلىپ بەردى. ئۇ قىز مۇسۇلمان
بولدى (ئوغۇزنىڭ دىنىغا كىردى)، ئوغۇز خان ئۇنى
قاتتىق سۆيەتتى. مۇندىن كۆپ يىللار ئۆتتى. بىر كۈنى
ئوغۇز يىراق يەرگە ئوۋغا كەتتى. قاراخان بارلىق خو-
تۇنلىرى بىلەن كېلىنلىرىنى يىغىپ ئاش بەردى... خان

كېيىنلىرىدىن سورىغانىدى ، چوڭ كېلىنى : « ئوغلىڭىز
مۇسۇلماندۇر ، بىز ئىككىمىزگە مۇسۇلمان بولۇڭلار دېگە-
نىدى ، بىز ئۇنى قوبۇل قىلمىدۇق ، كىچىك كېلىنىڭىز
مۇسۇلمان بولغانلىقتىن ئۇنى قاتتىق سۆيىدۇ » دېدى .
قاراخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بەگلىرىنى
چاقىرىپ كېڭەشتى . كەلگەنلەر ئوغۇزنى ئوۋدا يۈرگىنىدە
تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشتى . قاراخان ئەلگە
كىشى ئەۋەتىپ : « ئوۋغا چىقىمەن ، تېز يىغىلسۇن » دەپ
پەرمان قىلدى . بۇ سۆزنى ئوغۇزنىڭ كىچىك خوتۇنى
ئاڭلاپ قالدى ـ دە ، قاراخاننىڭ قىلغان كېڭەشلىرىنىڭ
بارچىسىنى ئېيتىپ ئوغۇز خانغا كىشى ئەۋەتتى . ئوغۇز
خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلگە كىشى ئەۋە-
تىپ : « ئاتام چېرىك تارتىپ ، مېنى ئۆلتۈرگىلى كېلىۋې-
تىپتۇ . مېنى قوللايدىغىنىڭلار مەن تەرەپكە كېلىڭلار ، ئا-
تامنى قوللايدىغىنىڭلار ئاتام تەرەپكە بېرىڭلار » دېدى .
ئەلنىڭ كۆپى قاراخان تەرەپكە باردى . ئازراقى ئوغۇز قې-
شىغا كەلدى . . . ئوغۇز خانغا قوشۇلدى . ئوغۇز خان
ئۇلارغا ئۇيغۇر دەپ ئات قويدى . ئۇيغۇر تۈركچە سۆز بو-
لۇپ ، مەنىسى بارچىگە مەلۇم ، يېپىشقۇر مەنىسىنى بېرىدۇ .
سۈت ئۇيىدى دېيىلىدۇ ، سۈت پىتى ۋاقتىدا تۇرغاندا سۈت
بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ ؛ قېتىق بولغاندا ، بىر ـ
بىرى بىلەن يېپىشىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭدەك ئۇيىدۇم دېيى-
لىدۇ . ئىمام تۇرسا تۇرۇپ ، ئولتۇرسا ئولتۇرماق ـــ بۇ يې-
پىشقانلىق بولامدۇ ؟ ئۇلار كېلىپ ئوغۇزنىڭ ئىتىكىگە
ئىككى قوللىرى بىلەن مەھكەم يېپىشتى . ئوغۇز : « ئۇلار
ئۇيغۇرلار » دېدى . بۇ يېپىشقۇر دېگىنىدۇر . . . ئوغۇز خان

ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى . . . ئوغۇز خانىنىڭ ئۇيغۇر دەپ ئات قويغان قەۋمىنىڭ بىر ئاقساقىلىنىڭ ئىرقىل خوجا ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى . ئۇ ئوغۇز خان تەختتە ئولتۇرۇپ تاكى ئۆلگىچە ئوغۇز خانىنىڭ ۋەزىرى ، ۋەكىلى بولدى . ئۇ ئەقىللىق ، دانىشمەن ، بىلىملىك كىشى ئىدى . ( ئوغۇز خانىنىڭ ئوغلى ) كۈن خانمۇ ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلدى ، تاكى ئۆلگىچە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلدى . . . »

« ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى يېپىشقۇر دېگەنلىك بولىدۇ . مەسىلەن ، سۈت ئۇيىدى دېيىلىدۇ . سۈت ئىرىگەندە ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ ، ئۇيىغاندىن كېيىن ئايرىلمايدۇ ، يەنى شۇنىڭدەك ، ئىمامغا ئۇيىدىم دېگەن سۆزنى ئالساق ، ئىمام ئولتۇرسا ئولتۇرۇپ ، تۇرسا تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يېپىشقانلىق دېگەن بولىدۇ . موغۇل يۇرتىدا ئىككى تاغ بار ، ئۇزۇنلۇقى كۈنتوغۇشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغان ئىنتايىن چوڭ تاغلار . بىرىنىڭ ئېتى توقراتۇ بوزلۇق ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئۇسقۇنلۇق تارىم . شۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ، موغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا يەنە بىر تاغ بار ، ئۇنى قۇت تاغ دەيدۇ . ئەشۇ ئېيتىلغان تاغلارنىڭ ئارىسىدا ، بىر يەردە ئېقىپ ياتقان ئون ساي بار ؛ يەنە بىر يەردە توققۇز ساي بار ، ھەممىسى كاتتا دەريالار ئىدى .

قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلى شۇ سۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇراتتى . ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلىرىنى ئون ئۇيغۇر ، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلىرىنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئىدى . شەھەرلىرى ، كەنتلىرى ۋە دېھقانچىلىقى كۆپ ئىدى . 120 ئۇرۇق ئەل ئىدى . . . بىر كۈنى ھەممىسى يىغىلىپ كېڭەشتى . . . ئون ئۇيغۇرلار مەڭگۈ-

تاي ئاتلىق كىشىنى تۆرە قىلىپ سايلاپ ، ئۇنىڭغا ئەل ئىلتەر دېگەن لەقەمنى قويۇشتى . توققۇز ئۇيغۇرلار ئۆز-كەندىر ئۇرۇقىدىن بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ سايلاپ ، ئۇ-نىڭغا كۆل ئەركىن دېگەن لەقەمنى قويدى . . . كۆپ يىللار تۆرىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى شۇنداق دېيىشتى . . . ئۇيـ-غۇلار 3000 يىلغا يېقىن ئەشۇ يۇرتتا ئولتۇردى . . . »

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان مەنقىبەتلەر بويىچە ، « ئۇيغۇر » سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈل-گەن : ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ، ئىتتىپاق-لىشىپ ياردەم بەرگۈچىلەر ، مەن بىلەن بىرلەشكۈچىلەر ، بىرلەشكەن ۋە بىر - بىرى بىلەن شەرتلەشكەن ، يېپىش-قۇر .

بۇنىڭدىن باشقا ، ياۋروپا تۈركولوگلىرىدىن بەزى-لىرى ، جۈملىدىن تۈركىيە تۈركولوگى ئاتىل چېچېن كى-تابىدا « ئۇيغۇر » سۆزىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشەندۈ-رىدۇ : « بەزى تارىخ مەنبەلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ ، مىلادىيىدىن ئىلگىرى 3 ـ ئەسىر-دىن كېيىن تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنى بىلدۈرمەكتە . خىلمۇخىل مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ئۇيغۇر سۆزىگىمۇ پەرقلىق ئۇقۇملارنى بەرمەكتە . بۇنىڭغا قارىغاندا ، ئاچ قال-مايدىغان ، يەرلىشىپ ياشايدىغان ، قەتئىي ، هۇشيار ـ تۈيغۇن ، قانائەتچان دېگەندەك تۈركچە تەگداش ئۇقۇم-لىرى بار . ئۇيغۇر سۆزى يەنە ئۇيغۇن ، مۇلايىم - رايىش ۋە بۇنىڭدىنمۇ مۇهىمراقى ئۇيغار ( مەدەنىي ) دېگەن چۈ-شەنچىلەردە قوللىنىلغان . »

## 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

**1 . « گاۋجۇي تەزكىرىسى » دە قەيت قىلىنغان مەنقىبەت بويىچە**

« گاۋجۇيلەر قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇقلىرى ، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان ، شىمالدىكىلەر تېلې دېسە ، شىيا ئەللىرى گاۋجۇي ، دىڭلىن دەپ ئاتىغان . ئۇلارنىڭ تىلى ئاساسەن ھۇنلارنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ ، لېكىن بەزىدە ئازراق پەرقلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ بوۋىسى ھۇنلارنىڭ جىيەنى ئىدى . . . ئادەتتە ئېيتىلىشىچە ، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى ، چىراي - تۇرقى ناھايىتى گۈزەل ئىدى ، قەۋملىرى بۇ قىزلارنى خاسىيەتلىك دەپ بىلەتتى . تەڭرىقۇت : ‹ بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىمەن › دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئەلنىڭ شىمالىدا ئادەم يوق جايغا ئېگىز تۇرا ياسىتىپتۇ . ئىككى قىزنى شۇ يەرگە چىقىرىپ ، ‹ كۆكتەڭرىگە تاپشۇردۇق › دەپتۇ . ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، قىزلارنىڭ ئانىسى سېغىنىپ ، ياندۇرۇپ كەلمەكچى بوپتۇ . تەڭرىقۇت : ‹ بولمايدۇ ، ياندۇرۇپ كېلىش ۋاقتى ئەمەس › دەپتۇ . يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ . بىر قېرى بۆرە كېچە ـ كۈندۈز تۇرانى ساقلاپ ھۇۋلاپتۇ . تۇرانىڭ تۈۋىدە ئۆرا بار ئىكەن ، كىرگىلى بولمايدىكەن . كىچىك قىز : ‹ ئاتام بىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ كۆكتەڭرىگە تاپشۇرغان ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە كەپتۇ ، بەلكى بۇ خىسلەتلىك مەخلۇقتۇر . كۆكتەڭرى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك › دەپ تۆۋەنگە چۈشمەكچى بوپتۇ . ئاچىسى

ھەيران بولۇپ : ‹ ئۇ ھايۋان تۇرسا ، ئۇنداق قىلساڭ ئاتا ـ ئانامغا نومۇس بولمامدۇ › دېسىمۇ ، سىڭلىسى ئۇنىماي ، يەرگە چۈشۈپ بۆرىگە خوتۇن بوپتۇ ، ئۇنىڭدىن بالىلىق بولۇپ ، بالىلار ئاۋۇپ ئەل بولۇپتۇ . بۇ ئادەملەر خۇددى بۆرە ھۇۋلىغاندەك ، ئۇنىلىرىنى سوزۇپ ناخشا ئېيتىدىكەن . »

2 . 《 ئوغۇزنامە 》 بويىچە

« كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاي خان كۆزى يورۇپ ، بوشاندى ، بىر ئوغۇل تۇغدى ، بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭى كۆك ، ئاغزى چوغدەك قىزىل ، كۆزلىرى ھال ، چاچلىرى ۋە قاشلىرى قارا ئىدى . . . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ( ئوغۇز خان ) ئوۋغا چىقتى . . . ئوغۇز خان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى ، ( ئالەم ) قاراڭغۇلىشىپ ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى ، ( بۇ نۇر ) كۈندىن نۇرلۇق ، ئايدىن يورۇق ئىدى . ئوغۇز خان قېشىغا بېرىپ ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە تەنھا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى . . . بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى ، ( ئۇ ) كۈلسە ، كۆكتەڭرىمۇ كۈلەر ، يىغلىسا ، كۆكتەڭرىمۇ بىللە يىغلار ئىدى . ئوغۇز خان ئۇ قىزنى كۆردى ــ دە ، ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى . ئوغۇز خان ئۇ قىز بىلەن بىللە بولدى . بۇ قىز ھامىلىدار بولدى . كۈنلەر ئۆتۈپ . . . قىز ئۈچ ئوغۇل تۇغدى . تۇنجىسىغا كۈن ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي ۋە كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى . يەنە بىر كۈنى ئوغۇز خان ئوۋغا چىقتى . ئالدىدا بىر كۆل كۆرۈندى ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كۆردى . شۇ دەرەخنىڭ بىر كا-

ۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىدى؛ ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك ئىدى... ئوغۇز خان ئۇنى سۆيۈپ قالدى ۋە ئالدى... ئۇ قىز ئىككىقات بولدى... ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۆك (ئاسمان)، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز قاخان كاتتا توي ئۆتكۈزدى... تويدىن كېيىن، ئوغۇز خان بەگلەرگە، خەلققە يارلىق چۈشۈردى: بىزگە كۆك بۆرە بولغاي ئۇران، كۈن تۇغ بولغاي، ئاسمان قورىغان! شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز خان تۆت ئەتراپقا يارلىق چۈشۈردى ۋە مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتا مۇنداق يېزىلغانىدى: ‹مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭمۇ قاغانى بولۇشۇم كېرەك›... سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خان بار ئىدى... قوشۇنىنى باشلاپ... قىرىق كۈندىن كېيىن مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ ئېتىكىگە كەلدى ۋە چۈشكۈن قۇرۇپ ئارام ئالدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇز خاننىڭ چېدىرىغا ئاپتاپتەك بىر يورۇق چۈشتى. بۇ نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق يوغان بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولدى. بۇ بۆرە ئوغۇز خانغا گەپ قىلدى: ‹هاي ـ هاي ئوغۇز، ئالدىڭلاردا مەن (يول باشلاپ ماڭىمەن). شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خان... (ئالغا قاراپ) يۈرۈپ كەتتى. قارىغۇدەك بولسا، قوشۇننىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە كېتىپ باراتتى... بىر نەچچە كۈندىن كېيىن... بۆرە توختاپ قالدى. ئوغۇزمۇ قوشۇنى بىلەن توختىدى. بۇ يەردە ئېتىل دېگەن چوڭ بىر

دەريا بار ئىدى . . . بىر قارا تاغ باغرىدا ئۆرۈش باشلان-
دى . . . ئوغۇز خان يەڭدى . . . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئو-
غۇز خان يەنە ھېلىقى كۆك تۈكلۈك ، كۆك يايلىلىق ئەر-
كەك بۆرىنى كۆردى . ئۇ بۆرە ئوغۇز خانغا : « ئەمدى
قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن قوزغال ، ئوغۇز ! ئادەملىرىڭنى ،
بەگلىرىڭنى باشلاپ مېڭىۋەر ، مەن ساڭا يول باشلاپ ما-
ڭىمەن » دېدى . . . بىر كۈنى . . . ئەركەك بۆرە يەنە يول-
دىن توختىدى . ئوغۇز خانمۇ يولدىن توختىدى . . . شۇ-
نىڭدىن كېيىن ، ئۇ يەنە شۇ بۆرە بىلەن سىندۇ ، تاڭغۇت
ھەم چام تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ باردى . جەنۇب تە-
رەپتە بارقان دېگەن بىر جاي بار ئىدى . ناھايىتى باي
مەملىكەت ، ئىنتايىن ئىسسىق يەر ئىدى . . . خەلقىنىڭ
رەڭگىرويى قاپقارا ئىدى . بۇ يەرنىڭ خانىنىڭ ئىسمى ما-
سار ئىدى . . . ئوغۇز خان يەڭدى . . . ئوغۇز خانىنىڭ
يېنىدا ئاق ساقاللىق ، مۇز چاچلىق ، قابىلىيەتلىك بىر
قېرى كىشى بار ئىدى . . . ۋەزىر ئىدى ، ئۇنىڭ ئىسمى
ئۇلۇغ تۈرك ئىدى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ چۈشىدە بىر
ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى ، بۇ ئالتۇن يا
كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا تارتىلغان . ئۈچ كۈمۈش ئوق
بولسا ، شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ( ئۇ ) . . .
چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئوغۇز خانغا ئېيتىپ بەردى . . .
ئوغۇز خانغا ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزلىرى ياقتى . . . زېمى-
نىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى . »
بۇ مەنقىبەت بويىچە ، ئوغۇز خان پۈتۈن ئوتتۇرا
ئاسىيانى بويسۇندۇرغان ۋە كۆك بۆرىنى سىمۋول قىلغان
ئۇلۇغ قاغان بولۇپ ، ئالتە ئوغلىدىن ئالتۇن ياغا ئىگە بول-

غان ئۈچ ئوغلى ( كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ) ئوڭ ياققا ( بىرانغارغا ) ، كۆمۈش ئوقىا ئىگە بولغان ئۈچ ئوغلى ( كۆك ، تاغ ، دېڭىز ) سول ياققا ( جۇۋانغارغا ) ھۆكۈمران بولىدۇ . ئوغۇز خان ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى دەپ جاھانغا جاكارلايدۇ .

### 3 . ئەللا ئۇددىن جۇۋەينى « تارىخى جاھانكۇشاي » دە قەيت قىلغان مەلۇمات بويىچە

« ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى ـ تەھتى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى » دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان ( بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان مەنقىبەتنىڭ مەزمۇنى « ئوغۇزنامە » دە ئېيتىلغان كۆك بۆرە توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەن ، بولۇپمۇ نۇر ئىچىدە قىز كۆرۈنگەن مەزمۇن بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ . جۇۋەينى بۇ كىتابتا كەلتۈرگەن مەنقىبەتنى « ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى » دەيدۇ ) :

« ئۇيغۇرلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئورقۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشاپ ئاۋۇغان دەپ ھېسابلايدىكەن . بۇ دەريانىڭ مەنبەسى ئۇلار قارا قورۇم دەپ ئاتىغان تاغدىن باشلىنىدىكەن . قارا قورۇمدىن ئۆتىدىغان دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن . ھەر دەريانىڭ بويىدا بىر قەبىلە ياشايدىكەن . ئۇيغۇرلار ئورقۇن دەرياسى بويىدا ئىككى تارماق بولۇپ شەكىللەنگەن . ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەندە ، باشقا قەبىلىلەرگە تەقلىد قىلىپ ، قەۋملىرى ئىچىدىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ سايلاپ ، شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن . مۇشۇنداق 500 يىل ياشىغاندىن كېيىن ، بۇقۇخان ئاپىرىدە

بولۇپتۇ . هازىر ( كىتاب يېزىلغان چاغ — 13 - ئە-
سىردە — نەقىلچى ) بەزىلەر بۇقۇخاننى ئەفراسىياب
دەيدۇ . قارا قورۇم تېغى تۈۋىدە تاشلاندۇق بىر قۇدۇق ۋە
بىر قورام تاش بار . ئېيتىلىشىچە ، بۇ قۇدۇق بىجەن
( بەتزەن ) سولانغان قۇدۇق ئىكەن .

ئورقۇن بويىدا شەھەر ۋە ساراي - ئوردىلارنىڭ
خارابىسى بار ، شەھەرنىڭ نامى ئوردۇ بالىق ئىكەن ، ئۇنى
بۈگۈنكى كۈندە ( 13 - ئەسىردە — نەقىلچى ) مائۇ بالىق
دەپ ئاتىشىدۇ . ساراي - ئوردا خارابىسىنىڭ سىرتىدا ،
قوۋۇقنىڭ ئۇدۇلىدا ، خەت ئويۇلغان تاش بار ئىكەن . بىز
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق . خان ( چىڭگىزخان ) هايات
چېغىدا ، بۇ تاشنى يۆتكىتىپتىكەن ، بىر قۇدۇق كۆرۈ-
نۈپتۇ . قۇدۇق ئىچىدە ئىبرەتنامە ئويۇلغان چوڭ تاش پۈ-
تۈك بار ئىكەن ؛ بۇنى ئوقۇپ بېقىڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ .
هېچكىم ئوقۇيالماپتۇ . قىتاندىن قامان دېگەن كىشىنى چا-
قىرتىپتۇ . تاشقا پۈتۈلگىنى ئۇلارنىڭ ( ئۇيغۇرلارنىڭ )
يېزىقى ئىكەن ( يېزىلغىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان گەپلەر ئى-
كەن ) .

ئۇ چاغدا ، قارا قۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن ،
بىرى تۇغلا ، يەنە بىرى سىلېنگا ( سەلەڭگە ) دېيىلىدى-
كەن . بۇ دەريالار قاملانچۇ دېگەن يەردە قوشۇلىدىكەن .
ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا بىر - بىرىگە يېقىن ئىككى تۈپ
دەرەخ ئۆسكەنىكەن ؛ بىرىنى ئۇلار قوچۇر دەيدىكەن ، قا-
رىغايغا ئوخشايدىكەن . يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكى-
دەك ، مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى پىستە ( چىلغوزا ) گە
ئوخشايدىكەن ؛ يەنە بىرىنى توز دەيدىكەن ( قېيىن دە-

رىخى ) . ئىككى دەرەخ ئارىسىدىن بىر دۆڭ ( تۆپە ) پەيدا
بوپتۇ . بۇ دۆڭگە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ . دۆڭ
كۈندىن - كۈنگە يوغىناپتۇ . بۇ مۆجىزىدىن ئۇيغۇر ئىلەت-
لىرى ھەيران بولۇپتۇ ؛ ئۇلار بۇ دۆڭگە ھۆرمەت - تازىم
بىلەن يېقىنلىشىپتۇ . ئۇلارغا خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك يې-
قىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەشۇ دۆڭ-
نىڭ 30 قەدەم چۆرىسىدىكى يەرگە نۇر چۈشۈپ تۇرۇپتۇ .
ئاخىرىدا ، خۇددى ھامىلىدارنىڭ كۆزى يورىغاندەك ،
دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ ، ئىچىدىن بارگاھ - چې-
دىردەك بۆلۈنگەن بەش ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈپتۇ ؛ ھەر ئۆيدە
بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك ، ئېغىزلىرىدا بىر تالدىن
ئېمىزگە بار ئىكەن . چېدىرغا بىر پارچە كۈمۈش تور يې-
پىغلىق ئىكەن . قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ ، بۇ
ئاجايىباتنى كۆرۈپ ، قورقۇپ باش قويۇپ سەجدە قىلى-
شىپتۇ . بالىلارنىڭ بەدەنلىرىگە شامال تېگىپ ، ئۇلار يوغى-
ناپ ، مېڭىشقا باشلاپتۇ . ئاخىر ئۇلار تاش ئۆيدىن چىقىپ-
تىكەن ، ئىنىكئانىلارغا تاپشۇرۇلۇپتۇ . شۇنىڭدەك ، كىشى-
لەر ھەر خىل چوقۇنۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ .
ئۇلار ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، تىلى چىقىپ ،
ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن ، كىشى-
لەر ئۇلارغا ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ . بالىلار ئۆز
ئاتا - ئانىلىرىغا قىلغاندەك ، تىز پۈكۈپ تازىم قىلىشىپتۇ .
بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۇنىگەن يەرگىمۇ ئىززەت - ئېكرام
بىلدۈرۈشۈپتۇ . شۇ چاغدا ئىككى تۈپ دەرەخ بىردىنلا
تىلغا كېلىپ : « ئالىي جاناب - ئېسىل بالىلار ! دائىم بۇ
يەرگە كېلىپ ، بالىلىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار ، ئۇ-

زۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار ، نامىڭلار مەڭگۈ ئۆچمىگەي ! 〉
دەپتۇ . جايلاردىكى قەبىلىلەر توپ ـ توپ كېلىپ ، با-
لىلارنى كۆرۈپ خۇددى شاھزادىلەرگە قىلغاندەك ھۆر-
مەتلەپتۇ . كۆپچىلىك كېتەر چاغدا ، باللارغا بىردىن ئات
قويۇشۇپتۇ : چوڭىنى شۇنقار تېگىن ، ئىككىنچىسىنى قۇ-
تۇر تېگىن ، ئۈچىنچىسىنى تۇكەل تېگىن ، تۆتىنچىسىنى
ئور تېگىن ، بەشىنچىسىنى بۇگۇ تېگىن ( بەزىلەر بۇقۇ
تېگىن دېيىشىدۇ ) دەپ ئاتاپتۇ .

بۇ مۆجىزىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ، كۆپچىلىك بۇ
بەش بالىدىن بىرىنى باشلىق ۋە پادىشاھ قىلىپ سايلاش
كېرەك دېگەن پىكىرگە كېلىشىپتۇ . چۈنكى ، قەۋم-
لەر : 〈 بۇ باللارنى ھەممىگە قادىر تەڭرى ئىلتىپات قىلغان
؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇگۇ قاغان تەقى - تۇرقى كېلىشكەن ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەممە ئەل - ئىلەتلەرنىڭ تىل - يېزىق-
لىرىنى بىلىدىكەن 〉 دېيىشىپتۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئۇنى بىر
ئېغىزدىن قاغان قىلىپ سايلاپتۇ ؛ شۇنىڭ بىلەن ، قەۋملەر
يىغىلىشىپ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنى قاغانلىق
تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئادالەت
زىلچىسىنى يېيىپ ، زالىملىق بورىسىنى يىغىشتۇرۇپتۇ ؛ ئۇ-
نىڭ نۇرغۇن مەھرەم ـ غۇلاملىرى ، ئۆي خىزمەتكارلىرى ،
رەئىيەلىرى ۋە قۇل ـ چۆرىلىرى بولۇپتۇ . ھەممىگە قادىر
تەڭرى ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ
قارغىنى ئاتا قىلىپتۇ ؛ نەدە ئىش چىقسا ، ئۇ قارغىلارنى شۇ
يەرگە بۇيرۇيدىكەن ، بىرىپ ئايغاقچىلىق قىلىپ ، ئۇچۇ-
رىنى ئېلىپ كېلىدىكەن .

ئۇزاق ئۆتمەي ، بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئۆيدە

ئۇخلاۋېتىپ ، چۈشىدە مورىدىن چۈشكەن بىر قىزنىڭ سايىسىنى كۆرۈپتۇ . قىز ئۇنى ئويغىتىپتىكەن ، ئۇ قورقىنىدىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېرىپتۇ . ئىككىنچى كۈنى كەچتە ، قىز يەنە كەپتۇ . ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ، بۇگۇ قاغان ۋەزىرىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ ، ئورنىدىن قوپۇپ ، قىزنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئاقتاغ دېگەن تاغقا چىقىپتۇ . ئىككىيلەن تاڭ ئاتقىچە شۇ يەردە سۆزلىشىپتۇ . ئۇ ھەر كۈنى كەچتە شۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇپتۇ . ئۇدا يەتتە يىل ئالتە ئاي 22 كۈن ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپتۇ . ئاخىرقى كېچىسى ، قىز ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ : « كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان زېمىنغا ھۆكۈمدار بولىسەن . بۇ خىزمەتنى ئىجتىھات بىلەن ئورۇندا ، پۇقرالارنى ئوبدان ئىدارە قىل » دەپتۇ .

شۇڭا ، ئۇ قوشۇن توپلاپتۇ . شۇنقار تېگىننى خىللانغان 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن موڭغۇل ۋە قىرقىزنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ ؛ قۇتۇر تېگىننى ياخشى قوراللانغان 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن تاڭغۇتنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ ؛ يەنە ، تۇكەن تېگىننى 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن تۈبۈتنى جازالاشقا ئەۋەتىپتۇ ؛ ئۆزى 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن قىتاننى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ . ئۆز ئورنىدا ئاتا زېمىننى ساقلاشقا بىر ئاقساقالنى قالدۇرۇپتۇ . ھەر يۆنىلىشكە كەتكەن قوشۇن زەپەر بىلەن قايتىپ كەپتۇ . ئۇلار تۆت تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەسىر ئېلىپ ، ئورقون بويىدىكى ئاتا ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە ئوردۇ بالىقنى سالدۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، پۈتۈن شەرق ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرىپتۇ .

بۇ چاغدا ، ئاق كىيىملىك ، ئاق ھاسىلىق بىر
بوۋاي بۇگۇ قاغاننىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ . بوۋاي ئۇنىڭغا
يوغانلىقى پىستىچىلىك بىر پارچە يۇرۇن قاشتېشىنى بې-
رىپ : 〈 بۇ قاشتاشنى ساقلىيالىساڭ ، پۈتۈن ئىقلىم سېنىڭ
يارلىق - تۇغۇڭ ئاستىدا بولىدۇ 〉 دەپتۇ . ئۇنىڭ ۋەزىرىمۇ
خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەندە ،
ئۇلار قوشۇننى تۈزۈپ سەپلەشكە كىرىشىپتۇ ؛ ئۇنىڭدىن
كېيىن ، بۇگۇ قاغان كۈنپېتىشتىكى ئەللەرگە يۈرۈش قى-
لىپتۇ . ئۇ تۈركىستان چېگرىسىغا يەتكەندە ، ئۇ-
نىڭغا ئوت - چۆپلۈك ، سۇلۇق ، گۈزەل يايلاق ئۇچراپتۇ .
ئۆزى شۇ يەردە تۇرۇپ ، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىل-
دۇرۇپتۇ . ھازىر بۇ شەھەر قۇز بالىق دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ-
نىڭدىن كېيىن تەرەپ - تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىپتۇ . ئون
ئىككى يىل ئىچىدە ھەممە مەملىكەتنى بويسۇندۇرۇپتۇ ،
قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ۋە بويسۇنمىغان بىرەرسىمۇ قال-
ماپتۇ . ئەۋەتكەن كىشىلىرى ئاخىر بىر يەرگە بېرىپتۇ ، ئۇ
يەردە تۇرقى ھايۋانسىمان ئادەملەرنى كۆرۈپ ، ئەمدى بۇ-
نىڭ ئۇياقىدا ئىنسۇجىن يوق ئىكەن دەپ ئىلگىرىلىمەپتۇ .
ئۇلار ھەر ئەلنىڭ شاھ - سۇلتان ، ئەمىر - ئەركانلىرىنى
ئېلىپ كېلىپ ، بۇگۇ قاغانغا تەقدىم قىلىپتۇ . بۇگۇ قاغان
ئۇلارنىڭ ئۆز سالاھىيەتلىرىگە يارىشا ئوبدان مۇئامىلە قى-
لىپتۇ ۋە ھەدىيىلەر بېرىپتۇ ؛ ھىند پادىشاھىنىڭ سىن -
تۇرقى سەت بولغاچقا ، ئۇنى ھۇزۇرىغا كىرگۈزمەپتۇ ھەمدە
ئۇلارنى ئۆز زېمىنلىرىگە قايتۇرۇپ ، ئۇلاردىن باج - خىراج
ئېلىپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭ يولىدا ھېچقانداق تو-
سالغۇ قالمىغاچقا ، ئۇ قۇز بالىقتىن قايتىپ ، بالدۇرقى ما-

كانىغا كەپتۇ . »

**4 . مىرخاندىنىڭ 《 رەۋزەتۇس سەفا 》 دېگەن تارىخ كىتابىدا بايان قىلىنغان ئوغۇز خان مەنقىبىتى**

« قاراخان . . . ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ، تەختكە ئولتۇرىدۇ . قارا قورۇمنىڭ ئارتاق ۋە كەرتاق دېگەن جاي-لىرىدا يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بار ئىدى . . . قاراخاننىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . . . شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە ، ئوغۇل - قىز بىر ياشقا كىرمىگىچە ئىسىم قوي-مايتتى . . . قاراخان بۇ ئوغۇلغا نېمە دەپ ئات قويساق بو-لۇر دەپ مەسلىھەت سالغاندا ، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بالا ئېنىق قىلىپ : ‹ مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن › دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، قارا خان يېقىن - يورۇقلىرىغا : ‹ بۇ ئوغۇل بىزنىڭ ئادىتىمىزنى بۇزدى ، ئۇنىڭ ھايات - ماماتلىق تەقدىرى بىزنىڭ ئىلكىمىزدە › دەپتۇ . قاراخان قوشۇننى باشلاپ ، ئوغلى — ئوغۇزنى جازالىماق بولۇپ ، ئۇۋغا چى-قىدۇ . . . ئوغۇز خان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، نائىلاج قاراخان بىلەن جەڭ قىلىدۇ . قاراخان ئەجەللىك زەربە يەپ ، يىقىلىپ چۈشىدۇ . . . ئوغۇز خان تەختكە ئولتۇ-رىدۇ . . . 73 يىل خان بولىدۇ . . . ئوغۇز خاننىڭ ۋەسى-يىتى بويىچە ، كۈن خان تەختكە ئولتۇرىدۇ . . . كۈن خاننىڭ ئالتە ئوغلى ۋە ھەربىر ئوغلىنىڭ تۆتتىن بالىسى بولىدۇ . . . ئوغۇز خاننىڭ 24 نەۋرىسىدىن 12 قەۋم ئوڭ قانات ( بۇلار « بۇزۇق » لار ) ، 12 قوۋم سول قانات ( بۇلار « ئۈچ ئوق » لار ) ئاتىلىپ كەلگەن . . . خانلىق دېگىز خانغا يەتكەندە ، ئۇ دەۋران سۈرۈپ ، قېرىپ قال-

غاندىن كېيىن ، خانلىقنى ئېلخانغا بېرىدۇ . ئېلخان زاما-
نىسىدا ، ماۋەرائۇننەھر ۋە تۇران زەمىنى فەرىدۇننىڭ
ئوغلى تۇرغا قارايتتى . . . »

بۇ مەنقىبەت بويىچە ، ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىسى ئېل-
خان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن « تۇر »
بىلەن زاماندىش بولۇپ چىقىدۇ .

### 5 . « تارىخ تەبەرى » دە « تۇر » توغرىسىدىكى مەنقىبەت بويىچە

مەزكۇر كىتابنىڭ تەھمۇرەس ۋە جەمشىد توغرى-
سىدىكى پەسىللىرىدە بايان قىلىنىشىچە : « جەمشىد قې-
چىپ ، زابىلىستانغا بارغاندا ، زابىلىستان پادىشاھىنىڭ قى-
زىنى ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا ‹ تۇر › دەپ
ئىسىم قويىدۇ . . . تۇردىن بولغان ئوغۇل دىستان ، دىس-
تاندىن بولغان ئوغۇل فەرامۇز دەپ ئاتىلىدۇ . جەمشىد
ئۇرۇقىدىن فەرىدۇننىڭ بوۋىسى نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان
كەلتۈرگەن ( ئەسلىدە ، توپان بالاسىدىن كېيىن نوھنىڭ
ئۈچ ئوغلى قالىدۇ ، سامنىڭ ئەۋلادى ئەرەب ـ ئەجەم
خەلقى ، ھامنىڭ ئۇرۇقى ھەبەش ، زەنگىبار ۋە ھىندلار ؛
يافەسنىڭ ئۇرۇقى تۈرك ، سەقلاب ۋە يەجۇج ـ مە-
جۇجلاردۇر ) . فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولىدۇ : چوگى
تۇر ، ئوتتۇرانچىسى سەلم ، كەنجىسى ئەيرەج . . . فەرى-
دۇن جاھاننى پەرزەندلىرىگە تەقسىم قىلغاندا ، تۈرك ،
خەزەرەج ، ماچىن ھەم مەشرىق زېمىنىنى تۇرغا بېرىدۇ
ۋە ئۇنىڭغا فەغفۇر ( تەگرى ئوغلى ) دەپ ئات قويىدۇ . »

بۇ مەنقىبەت بويىچە ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرققە

تارالغان قەۋملەر « تۇر » نىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ .

### 6 . « قۇتلانچىن ھەزرەتنىڭ ئابىدىسى » دە قەيت قىلىنغان مەنقىبەت بويىچە

« كەمىنە خۇاڭ جىن ئېھتىرام بىلەن ئىلاۋە قىلىدۇكى ، جامائەت تەۋسىپ قىلغان قۇتلانچىن ئۇيغۇرلاردىندۇر . ئۇزاق بوۋىسى مەزكۇر ئەلنىڭ پادىشاھىدۇر . شۇ ئەلدە ئىككى دەرەخنىڭ جۈپلىشىشىدىن پورەك ھاسىل بولغان . پورەك يېرىلىپ ، بەش ئوغۇل پەيدا بولغان . ئۇلاردىن تۆتى ئۆلۈپ ، كەنجىسى يالغۇز قالغان . بۇنى خاسىيەتلىك بىلىپ ئىززەتلىگەن . ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگەن . ئۇنىڭ ئەۋلادى ئەلگە پادىشاھلىق قىلغان . »

### 7 . « قوچو پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى » دە يېزىلغان مەنقىبەت بويىچە

« ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدە قارا قورۇم دېگەن تاغ بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئىككى دەريا ئېقىپ چىققانتى ؛ بىرىنى تۇغلا ، يەنە بىرىنى سېلىنگا ( سەلەڭگە ) دەيتتى . كۈنلەردىن بىر كۈنى ، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى دەرەخكە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ . بۇ ئەلدىكىلەر بۇنى ئاسراپتۇ . دەرەختىن پوقاق ھاسىل بولۇپ ، خۇددى ئادەمدەك تولغاق يەپتۇ . نۇر داۋاملىق چۈشۈۋېرىپتۇ . توققۇز ئاي 10 كۈن بولغاندا ، پوقاق يېرىلىپتۇ . بەش ئوغۇل ئاپىرىدە بوپتۇ : كىشىلەر بۇلارنى بېقىپتۇ . بۇلارنىڭ كەنجىسى بۈگۈ قاغان ئىكەن . بۇ چوڭ بولۇپ ، خەلققە باش بولۇپ ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ . پادىشاھ بولۇپتۇ . بۇ-

نىڭ ئەۋلادىدىن 30 پادىشاھ ئۆتۈپتۇ . يۈرۈن تېگىن ۋاق-تىغا كەلگەندە ، تاڭ خانلىقى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش پەيدا بولۇپتۇ . . . »

6 ـ مەنقىبەت بىلەن 7 ـ مەنقىبەتتىكى بايانلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئاتا - بوۋىسى ( بەش ئوغۇل ) دەرەخكە خاسىيەتلىك نۇر چۈشۈش بىلەن دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان ، يەنى نۇردىن تۆرەلگەن . كەنجى ئوغۇل بۆگۈ قاغاننىڭ ئەۋلادىدىن ئۇيغۇرلار شەكىللەنگەن .

## 8 . « يۆ ياڭ تىرملىرى » دە قەيت قىلىنغان مەنقىبەت بويىچە

« شىمالىي تۇتقۇنلارنىڭ سوق ئېلىدە نىپ ـ شىر ئۇلۇسى بار ئىدى . تۆرىسىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى تۆت ئوغۇل تۇغۇپ ، بىرى ياۋا غازغا ئايلىنىپ كەتكەن . قالغان ئۈچ ئوغلى بىر - بىرىگە : ‹ گۇزە ـ گۇزە › دەپتۇ . بۇ ئۆ-كۈز دېگىنى ئىكەن . ئۈچ ئوغلى ئۆكۈزكە ئەگىشىپتۇ ، كالىنىڭ سۈتى ۋە ئېتىدىن ئوزۇقلىنىپتۇ . »

## 9 . خەنزۇچە تارىخ مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىدىن سانال-غان دىڭلىن خەنزۇچە تارىخ مەنبەلىرىدىن « تارىخنامە » ، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى « خەننامە » لەردە بايان قىلىنغان . دىڭلىن بۇ تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغان ۋاقىتلىرىدا ، ئال-لىقاچان مۇستەقىل ئۇلۇس ـ ئىلەت بولۇپ ۋۇجۇدقا كې-لىپ بولغان . تارىخچى دىڭ چيەننىڭ تەتقىقاتىغا ئا-ساسلانغاندا : « دىڭلىن دېگەن نامنى تەھقىقلىسەك ، ئۇ-

نىڭ بىر ئاتىلىشى دىلى، يەنە بىر خىل ئاتىلىشى تىسلى.
ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئالتۇن تاغ ( ئالتاي ) نىڭ جە-
نۇبىدا ياشايدىغانلىرى غەربىي دىڭلىن دېيىلگەن.
بۇلار ( ۋېينامە ) دە گاۋجۈي دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى،
كېيىنچە دىلى يەنە تېلې دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قەۋ-
مىلىرى تۇغلا دەرياسىدىن باشلاپ، يىۋۇ ( باركۆل )، ئال-
تۇن تاغ بويلىرىدىن تارتىپ، تاكى غەربىي دىيارنى قاپ-
لىغان. ئەڭ يىراققىچە تارقالغانلىرى روسىيە تەۋەسى-
دىكى سىر دەرياسى، قارا دېڭىز بويلىرىغىچە يەتكەن.»

تارىخشۇناس خۇ چيۇيۈەنىنىڭ پىكرىچە:
«دى — دىڭلىنىنىڭ قىسقارتىلمىسى. كېيىنكى چاغلاردا، يەنى شىمالىي ۋە جەنۇبىي خانلىقلار زامانلىرىدا دېيىلگەن گاۋجۈي، تېلېلار دىڭلىنىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. ئوغۇز دېگەن نامۇ دىڭلىنىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. تۈركلەر بولسا، دىڭلىن، ئۇگيە ( ئوغۇز )، جيەنكۇن ( قىرقىز ) لاردىن 800 يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن. تۈركلەر دەسلەپتە ناھايىتى زور ئىمپېرىيە قۇرۇش بىلەن داڭق چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارچە مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان.»

يەنە بىر تارىخشۇناس شى يىڭنىڭ مۇھاكىمىسىچە:
«تۈركىي سىستېمىدىن جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن ئۇچرايدىغانلىرى دىڭلىن ياكى دىڭلىڭ ( خەنزۇچە بىر قانچە خىل يېزىغان — نەقىلچى )؛ كېيىن بۇلار تيېلې، تىېلې، تېلې، دىلى دەپمۇ ئاتالغان؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى دەرۋدىكى دىلاردۇر. بۇ بىر قانچە خىل ئىسىم بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنغان نامنىڭ

نەچچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر . دىڭلىڭ بىلەن تىيىلىنى مىسال قىلساق ، دىڭلىنىڭ ئىككىنچى بوغۇملىرىدىكى ng ( ڭ ) تاۋۇشىنى مۇنداق تەلەپپۇز قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن مىللەتلەر قىسقارتىۋېتىپ ، تىيىلى دەپ ئاتىغان . بۇنىڭدىن باشقا ، گاۋجۇي دېگەن غەيرىيچە نامنى ئالساق ، بۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولماي ، مەنا تەرجىمىسىدۇر . يۇقىرىقى ناملاردىن ئومۇمىي نامنى قوبۇل قىلماقچى بولساق ، بۇ ناملارنىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى دىڭلىن ، بۇنىڭ ھازىرقى ئاتىلىشى ئۇيغۇر . لېكىن ، ئېتنوگىنىز جەھەتتىن تۈرك دېگەن نام ئومۇملاشقان . »

6 ـ ئەسىردىن كېيىن ، ئۇيغۇر دېگەن نام ئومۇملاشقاندا ، دەسلەپ « كونا تاڭنامە » دە « ئۇيغۇر تەزكىرىسى » دەپ مەخسۇس باب ئاجرىتىلغان . ئۇنىڭدىن كېيىن « يېڭى تاڭنامە » ، « بەش زامان تارىخى » ، « سۇڭنامە » ۋە باشقا تارىخ مەنبەلىرىدە مەخسۇس تەزكىرىلەر يېزىلغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مەخسۇس تەزكىرە قىلىپ يازغان مەزكۇر تارىخ مەنبەلىرىدىن بەزى بايانلارنى كەلتۈرىمىز :

« كونا تاڭنامە » 195 ـ جىلدىدە : « ئۇيغۇر — بۇنىڭ ئەجدادى ھۇننىڭ ئەۋلادى . كېيىنكى ۋېي زامانىدا تىيىلې قەبىلىسى دەپ ئاتالغان . تۇرقى ـ جۇغى كىچىكرەك ، ناھايىتى باتۇر ـ قەيسەر ؛ ئېگىز ھارۋىلارغا تايىنىدۇ ، تۈرككە قارام بولغان ، يېقىندىن بۇيان تېلې دېيىلگەنلەر شۇ . »

« يېڭى تاڭنامە » 217 ـ جىلدىنىڭ بىرىنچى قىس-

ىمدا : « ئۇيغۇر ــــ ئەجدادى ھۇنلاردۇر . دەسلەپكى ۋېي
زامانىدا گاۋجۇي ئۇلۇسى دەپ ئاتالغان ، بۇلار ھەم تىىپلې
دېيىلگەن ، بۇ نام تىيېلې دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەن .
تۈرككە قارام ئىدى . »
« ھۆججەت ــ ۋەسىقىلەردىن تەھقىقلەنگەنلىرى »
347 ــ جىلد ، « ئۇيغۇر »بۆلۇمىدە : « ئۇيغۇر ــــ ئەجدادى
ھۇندۇر . ئادەتتە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرىدۇ ،
دەسلەپكى ۋېي زامانىدا گاۋجۇي دەپمۇ ئاتالغان ، تىىپلې
دېيىلىپ ، كېيىن تىيېلې دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەن . »
« كــونــا بەش زامان تارىــخى » 108 ــ جىــلددە :
« ئۇيغۇر ــــ ئەجدادى ھۇن قەۋملىرىدىن . كېيىن ۋېي
زامانىدا تىيېلې دەپ ئاتالغان . تاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە
تېلې ، كېيىن ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان . »
« سۇڭنامە » 490 ــ جىلددە : « ئۇيغۇر ــــ ئەسلى
ھۇننىڭ باشقا ئەۋلادىدىن . كېيىن ۋېي دەۋرىدە تىيېلې
دەپ ئاتالغان . تاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تېلې ، كېيىن
ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان . »
« ئومۇمىي تەپسىراتلارنىڭ داۋامى » 636 ــ جىلد ،
« تۆت يى ( يــات ئــەل ) لار تەزكــىــرىــلــىرى » II دە :
« خۇيخې ، يەنى خۇيخۇ ــــ ئۇيغۇر ــــ ئەجدادى ھۇن .
سۇي زامانىدا ئۇيغۇر ( ۋېيخې ) دېيىلگەن . تۈركگە قارام
ئىدى . »
بىر قانچە ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇن
ئەمەس ، پەقەت ھۇن ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە قارام ئۇلۇس
ئىدى ؛ ئۇيغۇر بىلەن ئوغۇز بىر نامنىڭ ئىككى خىل ئاتى-
لىشىدۇر ، دەپ ھېسابلايدۇ . ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭ چەت

ئەل ۋە جۇڭگو تۈركولوگلىرىنىڭ مەزكۇر مەسىلىدىكى
كۆز قاراشلىرىنى خۇلاسىلاپ، شۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇز
بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن ناھايىتى زىچ.
قەدىمكى دەۋردە تۈرك - ئۇيغۇر تىللىرىدا «ز» بىلەن
«ر» تاۋۇشلىرى ئالمىشىپ تۇراتتى. ئوغۇز ئوغۇر -
ئۇيغۇر، ھەتتا گاھىدا سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى
چۈشۈپ قالاتتى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا
ۋۇگې، يۈەنخې، ۋۇخۇ، ۋۇخې، ۋېيخې، خۇيخې،
خۇيخۇ، يۈەن دەۋرىدىن كېيىن ۋېيۇۇ، ۋېيۇۇر دېگەندەك
خىلمۇخىل خەتلەر بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
بېرىلگەن. بىر قانچە ئالىملار ئوغۇزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن دانىيىلىك ئالىم ۋ. تومسېن ئەشۇ
قاراشنى ئاللىقاچان بىلدۈرگەن. ئۇيغۇر قاغانلىرىغا بې-
غىشلانغان يۈتۈكتاش (ئابىدە) لاردا (مېنىڭ بۇدۇنۇم
ئوغۇز) دېگەن گەپ كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئوغۇز بى-
لەن ئۇيغۇر بىر نام ئىكەنلىكىگە شۈبھە يوق.»
فرانسۇز ئالىملىرىدىن م. رېنا رېنائۇد تەسنىپ
قىلغان كىتابلار سېرىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا كىرگۈ-
زۈلگەن مەنبەلەردىن ئەرەب سودىگىرى سۇلايمان سايا-
ھەتنامىسى، كېيىنكى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن مەنبەلەردىن
پارس قولتۇقىدىكى سودا پورتى — سىراف ياكى سەناۋى-
يىلىق ئەبۇ زەيىد ھەسەننىڭ ساياھەت خاتىرىسى، ئەرەب-
لەردىن ئەبۇ دۇلەف مىسەر ئىبنى مۇخەلخەلنىڭ ساياھەتنا-
مىسى، سىجىلىيىلىك ئىدرىسنىڭ جۇغراپىيە كىتابى قا-
تارلىق ئەسەرلەردە «تاغازغاز»، «توغۇزغۇز» دېيىلگەن-
لەرنى غەرب تارىخچىلىرى ئۇيغۇرلاردۇر، بۇنىڭ تارقالغان

زېمىنى خارەزىمغىچە يەتكەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

دېمەك، توقۇز ئوغۇز — توقۇز ئۇيغۇر، ئوغۇز — ئوغۇر — ئۇيغۇر ھەممىسى بىر ئېلەتنىڭ نامىدۇر. ئوغۇز خاننىڭ «مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى» دەپ جاكارلىغانلىقمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

# تۆتىنچى باب

## ئېتنىك تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي ھايات

ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىمكى زاماندىكى ھاياتىغا دائىر يازما مەنبەلەر ناھايىتى ئاز بولغاچقا، يېقىنقى چاغلاردا تەخمىنەن شۇلار ياشىغان زېمىن دائىرىسىدە تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بويىچە قىياسەن پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە قەدىمكى ئەجدادلىرى دىڭلىن ~ دىلار دەپ ئېنىق قەيت قىلىنغان. مەزكۇرنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا قەدىمكى ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ياشاش تەرزلىرىنى قېدىرىپ كۆرەيلى.

«ۋېي مۇختەسەرنامىسى»نىڭ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»دە دىڭلىنلەر ھەققىدە مۇنداق بىر مەلۇمات بار: «دىڭلىن ئېلى قاڭغۇيىنىڭ شىمالىدا، ئالتە تۈمەن ئەسكىرى بار، چارۋىچىلىق قىلىدۇ... شىمالىي دىڭلىنلەر ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدە... ئۇيسۇن ئاقساقاللىرىنىڭ دېيىشىچە، شىمالىي دىڭلىنلەردە ئات پاچاقلىقلار ئېلى بار. بۇ ئادەملەرنىڭ ئاۋازى خۇددى غازنىڭكىدەك ئاڭلىنىدۇ. تىزىنىڭ ئۈستى — بويى ۋە بېشى ئادەم سىياقىدا. تىزد-

نىڭ تۆۋىنى تۈكلۈك بولۇپ ، ئاتنىڭ پاچىقىغا ئوخشايدۇ . ئات مىنىمىسمۇ خۇددى ئاتنەك ئىلدام ماڭىدۇ . ئادەملىرى باتۇر - ساغلام ۋە ئۇرۇشتا جەسۇر . » مۇشۇ مەزمۇندىكى سۆزلەر « تاغ - دەريالار بايانى » نىڭ 18 - جىلدىدىمۇ يېزىلغان : « دىڭلىن ئىلى بار ، خەلقىنىڭ تۇرقى مۇنداق : تىزىنىڭ تۆۋىنى تۈكلۈك ، ئات پاچاق ، تېز ماڭىدۇ . » ئات مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ قەۋملەرنى ئات سىياقىدا تەسۋىرلىگەنلىكىدىن مەزكۇر قەۋملەرنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيە ھالىتىنى قىياس قىلىۋالغىلى بولىدۇ . بۇ دىڭلىنلەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قوشنىسى بولغان خۇاشيالار ( خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى ) نىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتى . بۇ مەلۇمات بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى ياشىغان سالنامىچىلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان پاراڭلار ۋە ئۆزلىرى ياشىغان زاماندىن ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ئاھالىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان . بۇ قەۋملەر غەربىي جۇ دەۋرى ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1066 — 770 - يىللىرى ) دە « غەربىي رۇڭلار » دەپ ئاتالغان . چاناقلارغا يېزىلغان بايانلاردا « رۇڭ » نى « كەسمەك » ، « چاپماق » دەپ يەشكەن ، يەنى « ئۇرۇش - سوقۇش » ، « ئۇرۇشقاق » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن . دەرۋەقە ، بۇ نام ھازىرقى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاتىشى بولماستىن ، غەربىي جۇ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئاتىشى ئىدى . شاڭ دەۋرىدە بولسا ( مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1711 — 1066 - يىللىرى ) شىمالىي ۋە غەربىي قوشنا قەۋملەرنى « گۈي » ( جىنلار ) دەپ ئاتىغان .

« خەت ـ بېتنىك شەرھى » دە چۈشەندۈرۈلۈشىچە ،
« گۆي » ئىروگلىفى سىن ـ تۇرقىنى بىلدۈرىدۇ .
« تۇرقى جىنغا ئوخشايدىغان ئادەملەر » دېمەكتۇر .
« گۆيلار ماكانى » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى : مەز-
كۇر ئادەملەرنىڭ قىياپىتى غەلىتە كۆرۈنگىنى ئۈچۈن ،
سىن ـ تۇرقىغا قاراپ كەمسىتىپ قويۇلغان نام ئىكەن . يەنى
ئوتتۇرا ئىقلىمدىكىلەر ( جۇڭگولۇقلار ) شىمالىي قوشنى-
لىرىغا قويغان بەدنامدۇر . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ قەۋملەر
قىزىل دىلار دەپ ئاتالغان . چۈنچيۇ ( « يىلنامىلار » )
دەۋرىدە شىمال ۋە غەربتىكى قوشنا قەۋملەرنى يىغىشتۇ-
رۇپلا « شىمالىي دىلار » دەپ ئاتىغان .

بۇ بايانلاردىن « دى » ياكى « دىڭلىن » دېيىلگەن
قەۋملەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ( ئەمما قەبىلە ـ
قەبىلە بولۇپ ياشاۋاتقان ) ھالەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە
بىلىۋالغىلى بولىدۇ . يۇنان مۇئەللىپلىرىنىڭ يېزىشىچە ،
قەدىمكى پارس ئاخمانىيلار دەۋرىدە ، ئامۇ دەرياسىنىڭ
كەينى ( شەرقىي ) دىكى تۈزلەڭلىكلەردە ياشىغۇچى
قەۋملەردىن بىرىنى « دېبرىك » ياكى « تېگرىك » دەپ
ئاتىغان . ھىرودوتنىڭ كەمتۈك تارىخنامىسىدا قەيت
قىلىنىشىچە ، « ئۇلار ھەم ئاتتا ، ھەم پىيادە ئۇرۇشىدۇ ،
ئۇلار ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى ئۇسۇلىنى بىلىدۇ . ئوقيا ۋە
نەيزىلەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ ؛ ئادەتتىكى ياراغلار ۋە ئايپال-
تىلار بىلەن قوراللانغان . ئۇلارنىڭ بارچە بۇيۇملىرى ئال-
تۇن ۋە مىستىن ئىشلەنگەن : نەيزە ، يا ، ئايپالتىلار مىستىن
ياسالغان ؛ باش كىيىملىرى ، بەلباغلىرى ، قېيىشلىرىنىڭ
توقا ـ نەقىشلىرى ئالتۇن بىلەن بېزىتىلگەن . ئۇلارنىڭ

ساۋۇتلىرى مىستىن، ئىگەر ـ جابدۇق، نۇختا ـ يۈگەن، سۇلۇق ـ ئېغىزدۇرۇق، بۇرۇندۇق، تۆشلۈكلەر ئالتۇندىن . . . ئۇلاردا ئالتۇن، مىس ناھايىتى كۆپ ئىكەن . . . »

خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، قىزىل دىلاردىن بىر قىسمى ئۇزاققىچە بىر ماكاندا تۇرۇپ، قوپال ئېكىنچىلىكتىن بارا ـ بارا رەسمىي دېھقانچىلىق باسقۇچىغا ئۆتكەن. «زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، قىزىل دىلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

غەربىي رۇڭلارنىڭ سىن ـ تۇرقى باشقا قەۋملەردىن پەرقلىنەتتى. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جۇيۈەن دېگەن يېرىدىن ئىككى ئەر كىشىنىڭ سۆڭەكتىن ئويۇلغان كاللىسى تېپىلغان. سىياقىدىن كۆزلىرى چوڭقۇر، قاڭشارلىق ھەم ساقاللىق بولۇپ، جۇ ئاھالىسىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشىمايدىكەن. ئارخېئولوگلارنىڭ تەھلىلىچە، بۇ «جىنلار» دەپ ئاتالغان قەۋمنىڭ قىياپىتى ئىكەن. جۇ — دېھقانچىلىق ئېلى بولۇپ، ئۇنىڭ بازىسى ھازىرقى شەنشىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. غەربىي رۇڭلار ھازىرقى شەنشى ـ گەنسۇنىڭ غەربىدىكى يەرلەرگە ئورۇنلاشقانىدى.

ئارخېئولوگلار ئالتاي ۋە بايقال تەرەپلەردىن بىرمۇنچە تېپىندىلارنى قېزىپ تاپقان. ئالتاي تەرەپتە دېنىسوۋسكىي دەپ نام قويۇلغان غاردا قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇ جايىدىن كىرېمنىي يالپاق گرانىت ۋە ياۋايى ھايۋان سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان ئىش قوراللىرى، جۈملىدىن ھەر خىل نەقىشلىك ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ھەممىدىن مۇ-

ھەممى شۆكى ، بايقال تەرەپتە بىر تاش گۆر ( تەخمىنەن
مىلادىيەدىن ئىلگىرى 3 — 2 ئەسىردىن بۇرۇن ) دىن
تۆمۈردىن سوقۇلغان يۇگەن ئېغىزدۇرۇقى تېپىلغان . سى-
بىرىيىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدە ياشىغان بۇ قەۋملەر ئىش-
لىتىدىغان قورال ـ سايمانلىرىغا ئاجايىپ بۇقا ۋە ئاساتىر-
دىكى ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرىنى ئويغانىكەن .

« تارىخنامە » نىڭ « چەۋەنداز سانغۇن تەزكى-
رىسى » دە يېزىلىشىچە ، شىمالدا ھۇنلارغا قارشى بىر قى-
سىم ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن « تامغان تېغى بويىدىكى
شەھەرگىچە بېرىپ ھۇنلار توپلىغان ھەربىي ئاشلىقنى
ئولجا ئالدى ، قوشۇن بىر كۈن تۇرۇپ ، قايتار چاغدا
ئۇلارنىڭ شەھىرىگە ئوت قويۇپ ، قالغان ئاشلىقنى كۆي-
دۈرۈۋەتتى » . يەنە « ھۇنلار تەزكىرىسى » دە يېزىلىشى-
چە ، « ۋېيلۈي ( ئۆرتلۈگ ) تەڭرى قۇتۇكەڭرۈگە قۇدۇق
كولاش ، سېپىل سوقۇش ، ئۈكەك ـ تۇرالار سېلىپ ئاش-
لىق يىغىش كېرەك ، دەپ پىلان كۆرسەتكەن » ( دىڭ-
لىنلەرنى ھۇنلار بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، ئۆرتلۈگنى
دىڭلىنلەرگە پادىشاھ قىلغانىدى ) . دېمەك ، دىڭلىنلەر
شەھەر ـ سېپىل سېلىش ۋە دېھقانچىلىقنى ھۇنلاردىن
ئىلگىرى بىلەتتى .

بۇ پاكىتلاردىن مەلۇمكى ، دىڭلىنلەر ( ‹ تېگ-
رىك › تىغراق ياكى دېبرىكلەر ) تۇران زېمىنىدا شەكىل-
لەنگەن ئوتلاق مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەۋملەردىن بىرى-
دۇر . بۇ قوۋم مىلادىيەدىن خېلى ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچكەن ۋە دۆلەتنىڭ
دەسلەپكى ئۇندۇرمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى . تارىم

بويىدىكى قەدىمكى قەۋملەر ( ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرىپ سىڭىپ كەتكەن ئارىيان تىپلىق ساكلار ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ گۇزلار ) مىلادىيىدىن 1000 يىللار ئىلگىرىلا شەھەر بەگلىكلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى . بۇنى تارىخىي يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان .

ئابا — ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئېنىقراق تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەشكىلاتىنى ، يەنى ئائىلە ، قەبىلە ۋە ئەل تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى .

قەدىمكى ئابا — ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ، بىر ئۇرۇق بىر جامائەت بولۇپ ياشاش ھالىتىدىن ئۆي ، ئوبا ، ئوتاغ ، قونۇم ، ئۇلۇش ، تۈز - يۇرت ، ئەل بولۇپ ياشايدىغان سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچكەن ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھاكىمىيەت شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . بۇنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن ، ئابا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرۇغ — تارىخ ① تۈزۈلمىلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ .

## 1 . ئائىلە

لۇغەت كىتابلىرىدا ئائىلىگە مۇنداق شەرھىي بېرىلگەن : قانداشلىقنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش

---

① ئۇرۇغ - تارىخ — ئاپتورنىڭ تەكلىپى بويىچە ، « ئۇرۇق - تارىق » دېيىلمەي ، « ئۇرۇغ - تارىخ » دەپ ئېلىندى — مۇھەررىردىن .

تەشكىلاتىنىڭ بىر خىل شەكلى — ئائىلە. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىكى يەككە ئائىلە شەكىللەنگەن. ئائىلە بولۇپ شەكىللىنىش ئۈچۈن قاياشلار ۋۇجۇدقا كېلىشى شەرت. قاياش — نىكاھلىنىش ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي بىرلىكتۇر. ئالدى بىلەن، ئانا نەسەبىدىكى چوڭ قاياشلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا نەسەبىدىكى چوڭ قاياشلار ۋۇجۇدقا كەلگەن.

قاياشلار ئۇرۇقتىن تارقىلىدۇ. دەسلەپكى ئۇرۇقلار ئىپتىدائىي جامائە دەۋرى ( كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرى ) دە ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مۇنداق چۈشەندۈرگەن: « ئۇرۇغ — يەرگە چېچىلىدىغان دانمۇ ئۇرۇغ دېيىلىدۇ . . . يېقىن تۇغقانلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ ئۇرۇغ - تارىغ دېيىلىدۇ. » ئۇرۇغ - تارىغ — بىر ئۇرۇغدىن تارالغان دېگەنلىكتۇر.

يازما تارىخى ئۇزۇن بولغان خەنزۇ، گرېك - يۇنانلاردىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

تارىخىي يازما مەنبەلىرى ئەڭ كۆپ بولغان خەنزۇلاردا « فامىلە » ۋە « جەمەت » ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىنمۇ قەدىمكى ئائىلە - جەمەت ئەھۋالاتىنى نىسبەتلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇزاق قەدىمكى زاماندا « فامىلە » ( شىڭ 姓 ) بىلەن « جەمەت - ئۇرۇق » ( شى 氏 ) مەنا جەھەتتىن پەرقلەنگەن. خەنزۇلاردا ئەڭ قەدىمكى فامىلىلەر خەتتىنىڭ « 女 » ( ئايال ) يان بۆلىكىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىڭ خېتى « 女 » بىلەن « 生 »

( شىنىڭ — تۇغماق ) ئىككى خەتتىن تۈزۈلگەن . تەخمى-
نەن ئالىنلىق قاياش جەمئىيىتى دەۋرىدە ، كىشىلەر ئايرىم —
ئايرىم فامىلە بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك . دەسلەپكى فا-
مىلە بىر جەمەتنىڭ بەلگىسى بولغان ، بۇ ئايرىم شەخس-
كىمۇ مەنسۇپ ئەمەس ، ئائىلىۋى نەسەپكىمۇ مەنسۇپ ئە-
مەس ، بەلكى مەلۇم بىر قاياشنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان .
« شى » ( 氏 ) بولسا ، « فامىلە » دىن ئايرىلىپ چىق-
قان . « زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى » دىكى شەرھىي بويىچە :
« فامىلە — تۇغماق دېمەكتۇر ، بۇ ئەجداد بولىدۇ — دە ،
ئۇنىڭدىن بىر — بىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ، ئەۋلادى يۇزلى-
گەن نەسەبكە يەتسىمۇ ، دەسلەپكى فامىلە ( 姓 ) ئۆزگەر-
مەيدۇ . ( زۇ ) ( 族 ، ئۇرۇغ — تارىغ ) مەنسۇپ دې-
مەكتۇر ، پەرزەنت — ئەۋلاد بىر — بىرىگە باغلىنىپ ما-
ڭىدۇ . بۇنىڭ باشقا تارماقلىرى ئۆز ئالدىغا بىر ئۇرۇغ —
جەمەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ . »

قەدىمكى يۇنان ۋە رىملىقلاردىمۇ « كلان » ( كى-
چىك گۇرۇھ ، ئائىلە ) دىن « گېن » ( مەنبە ، نەسىل ،
نەسەب ) كېلىپ چىققانىكەن .

قاياش ئەسلى قاداش دەپ ئاتالغان . قاداشنىڭ
تۈپ تومۇرى « قا » دۇر . كلاۋسون « تۈركىي تىلنىڭ
ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى » دە ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ھۆججەتلەرگە ئاساسەن قاداشنى « فامىلە ۋە جەمەت
( نەسىل — نەسەپ ) » دەپ يەشكەن . « قەدىمكى ئۇي-
غۇرچە تېكىستلار » نىڭ Ⅲ قىسمىدىن مۇنداق مىسال كەل-
تۈرگەن : « قامىن قاداشىمىن ، قاسى قاداشى قا قاداشقا
تارتىنغۇچى بولۇر » ( « مېنىڭ ئائىلىۋى جەمەتىم بولسۇن

ياكى باشقىلارنىڭ ئائىلىۋى جەمەتى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ نەسلى ـ نەسەبىنى تارتىدۇ »).

« قۇتادغۇبىلىك » تىمۇ « قا ـ قاداش » ئىشلىتىلگەن بېيىتلار خېلى كۆپ، شۇلارنىڭ بىرىدە:

يارىشقۇ كەرەك قا ـ قاداشلار بىلە،
قاتىلغۇ كەرەك ئەش ئاداشلار بىلە.

تۈركولوگ كىلاۋسون لۇغىتىدە، تۈركىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن « قا » سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى « قاچا »، « تومۇر »، كۆچمە مەنىسى « فامىلە »، « تۇغقان » دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ يەشكەن. بۇ ھەقتە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » غا مۇراجىئەت قىلساق، مانا مۇنداق ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق: « تۈدەش » دېگەن سۆزنى « تۈرداش نەرسە، بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان بىر جىنستىن بولغان نەرسىلەر » دەپ ئىزاھلاپ كېلىپ، « داش » قوشۇمچىسىدىن « قارىنداش »، « ئەمىكداش »، « يەرداش » ( بىر يەرلىك ) دېگەندەك سۆزلەر ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن؛ جۈملىدىن « يېقىن تۇغقان قاداش دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى قاچا دېگەن مەنىدىكى ‹ قا › سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ‹ داش › قوشۇلغاندا، بىر قاچىدا، يەنى ئانىنىڭ قارنىدا بىللە ياتقان بولىدۇ. »

« قا » دېگەن سۆز تومۇرىدىن « قاپ »، « قاي »، « قاڭ » سۆزلىرى تۈرلىنىپ چىققان: « قاپ ـــ ئانىنىڭ قورسىقىدا بالىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاپ »، « قاپ ( كۆچمە مەنىدە ) ـــ تۇغقان؛ ئۇل مەنىڭ

بىرلە ئۇياقاپ ئول ( ئۇ مەن بىلەن بىر قورساقتىن چۇشـ
كەن يېقىن تۇغقان ) » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ
توم . )

« قاي » سۆزى « ئانىغا يېقىن » ، « ئانا جۇملىـ
سىدىن » دېگەن ئۇقۇم ئاساسىدا ، « بويىغا يەتكەن قىز »
دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن ، شۇڭا ياتلىق قىلىنمىدىغان
قىز « قايلىق » دەپ ئاتالغان . بۇ سۆز 15 ـ ئەسىردىمۇ
كەڭ قوللىنىلغان . مەسىلەن ، ئەلىشىر ناۋائىي « لەيلى ۋە
مەجنۇن » داستانىدا مۇنداق يازغان :

بىر قايلىغى بار ئىمىش پەرىۋەش ،
باشىدىن ئاياغى لەتىفۇ دىلكەش .

« قاڭ » قەدىمكى تۈركىي تىلدا « ئاتا » دېگەنـ
لىكتۇر . بۇ سۆزلەردىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ،
« قا » « قاپ » سۆزلىرى « ئانىنىڭ قارنى » ئۇقۇمىنى
بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، « ئانىلىق ئائىلە » ( ئانا ئاساسـ
لىق ئورۇن تۇتقان ئائىلە ) نى كۆرسەتسە ، « قاڭ » ۋە بۇ
سۆزدىن تۈرلەنگەن « قاگداش » سۆزلىرى « ئاتىلىق ئاـ
ئىلە » ( ئاتا ئاساسلىق ئورۇن تۇتقان ئائىلە ) نى كۆرسـ
تىدىغانلىقى مەلۇم . مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار
دىۋانى » دا « قاگداش » سۆزى « قانداش » مەنىسىنى
بىلدۈرىدىغانلىقىنى يازغان . بۇ مەنىگە ئاساسلانغاندا ،
« ئاتا قېنىدىن بولغان » ، « قاڭ پۇشتى » ( ئاتا پۇشتى )
دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ . « قاگداش ـــ قانداش . قاگداش
قاداش ـــ ئاتىسى بىر ، ئانىسى باشقا قېرىنداشلار . »ماقالدا
مۇنداق كەلگەن : « قاگداش قۇما ئۇرۇر ، ئىگدىش ئۆرۈ

تاتار ـــ ئاتا بىر ، ئانىسى باشقا قېرىنداش چىقىشالمايدۇ ، ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىنداش قوللىشىدۇ » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ) . ئائىلە ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە تەبىئىي يۇسۇندا پەيدا بولغان ، دەسلەپ ئانىلىق ئائىلە پەيدا بولغان .ئانىلىق ئائىلە باسقۇچىدا نەسەب ئانىغا باغلىناتتى . بۇنداق ئائىلىدە توغۇرلار ، يەنى ئانا تەرەپتىن بولغان قاداشلار بولاتتى . بالا ئۆز ئانىسىنىڭ توتېمىغا ۋارىسلىق قىلاتتى ؛ بالىنىڭ ئاتا بىلەن ھېچقانداق قاياشلىق مۇناسىۋىتى بولمايتتى . ئانىلىق ئائىلىدە ئاچىق ـــ ياشتا چوڭ بولغان ، يەنى ئانىنىڭ ئىگىچىسى باللارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ھامىيلىق قىلاتتى . ئەمما ، ئۆي ـ بارقى ( مۈلۈك ) غا ئىگىدارچىلىق قىلمايتتى . ئانىلىق ئائىلە توغۇر تۆركۈن دېيىلەتتى . بۇنداق تۆركۈننىڭ باشلىقى « ئۆگە » دېيىلەتتى . ئاتا نەسەبداشلىق باسقۇچىدا ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش يىغىم ـ تېرىم ۋە بېقىمدىن ئىبارەت بولۇپ ، يىغىم ـــ تەبىئەتتىكى تەييار يېمەكلىكلەرنى يىغماق ؛ تېرىم ـــ ئىپتىدائىي زىرائەت تەرمەك ؛ بېقىم ـــ چارۋا مال باقماق ئىدى . ئەرلەر بولسا ، ئاساسلىق ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى .

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ، ئائىلە تۈزۈمى راۋاجلىنىپ ، ئاتىلىق ئائىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . ئاتىلىق ئائىلىدە نەسەب ئاتىغا باغلانغان . پەقەت ئاتا تەرەپتىن بولغان قاياشلار بۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان . قاياشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنغان . ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە چارۋىچىلىق ئاساس ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنغان . بۇنداق ئائىلە قاڭداش

تۆركۈن دېيىلگەن.

تۆركۈن سۆزى ئائىلە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «تۆركۈن — ئۇرۇغ - ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇغ - تۇغقانلارنىڭ توپلانغان يېرى؛ ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى. قىز تۆركۈنگە كەلدى — قىز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.»

تۆركۈنلەرنىڭ بەلگىلىك ئورناقلىرى بولاتتى. «ئورناق — يەر - ئورۇن، جاي - تەرەپ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم). ئاتىلىق تۆركۈندىمۇ ئاتا بىلەن ئانا ئائىلىۋى ئورۇن جەھەتتە تەڭ - باراۋەر ئىدى، پەقەت ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنى يارىتىشتا پەرقلىنەتتى. ئەمما، تۆركۈننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشتە ئانا ئۆز رولىنى جارى قىلاتتى. ئاتا تۆركۈننىڭ باشلىقى ئىدى ۋە ئىچكى - تاشقى مۇئامىلىلەردە ۋەكىل بولاتتى.

ئاتىلىق تۆركۈندە، تۆركۈن باشلىقى «ئاغۇن» (ئاغۇن / ئوغان، يەنى ئىگە، خوجا) دېيىلەتتى. تۆركۈننىڭ تەركىبى مۇنداق بولاتتى:

| | |
|---|---|
| ئاغۇن | ئاتا |
| ئۆگە | ئانا |
| ئەر | خوتۇننىڭ ئېرى |
| كىس - ئۇراغۇت | خوتۇن |

(كىسلەر ئۆز ئىچىگە قۇدۇز - قىرقىنلارنىمۇ ئالىدۇ.)

| | |
|---|---|
| ئۆرى | ئوغۇل |
| قىز | قىز |
| كەلىن | كېلىن |

تۆركۈندە « ئوچاق » قەدىرلىنەتتى . چۈنكى ، ئوچاق مەبۇدنىڭ ئورنى دەپ قارىلاتتى . بۇ جەھەتتە ، ئاتىنىڭ ئوچاقتا باغلىق بىر مەبۇدى بولغىنىدەك ، ئانىنىڭمۇ بىر مەبۇدى بولاتتى ( ھازىرمۇ « ئوي – ئوچاقلىق بولۇش » دېيىلىدۇ ) . بۇ مەبۇدلار « ئوت ئاتا » ۋە « ئوت ئانا » دېيىلەتتى . ئوچاقتا ئائىلىنىڭ ھاياتى ۋە روناق تېپىشىنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە دائىم « قوقاس » ساقلىناتتى . ئائىلىنىڭ ئوتى مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن ، ئاغۇن ياكى ئۆگە قوقاسنى كۈلگە كۆمۈپ قوياتتى ۋە لازىم بولغاندا كۈلنى ئېچىپ ، پۈۋلەپ ئودغۇچ / ئوزغۇچ قىلاتتى ( قىپقىزىل يالقۇنجىغان چوغ « ئوتقاش » دېيىلىدۇ ۋە چوغدەك قىپقىزىل بولغان نەرسە ئوتقاشقا ئوخشىتىلىدۇ ) . قوقاس ئۆچۈپ قالسا ، ئۆز قاياشلىرىدىن تىلەپ ، ئارچا ۋە ئارتۇچ شېخىدا ئېلىپ كېلەتتى . بۇ ئودغۇچ ( ئوزغۇچ ) ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئائىلىدە بىللە ياشاپ تۇرغان ئەرۋاھى ۋە ئائىلىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنىڭ تىمسالى ھەمدە مەبۇدى ( تىۋىنغۇچىسى ) ھېسابلىناتتى . ياۋروپا سەيياھ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرىدىن گرېناردىنىڭ ئالتاي – تۇۋا ھەم ياقۇتلارنى تەكشۈرگىنىدە ، « ئوت ئاتا » ۋە « ئوت ئانا » نىڭ تىمسالى سۈپىتىدە بىر قانچە سەنەم ( بۇت ) لەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن مەلۇمات بەرگەن .

ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئائىلىلەردىن ئوي ـ ئوچاقلىق ئائىلە ئايرىلىپ چىققان ، بۇنداق ئائىلە ئۆيلىنىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ، ئۆي ـ بارق ياكى ئۆز ئالدىغا ئۆي ـ ئوچاق ئىگىسى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى . ئادەتتە ، ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەن يىگىت ئائىلە قاياشلىرىنىڭ كېڭىشىدىن ئۆتەتتى . كېڭەش يىگىتنىڭ ھالىغا قاراپ ، بىرەر قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلاتتى ، يەنى بىرەر يولۋاس ، قاپلان ياكى يەل بۆكە ( يەل مۇڭگۈز ياكى ئەجدىھا ) نى ئوۋلاپ كېلىشنى شەرت قىلاتتى . ئۆي ـ ئوچاق ئايرىپ چىقىشاندىن كېيىن ، يىگىت ئاتا ئوچىقى ( ئۆي ـ بارقى ) دىن بىر ئۈلۈك ( ئۈلۈش ) ، قىزمۇ « يۇمۇش » نامى بىلەن بىر ھەسسە ئالاتتى . بۇلار بىر « چىگ » ( ھويلا ـ قورۇ ) دائىرىسىدە ئوتاغ قۇراتتى . بۇلار ۋە بالىلىرى « ئۇيا قاداش » دەپ ئاتىلاتتى . يېڭى قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ قونۇمى ( تۇرالغۇسى ) نى « ئاق ئۆي » دەيتتى ، يەنى يېڭىدىن ئۆيلەنگەن يىگىت ـ قىز ئۈچۈن يېڭى ئۆي ــ « يېڭى چېدىر » تىكلەيتتى . قەدىمكى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز « ئۆكۈز » ( ئۆگۈز ) نى قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈن ، يېڭى ئائىلىدە ئىككى سەنەم بولاتتى : بىرى ، ئوڭ ياقتا قىسراق ئەمچەكلىك سەنەم ، يەنە بىرى ، سول ياقتا ئىنەك ئەمچەكلىك سەنەم قويۇلاتتى . ئوڭدىكىسى ئەرنىڭ ، سولدىكىسى خوتۇننىڭ تىمسالى قىلىناتتى . بۇنداق « ئۇيا » لاردىن ۋۇجۇدقا كېلىپ كۆپەيگەن « تويغۇن / تويگۇن » ( ئەۋلاد ) لار « ئۇرۇغ ـ تارىغ » ( بىر ئۇرۇغدىن تارالغانلار ) دەپ ئاتىلاتتى . ئۇرۇغ ـ تارىغلارنىڭ بىر « تۆز » ( كەڭ دا-

ئىرە ) ئىچىدە بىر مۇنچە ئوتاغلىرى بولاتتى ( كېيىنكى چاغلاردا ئەل — مەملىكەت شەكىللەنگەندە بولسا ، ئون ئوتاغ بىر مەمۇرىي بىرلىك ھېسابلانغان ) . ئادەتتە ، ئوتاغ قۇرۇپ ئولتۇرغانلار « ئوبا » — جەمئىيەتنىڭ كىچىك بىرلىكى ھېسابلىناتتى . شۇڭا ، ئوبا كىچىك گۇرۇھ دېمەكتۇر . ئەسلىدە ئوبا بىر قونۇمدىن ئىككىنچى بىر قونۇمغا كۆچكەن ئۆي - چېدىرلارنىڭ توپى ئىدى .

ئېتنوگرافلار 20 - ئەسىرگىچە ئىپتىدائىي جەمئىيەتباسقۇچىدا ياشاۋاتقان قەبىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ، ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى مۇنداق قىياس قىلغان : ( 1 ) ئۆزلىرىنىڭ سەردار ۋە ئاقساقاللىرىنى سايلاش ۋە ئۇلارنى ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى بولغان ؛ ( 2 ) ئۇرۇغ - تارىغ ئىچىدە نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنغان ؛ ( 3 ) ئۆلگۈچىنىڭ مۈلكى ئۇرۇغ - تارىغقا قالغان ؛ ( 4 ) ئۇرۇغ - تارىغ ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش ۋە بىر - بىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولغان ؛ ( 5 ) ئۇرۇغ - تارىغنىڭ ئۆز ئەزالىرىغا ئات قويۇش ھوقۇقى بولغان ؛ ( 6 ) يات ئۇرۇغ - تارىغ كىشىلىرىنى ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋېلىش ھوقۇقى بولغان ؛ ( 7 ) ھەربىر ئۇرۇغ - تارىغنىڭ ئومۇمىي دىنىي بايرىمى بولغان ؛ ( 8 ) ئۇرۇغ - تارىغنىڭ ئومۇمىي قەبرىستانلىقى بولغان ؛ ( 9 ) ئۇرۇغ - تارىغنىڭ دېموكراتىك تەشكىلىي كېڭەشمىسى بولغان .

تۆركۈن ۋە ئۇيا - قاداشلارنىڭ ، يەنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋە قاداش ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ناملارنى قەدىمكى ئەجدادلى-

رىمىز ئاللىقاچان ئىجاد قىلىنغانىدى. بۇ ناملار ئارقىلىق، قاداشلار ئارا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلگەنىدى. ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان تۇغقانچىلىق ناملىرىنىڭ تولىسى ھازىرمۇ جانلىق تىلىمىزدا قوللىنىلماقتا.

ئاتا ( قاڭ )، ئانا ( ئۆگە، ئوغۇز ۋە قارلۇقلاردا ئاپا )، ئاقا ~ ئاغا ( ئاكا )، ئىنى، ئەچە ( ئەگە، يەنى ئاچا، هەدە، گاھىدا ئەگە بىلەن ئەچە قوش سۆز قىلىنىپ « ئېگىچە » دەپمۇ ئاتىلىدۇ )، سىڭىل ( ئاچا، سىڭىل، قېرىنداش ھەمشىرىلەردۇر )، ئۇرى ( ئوغۇل، گاھىدا پەرزەنت مەنىسىدە )، قىز... ئەچى ~ ئېچى ~ ئەچۇ ( ياشتا چوڭ بولغان ئەر تۇغقان؛ مەڭگۈ تاشلاردا: ئەچۇم — ئابام — ئاتا - بوۋام دەپ يېزىلغان )، ئابا ~ بابا ( چوڭ ئاتا )، ئاباغا ( چوڭ ئاتىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى: چوڭ ئاباغا، كىچىك ئاباغا )، ئاتاغا < تاغا ( ئاتىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى: چوڭ تاغا، كىچىك تاغا )، ئاناغا ( ئانىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى )، ئاچىق ( ئانىنىڭ ياشتا چوڭ بولغان ئايال بىر تۇغقانلىرى، بۇنىڭ ئورنىدا ھازىر ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان نام — ئەممە ( ھامما، ھاما، ئاچا ) )، كۈكۈ ~ كۈكۈي ( ئانىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى )، تۇرۇن ( ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغىنى نەۋرە ( نەۋرە؛ بۇ « يېگەن » دەپمۇ ئاتالغان. ئېھتىمال، ئوغۇلدىن بولغان نەۋرە — تۇرۇن، قىزدىن بولغان نەۋرە — يېگەن دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك )، تۈگۈر ( ئەرگە نىسبەتەن خوتۇن تەرەپتىن بولغان تۇغقانلار، يەنى خوتۇنىنىڭ قېرىنداشلىرى )، كۈيەۋ ( كۈيئوغۇل )،

كېلىن، قازىن ~ قادىن (قېيىن ~ قېينى، مەسىلەن، ئەر ياكى خوتۇننىڭ ئاتا - ئانا ۋە بىر تۇغقانلىرى: قېيىن ئاتا، قېيىن ئاغا ۋە باشقىلار)، بالتىر (قېيىن ئاچا)، بالدىز (قېيىن سىڭىل)، جىيەن (بىر تۇغقاننىڭ بالىسى)، چىقان (ھاما ئاچىنىڭ ئوغلى)، ئۆگەي ياكى قاڭسىق، قۇدا - باجا ۋە باشقىلار.

قەدىمكى ئاتا - ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇغ - تارىغلارنى توققۇز تويغۇنغىچە (توققۇز ئەۋلادقىچە) سانايتتى. غەربىي تۈركىي خەلقلەردە بولسا، يەتتە تويغۇنغىچە سانايدۇ، يەنى ئۆزىدىن باشلاپ يەتتىنچى ئەجدادىغىچە بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمەتنىڭ يەتتىنچى بوغۇنىغىچە ساناش ئادىتىمۇ بار. توققۇزىنچى ياكى يەتتىنچى بوغۇنىغىچە بولغان جەمەتنىڭ ئىچىگە كىرمىگەنلەر «ياتلار» سانىلاتتى - دە، ئادەتتە قىزىنى توققۇزىنچى ياكى يەتتىنچى ياتقا بېرىشنى ياكى بولمىسا توققۇزىنچى ياكى يەتتىنچى ياتتىن قىز ئېلىشنى تەكىتلەيتتى. بۇ ئادەتتىن يەتتە ياكى توققۇز بوغۇننىڭ سىرتىدىن نىكاھلىنىش دېگەن مەنە چىقىشى مۇمكىن.

## 2. قەبىلە

ئۇرۇغ - تارىغلار بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ئاۋۋال بىر ئۆتكۈنچى تەشكىلات، يەنى ئوغۇش (فراترىيە) شەكىللەنگەن. ئىككى ئۇرۇغ ئوتتۇرىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ، ئۆز ئارا ئەزالىرىنى ئالماشتۇرۇش كۆپەيگەن، نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەن. نەتىجىدە مۇنداق ئۇرۇغ - تارىغلار ئوتتۇر-

سىدا ئوغۇش شەكىللەنگەن. بۇلار ئوتتۇرىسىدا زىچ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بارلىققا كەلگەن. بۇ ئوغۇش بارغانچە زورايغان ۋە قەبىلە شەكلىنى ئالغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىشىچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى ئۇقۇم بويىچە، ئوغۇش سۆزى قەبىلە، قەۋم، نەسىل، جەمەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. قەبىلە مەنىسىدە، بەزى تۈركىي خەلقلەردە «بوي» ۋە «سوي» ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغان. «بوي» — «بود» نىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، تۈپ مەنىسى «بوي» (گەۋدە) دېمەكتۇر؛ «سوي» ئېھتىمال «بىر سويام يېپ» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولسا كېرەك. مەيلى «بوي» بولسۇن ياكى «سوي» بولسۇن، ئۇزۇنىسى (دىئاخرونىك) غا ئۇلاشقان مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆكى — تېگى - تەھى بىر بوي (بىر گەۋدە، يەنى بىر ئاتا) دىن باشلانغان دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىسە كېرەك. ئوغۇش بولسا، ئۇيا - قاداش ۋە ئۇرۇغ - تارىغلارنى، يەنى ئۇزۇنىسى ھەم توغرىسى (دىئاخرونىك ھەم سىنخرونىك) غا ئۇلاشقان ئېتنىك تەركىبلەردىن شەكىللەنگەن قەۋمنى بىلدۈرىدۇ.

لۇغەتلەردە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، «قەبىلە» نىڭ تەبىرى مۇنداق: قەبىلە — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات. يېقىن قانداش بولغان بىر قانچە قاداش (قېرىنداش جەمەت) ياكى ئۇرۇغ - تارىغدىن تەركىب تاپىدۇ، ئادەتتە قەبىلىنىڭ ئۆز زېمىنى، نامى، شېۋىسى، دىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنىڭدەك جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپپاراتى بولاتتى.

قەبىلىنىڭ تەركىبىدىكىلەر تۇتقان زېمىن تۆز دەپ ئاتىلاتتى . بۇ تۆزلەردە نۇرغۇن ئوتاغلار ئورۇنلاشقان بولۇپ ، ئون ئوتاغ بىر بىرلىك بولۇپ تەشكىل قىلىنغاچقا ، ئۇنىڭ باشلىقىمۇ ئون ئوتاغ دەپ ئاتالغان . ھەر بىر تۆزدە بىر قانچە ئون ئوتاغ بولۇپ ، قەبىلە تۇتقان ھەربىر تۆزدە مەخسۇس باشقۇرغۇچىلار بولاتتى . تۆز باشلىقى تۆزۈن ، ئۇنىڭ ياردەمچىسى چوپان دەپ ئاتىلاتتى . دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورناقلىرى سوزاق ( يەنى كەنت ياكى يېزا ) دەپ ئاتىلاتتى . سوزاق — ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدا ، يېزا جامائەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي بىرلىكى ئىدى . ھەربىر قەبىلە مەمۇرىي بىرلىك سۈپىتىدە باغ دەپ ، باغ باشلىقى باغا دەپ ئاتىلاتتى . قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە ئوغۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان ئۇرۇغ - تارىغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . ئۇرۇغ - تارىغنىڭ نامى بولسا ، ئۇيا - قاداشلار ئارىسىدا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ياكى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ؛ ياكى بولمىسا ئۆزلىرى جايلاشقان يەر - سۇلارنىڭ نامىلىرى بىلەن ئاتالغان . قەبىلە تەركىبىدىكىلەر تۇتقان تۆزلەردە سۇ - تاغلار بولۇپ ، بۇ سۇ - تاغلارغا تۆزلەردە جايلاشقان ئون ئوتاغ ئۆزلىرىنىڭ نامىلىرىنى بېرەتتى . مۇبادا ، باشقا يەرلەرگە كۆچ قىلسا ، شۇ يەردىكى تاغ - سۇلارنىمۇ يەنە شۇ نام بىلەن ئاتايتتى .

ئائىلە - تۆركۈنلەرگە ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ۋە

ئائىلە ـ تۆركۈنلەر شەكىللەنگەندىن كېيىن ، ئۇزاق بىر
مەزگىلگىچە ئۇيا ـ قاداشلار ئومۇمەن كوللېكتىپ ئەمگەك
قىلاتتى . ئوغۇشنىڭ ئىگىلىگەن تۆزلىرى ، ئورمانلىرى ،
يايلاق ـ قىشلاقلىرى ئوغۇشنىڭ ئورتاق بايلىقى ھېسابلى-
ناتتى ۋە ئوغۇش ئەزالىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىناتتى .
سوزاق ۋە تۆزۈنلەر پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ يەر مۈلۈك-
چىلىكى خۇددى ماركس ئېيتقاندەك ، ئاسىياچە مۈلۈك
فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇ باسقۇچتا ، « يەر
شەخسىي مۈلۈك ئەمەس ، شەخسىي ئىشغالىيەت ئىدى ،
يېزا جامائەسى ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مۈلۈكدار ئىدى .
شۇڭا ، مال ـ مۈلۈك ئومۇمىي جامائەت يەر مۈلكى سۈپى-
تىدىلا مەۋجۇت ئىدى » ( ماركس ) .

كۆندىلىك ئالاقە قورالى بولغان تىلمۇ بالدۇرقى تار
دائىرىدىكى ئۇيا ـ قاداشلىق لەھجە ( ژارگون ) دىن تە-
رەققىي قىلىپ ، ئۇرۇغ ـ تارىغلارنىڭ لەھجىلىرىدىن بىرى
ئاساس بولغان ھالدا قەبىلە شېۋىسى شەكىللەنگەن .

كۆپ ھاللاردا ، قەبىلە تەركىبىگە كىرگەن
ئۇرۇغ ـ تارىغلارنىڭ كۆچمەنچىلىك دەۋرىدە تەۋەررۈك
سانىلىدىغان بىردىن تامغىسى بولاتتى . بۇ تامغىلار ئەس-
لىدە توتېمىزم دەۋرىدىن قالغان بولۇپ ، ھەر بىر تامغا ئۇ
چاغدا بىر توتېم ئىدى . كېيىن توتېملىق ماھىيىتى يوقى-
لىپ ، ئۇرۇغ ـ تارىغلار بىر ـ بىرىنىڭ ماللىرىنى پەرقلەن-
دۈرىدىغان تامغا شەكلىگە كىرگەن . ئۇلار ( بارا ـ بارا
پۈتۈن قەبىلە ) نىڭ بارلىق مال ـ چارۋىلىرى ، نەرسە ـ
كېرەكلىرى ، خەزىنىلىرى ئەنە شۇ تامغا بىلەن تامغىلى-
ناتتى .

ئېتىقاد جەھەتتە، قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئا-
ساس سالغان ئۇرۇغ ــ تارىخ قۇت ــ مۇقەددەس دەپ بىل-
گەن نەرسە ( قۇش، ھايۋان ۋە باشقىلار ) قەبىلىگىمۇ
ئورتاق بولغان قۇت ــ مۇقەددەس نەرسە بولۇپ قالاتتى.
قەبىلە تەركىبىدىكى ئۇرۇغ ــ تارىخلار ئەكسەرى-
يەتتە بىردىن سۇ بويىنى ماكان تۇتاتتى. ئۆزلىرى يا-
شاۋاتقان ماكاننىڭ مۇئەككىلى بار دېگەن ئېتىقاد بىلەن
ئەنە شۇ مۇئەككەلنى مەبۇد دەپ چۇشىنەتتى. بۇ مەبۇدنى
« يەر ــ سۇ تەڭرىسى » دەپ تېۋىناتتى. « ئورقۇن مەڭگۇ
تاشلىرى » دا ئۇچرايدىغان مۇنۇ جۈملىمۇ شۇنى ئەس-
تىقلايدۇ: « ئۈزە تۈرك تەڭرىسى، تۈرك ئىدۇق يىرى -
سۇبى ئانچا تىمىس » ( ئۈستىمىزدە تۈرك تەڭرىسى،
( تۆۋەندە ) تۈرك مۇقەددەس يەر - سۈيى، يەنى يەر - سۇ
مۇئەككىلى مەدەت بېرىدۇ ). ئوغۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇغ ــ
تارىخلىرى تاغ باغرىدا ماكان تۇتقان بولسا، مەبۇدنى ئاشۇ
تاغنىڭ نامى بىلەن، ئەگەر سۇ بويى بولسا، سۇنىڭ نامى
بىلەن ئاتايتتى. بەزىدە مەبۇد ئۇنىڭغا تېۋىنغان قەبىلىنىڭ
نامى بىلەنمۇ ئاتىلاتتى. ھازىرقى زاماندىمۇ خەلقىمىزنىڭ
« سۇغا سىيسە ياكى پاسكىنا نەرسە تاشلىسا يامان بول-
دۇ » دېگەن ئېتىقادى ئەنە شۇ ئۇزاق قەدىمكى ئېتىقادتىن
قالغان بولسا كېرەك. قەبىلىنىڭ ماكان يەڭگۈشلىشىمۇ
قۇت - مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسىسىنىڭ ۋە « يەر ــ
سۇ مەبۇدى » نىڭ بېشارىتى بىلەن بولاتتى.
قەبىلە، ئوغۇشلار ئارا قان دەۋاسىدا، ئۆز ئەزال-
رىنىڭ تايانچىسى بولۇپ تەرەپبازلىق قىلاتتى. قەبىلە
ئەزالىرى مال جەھەتتە ئۆز ئارا يار - يۆلەكتە بولاتتى.

ئەمما ، مۇنداق ياردەم ئەكسەرىيەتتە ئۆز ئوغۇشى ۋە ئۇرۇغ - تارىخلىرى ئىچىدىلا چەكلىنەتتى .

قەبىلە ئەزالىرى ھوقۇق جەھەتتىن باراۋەر ئىدى . قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئۈستىدە بارچە ئۇرۇغ - تارىخ مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقان كېڭەش بولاتتى . كېڭەشكە باغا يېتەكچىلىك قىلاتتى . قەبىلە زورايغاندىن كېيىن ، تۈز باشلىقى بولغان تۈزۈنلەر بارا - بارا بەگ ئاتىلىپ ، باغالار باشچىلىقىدىكى ئارستوكراتلار ، يەنى بەگ - بەگزادىلەر مەيدانغا كەلدى . يېڭىدىن قەبىلىگە قوشۇۋېلىنغان ئەزالار تەۋە ( تابىئ بولغان ) ، شۇنىڭدەك بېقىندۇرۇلغان ئەرلەر « گۈن » ، ئاياللار « قىرقىن » ھېسابلىنىپ ، بۇلارغا « ئويماق » ( كېيىن « ئايماق » ئاتالغان ) دېگەن نام بېرىلگەن . باغا ( قەبىلە بېگى ) نىڭ ئۆزىگە خاس « قىرىق يىگىت » دېيىلىدىغان خاس قوغدىغۇچىلىرى تەشكىل قىلىنغان ؛ بۇ قوغدىغۇچىلار ھەممە ئىش كېڭەش بىلەن بولىدىغان زاماندا ، ئوغۇشنىڭ ياشلىرىدىن ئېلىنغان . ئارستوكرات دەۋرىگە ئۆتكەندە ، ئويماققا مەجبۇرىي سېلىق تەرىقىسىدە چېچىلىدىغان بولغان . بۇلار دەسلەپتە بەگلەردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ « بۇيرۇق » ئاتالغان . بارا - بارا بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قورۇقلىرى ( خاس يايلاق ، تۈز ۋە ئورمانلىرى ) پەيدا بولغان .

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى نوپۇسنى كۆپەيتىپ ، ئاھالىنىڭ زىچلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، بۇ ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ قەبىلە ئىچىدە ۋە قەبىلىدىن تاشقىرى مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ ، ئىتتىپاقلىشىش

دائىرىسى كېڭەيگەن ھەمدە ھەربىي پائالىيەتلەر ( قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ـ جەڭلەر ۋە يات قەۋملەرگە قارشى قوغدىنىش ئۇرۇشلىرى ) كۆپىيىشى ئارقىسىدا ، بەزى جايلاردا بىرقانچە باغ ( قەبىلە ) بىرلىشىپ ، باغلار بىرلىكى ( قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ) نى تەشكىل قىلغان . باغلار بىرلىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا شەكىللەنگەن قەبىلىلەر بىرلەشمە تەشكىلاتىدۇر . ئۇ ئادەتتە بىر قانچە يېقىن ئوغۇش ياكى قوشنا ئوغۇش ـ باغلاردىن تەركىب تاپاتتى . ئاساسەن ھەربىي پائالىيەتلەر ( جەڭ قىلىش ـ ھۇجۇم قىلىش ياكى قوغدىنىش ) بىلەن شۇغۇللىناتتى . بىرلىكنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ــ كېڭەشمە ، قۇرۇلتاي ۋە سۇباشى ( قوماندان ــ بۇ كۆپىنچە ھەربىي دېموكراتىيىنىڭ مەھسۇلى ) دىن ئىبارەت ئىدى . قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قەبىلىلەر ئارا ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى كۈچەيتكەن . قەبىلىلەر ئىتتىپاقى زورايغاندىن كېيىن ، ئاخىرقى باسقۇچتا ئۇنىڭ ئومۇمىي باشقۇرغۇچىسى ئېركىن دەپ ئاتالغان . قەبىلىلەر ئىتتىپاقى « ئەل » نىڭ شەكىللىنىشىگە شەرت ھازىرلىغان .

يۇقىرىدا سالنامىچىلار بايان قىلغان دىگلىنلەردىن بىر بۆلۈكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەنگەن ، بىر بۆلۈكى بولسا « ئەل » باسقۇچىغا قەدەم قويغان .

## 3 . ئەل

« ئەل » سۆزىنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىلىرى بار . مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا بىر

قانچە خىل مەنىسىنى ئىزاھلىغان :

« ئەل — ئەل ، مەملىكەت . بەگ ئەلى — بەگ ئېلى » ؛

« ئەل — ئوچۇقچىلىق ، بوشلۇق . قاپۇغ ئەلى — قوۋۇق ئالدىدىكى بوش يەر » ؛

« ئەل — ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى . ئات تۈركلەرنىڭ قانتى بولغانلىقتىن ، ئاتنى ئەل دەپمۇ ئاتايدۇ . ئاتباقارنى ئەلباشى دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن . بۇ ۋىلايەت باشلىقى دېگەن سۆز بولىدۇ . بۇنىڭدىن ئاتباقار دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ » ؛

« ئەل — ئەل . ئىككى خان ياكى بەگ ئارىسىدىكى يارىشىش . ئىكى بەگ بىرلە ئەل بولدى — ئىككى بەگ بىر - بىرى بىلەن ياراشتى » ؛

« ئەل — ئەل كىشى — پەس ئادەم ، ئەسكى ئادەم . ئەل قۇش — تازقارا » .

شۇنىڭدەك ، يەنە « ئەل » نىڭ ھۆكۈمەت دېگەن مەنىسى بارلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن . مەسىلەن ، مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا كەلتۈرگەن مۇنۇ ماقالدىكى « ئەل » دىن شۇ مەنە چىقىدۇ : قارا بۇلتىغ يەل ئاچار ، ئۇرۇنج بىلەن ئەل ئاچار — قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار ، پارا بىلەن ئەل ( ھۆكۈمەت ئىشىكىنى ) ئاچار .

تۈركىيە ئالىملىرىدىن زىيا گۆكئالپ « ئەل » نىڭ ئەڭ بالدۇرقى تۇپ مەنىسى « يارىشىش » ، « سۈلھ » دېگەنلىك بولىدۇ ، « ئەلچى » سۆزى ئەنە شۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان ، ئەلچى — ياراشتۇرغۇچى ، سۈلھچى دېگەن مەنىدە ئىدى ، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ . قەدىمكى

زاماندا قەبىلىلەر ئارا ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا يەر ـ سۇ تالىشىش ۋە چەتكە كېڭىيىش ، سودا ـ سېتىق يوللىرىنى مونوپولىيە قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن دائىم جەڭ ـ جېدەللەر بولۇپ تۇراتتى . بۇلارنى ئەل قىلىش ، يەنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئەلچىلەر قاتناپ تۇراتتى . ياكى بولمىسا ، غالىب چىققان تەرەپ يېڭىلگەن تەرەپنى ئۆزىگە ئەل قىلىۋالاتتى ( بېقىندۇرۇۋالاتتى ) . دېمەك ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ئارىسىدا يارىشىش ـ بىرلىشىشتىن ئەل كېلىپ چىققانىكەن . مەسىلەن ، « قۇتادغۇبىلىك » تىكى مۇنۇ بېيىتتىنمۇ ئاشۇ مەنا چىقىدۇ :

143 ئۈچى ئوت ، ئۈچى سۇ ، ئۈچى بولدى يەل ،
ئۈچى بولدى تۇپراق ئاژۇن بولدى ئەل .
( تۆت تادۇ ـ ئاناسىردىن ئۈچى ئوت ، ئۈچى سۇ ، ئۈچى ھاۋا ، ئۈچى تۇپراق بولغاچقا ، دۇنيا تىنچ ـ ئامان بولدى ، يەنى ۋۇجۇدقا كەلدى )

قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ يارىشىشى ياكى قوشۇلۇشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن « ئەل » نىڭ « سۇلھ » مەنىسىدىن تۇرلىنىپ « دۆلەت » ، « مەملىكەت » دېگەندەك بىرقانچە مەنىلىرى كېلىپ چىققان . ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرى ، تۇرپان تېكىستلىرى ، « تۈركىي تىللار دىۋانى » ۋە « قۇتادغۇبىلىك » قاتارلىق تارىخىي ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا ، « ئەل » نىڭ مەنىلىرى مۇنداق ئىكەن :

ئەل ــ يارىشىش ، سۇلھ ؛

ئەل ــــ ئۆلكە ، ۋىلايەت ، ئۇلۇش قاتارلىق جۇغرا-
پىيىلىك رايون ؛
ئەل ــــ دۆلـەت ، مەملىكەت ، ھۆكۈمەت ، خانلىق ؛
ئەل ــــ خەلق ، مىللەت ، قەۋم ؛ پۇقرا ( خانلىق
تۈزۈمىدە ) ؛
ئەل ــــ يۇرت ــ ۋەتەن ؛ ھويلا ــ ئارام ؛ بوشلۇق ؛
ئەل ــــ تىنچلىق ، ئامانلىق ؛
ئەل ــــ ئات ۋە باشقىلار .

بۇ مەنىلەردىن قارىغاندا ، قەدىمكى ئابا ــ ئەجداد-لىرىمىزنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى زورىيىپ ، بىر بالداق كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى ئىجتىمائىي ، سىياسىي ھاياتىنىڭ ئومۇمىي بىر شەكلى « ئەل » ئىكەن . غەربىي تۈركىي خـەلقلەردە بولسا ، « ئەل » سۆزى « كۆچمەنچى خەلق » مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ . دېمەك ، قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن ، « ئەل » تەشكىلاتىنى ئوبدان بىلمەك لازىم ئىكەن . « ئەل » بىردىنلا ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ دا-ئىـرىلىك بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقماستىن ، كىچىك ، ئوتتۇ-رىـچە ، چوڭ ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلىرى بىلەن يۇكسىلىپ بار-غـان . ئەلنىڭ بۇ تۆت دەرىجىدىكى شەكلىدىن قايسىلا بولسۇن ، مۇنتىزىم دۆلەت بولۇپ تەشكىللەنگەنىدى . قە-بىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا بولسۇن ، قان دەۋاسى يەنە قانغا قان دېگەن شوئار بەك تەكىتلىنەتتى . ئەلدە قان ئىنتىقامى قانۇنى چەكلەنگەن ، ئۇنىڭ ئورنىغا مال جازا-سـى ، تەن جازاسى دېگەن قانۇن تىكلەنگەن . قانۇن ــــ دۆلـەتنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى مۇئەي-يەنلەشتۈرۈلگەن .

قەبىلىنىڭ تەركىبى ئاز دېگەندە ئىككى ئۇرۇغ — تارىغدىن ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىمۇ ئاز دېگەندە ئىككى بىر- لىكتىن تەشكىل تاپقان . بۇنداق ئىككى — ئۈچ بىرلىكتىن تەشكىل تاپقان ئەل كىچىك ئەل ھېسابلانغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن — يەنسەي بويلىرىنى بازا قىلىپ ، ئەڭ قەدىمكى زاماندا قۇرغان ئىككى ئېلى بولۇپ ، بىرى ، « توققۇز ئۇيغۇر » ، يەنە بىرى « ئون ئۇيغۇر » دەپ ئاتىلىپ ، ئۆزلىرىگە « ئەل ئىلتەر » ۋە « كۆل ئېر- كىن » دەپ نام بېرىلگەن ئىككى تۆرىنى سايلىغانلىقى توغرىسىدىكى باياننى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئېتىراپ قى- لىدۇ . بۇنىڭدا ئىككى خىل ئۇقۇم بارلىقىنى نەزەردىن سا- قىت قىلماسلىق كېرەك : بىرىنچىدىن ، « توققۇز ئۇيغۇر » ۋە « ئون ئۇيغۇر » ئاتالغان بۇ ئىككى بۆلەك قەۋمنى بىر- دىن قەبىلە دەپ ، توققۇز ياكى ئون سانى بىلەن ئاتالغان ئۇيا - قاداشلار بىرىكمىسىنى بىردىن ئۇرۇغ دەپ چۈشەن- مەسلىك كېرەك ؛ بەلكى ئۇلار توققۇز ئوغۇش ۋە ئون ئو- غۇشتىن تەركىب تاپقان ، شۇنداقلا كىچىك ئەل دائى- رىسىدىن كېڭەيگەن ئەل دېيىشكە بولىدۇ . خەنزۇچە « سۆزلەم دېڭىزى » ( « 辞海 » ) دە ، « شى » ( 氏 ) سۆزىگە بېرىلگەن تەبىرنىڭ ئۈچىنچىسىدە ، « ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر تارمىقى » دېيىلگەن ۋە بۇنى ئېپتىدائىي جەمئىيەتتىكى « ئۇرۇغ » دىن پەرقلەندۇرگەن . ئىككىن- چىدىن ، « ئۇيغۇر قاغانلىقى » دېگەن نام بىلەن زورايغان ئەل — ئۇلۇغ ئەل دەرىجىسىدىكى دۆلەت شەكلى ئىدى . خەنزۇچە يازما تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە : « . . . ئۇيغۇرلار كۆچەيدى . . . ئون بىر تۇتۇقلۇق توققۇز ئۇلۇش

ئىدى . . . باسمىللارنى يېڭىپ ئۆزىگە بىر ئۇلۇش قىلىپ
قوشتى . قارلۇقلارنى بېسىپ بىر ئۇلۇش قىلىپ قوشتى .
ھەربىرىگە بىردىن تۇتۇق قويدى . شۇنىڭ بىلەن ئون بىر
ئۇلۇش بولدى » . مەڭگۈ تاشلاردا يېزىلىشىچە ، قارلۇقلار
چۈمۈل ، چارۇق ، چىگىل ئۈچ ئوغۇشتىن تەركىب تاپ-
قاچقا ، ئۈچ قارلۇق دەپ ئاتالغان . باسمىلنىڭ تۆرى-
سىنى « ئىدىقۇت » ، قارلۇقنىڭ تۆرىسىنى « ئاتا ساغۇن »
دەپ ئاتايتتى . بۇ ھال ئىككى قەۋمنىڭ ئاللىقاچان « ئەل »
بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . دېمەك ، ئۇي-
غۇلار ئۇ زامانلاردا ئاللىقاچان « توققۇز ئۇيغۇر » ۋە « ئون
ئۇيغۇر » دېگەن ئىككى ئەلدىن تەركىب تېپىپ ، ئوتتۇرا
ئەل دەرىجىسىدىن ھالقىغان دۆلەت شەكلىنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرگەن . ئەسلىدە ، مىلادىيەدىن 7 ئەسىر ئىلگىرىلا ،
دى ، دىڭلىنلەر ئۈچ تېررىتورىيىدە كۆچمەنچىلىك — فې-
ئوداللىق ھەربىي دېموكراتىيە شەكلىدىكى ئەل بولۇپ تو-
نۇلغانىدى . ھەتتا ھۇن ئىمپېرىيىسىگە قارام بولۇپ تۇرغان
دەۋرىدىمۇ ئۆز پادىشاھى ( ۋاڭ ) بار ئىدى ؛ شۇ زاماندا
ئۆرتلۈگ دېگەن كىشىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكى مەلۇم .

كۆچمەنچىلىك — فېئوداللىق ھەربىي دېموكراتىيە
تۈزۈمىدىكى ئەلنىڭ ھەممە ئوغۇشلار ئېتىراپ قىلغان دۆ-
لەت باشلىقى بولاتتى . بۇ باشلىق تۈرلۈك دەۋردە تۈرلۈك
ئاتالغان . كېيىن « قاغان » دېگەن نامنى ئۇزاققىچە
قوللانغان . بەزى تەتقىقاتچىلار « قاغان » ئاتالغۇ-
سىنى « ئاۋار » ( رورو ) لاردىن قوبۇل قىلغان دەيدۇ .
ئاۋارلارمۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەردىن
بىرى . مېنىڭ تەھلىلىمچە ، « قاغان » سۆزى « قاڭ —

ئان » دېگەن ياسالـما ئـىـسـمـدىن كېلىپ چىققان بو-
لۇپ ، « ئۇلۇغ ئاتا ، ئاتالار ئاتىسى » دېگەن مەنىنى بىلـ
دۈرسە كېرەك . بۇ قەدىمدىن تارتىپ « يۇرت ئاتىسى »
دېـگەن ئۇقۇم ئاساسىدا قوللىنىلغان سۆز ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ .

يەنە ، دۆلەت باشلىقى بولغان « قاغان » مۇقابىلىدا
ئۇ باشقۇرىدىغان « پۇقرا » بولۇشى كېرەك . ئۇ زامانلاردا
ئەل تەركىبىدىكى بارلىق ئاھالە « بودۇن » دەپ ئاتالغان .
« ئەل » سۆزىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى « خەلق ، مىلـ
لـەت » دېگەن مەنىسىمۇ بارلىقى خۇددى ياۋروپا تىللىرىدا
« دۆلەت » بىلەن « مىللەت » نى « ناتسىيە » دەپ ئاتىـ
غانلىقىغا ئوخشايدۇ . « بودۇن » بارا ـ بارا ئىككى تەبىقىگە
ئايرىلغان : ھۆكۈمران تەبىقە « ئاق بودۇن » ، خەلق ئام-
مىسى بولسا « قارا بودۇن » دەپ ئاتالغان . كەڭ ئىستېمال
مەنـىـسـىـدە ، خەلق ئامـمىسى « بودۇن ـ بۇچۇن » ياكى
« بودۇن ـ بوقۇن » دېگەندەك جۈپ سۆزلەر بىلەن ئاتال-
غان . ئەلنىڭ ئاساسي خەلقىنى « بودۇن » ، ئەلگە تەۋە
بولغان ئاھالىنى قوشۇپ « ئەل گۈن » دەپ پەرقلەندۈر-
گەن . « ئەل » قارىمىقىدىكى « گۈن » ــــ بىرەر مەملـ
كـەتنىڭ خەلقى ، مەملىكەت ئاھالىسى دېگەن ئۇقۇمنى
بىلدۈرگەن . « قۇتادغۇبىلىك » تە :

245 مۇڭار مەڭزەتۈر سۆز سىنامىش كىشى ،
سىنامىش كىشى بىلدى ئەل كۈن ئىشى .

(ئاشـۇنداق سىلىشتۇرۇپ سۆز دەيدۇ سىنىماق بول-
غان كىشى ، سىناپ كۆرگەن كىشى ئەل ـ ئاھالىنىڭ ئىـ

شىنى بىلىدۇ )

« چاغاتاي تىلى » دەپ ئاتالغان كونا ئۇيغۇر يې-
زىق تىلى ( شۇ تىلغا دائىر لۇغەتلەر ) دە « ئەرگۈن » نى
ئاھالە ، خەلق ۋە گۇرۇھ ـ توپ ، قوللىغۇچى ( ئەل ـــ
دۆلەتنىڭ تايانچى ) دەپ ئىزاھلىغان . « بابۇرنامە » دە ،
« مەھرەم » ، « قورۇقچى » مەنىسىدە قوللىنىلغان .
كلاسسىك بەدىئىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە « كىشىلەر »
مەنىسىدە كەلگەن . مەسىلەن ، « يىلقىلارنى ، ئەلگۈنلەرنى
بەر ئەردى . » دېمەك ، مەملىكەت ۋە دۆلەت مەنىلىرىدە
كەلگەن « ئەل » نىڭ ئىگىدارلىقى ۋە ھامىيلىقىدىكى
خەلقى ، پۇقراسى ، ئاھالىسى بودۇن ـ بوقۇن ياكى ئەل-
گۈن دەپ ئاتىلاتتى . ئۆز بودۇننى باشقۇرىدىغان مەلۇم
تۆرە ـــ تۈزۈنى ( قانۇن ـ تۈزۈمى ) بار ئىدى .

« ئەل » نىڭ دۆلەت ياكى خانلىق ئىكەنلىكىنى
گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم شەرتى ـــ ھۆكۈمران-
لىق ئاپپاراتى بار ئىدى .

« ئەل » نىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى « قاغان » ئىدى .
قاغان ھوقۇقى چەكسىز ھۆكۈمدار بولۇپ ، دەسلەپتە قۇ-
رۇلتاي ئارقىلىق ( گەرچە ئارستوكراتلار ـ بەگزادىلەر
ئارىسىدىن بولسىمۇ ) دېموكراتىيە يولى بىلەن مەيدانغا
كېلەتتى . قاغان بارا ـ بارا روھانىيلار تەبىقىسىنىڭمۇ ۋە-
كىلى سۈپىتىدە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا
كەلگەن ، دېيىلگەن ئەقىدىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ
قالغان ـ دە ، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كارىزماتىك شەكلىنى ،
يەنى ھۆكۈمدارلىق قۇدرىتى تەڭرى تەرىپىدىن بېغىشلان-

غان ، دېگەن دەخلىسىز شەكىلنى قوللانغان . شۇڭا ، قا-
غانلارنىڭ تولىسى « تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش »
ياكى « ئاي تەڭرىدە بولمىش » دېگەندەك ، قانلىقنى
تەڭرى تەيىنلىگەن دېگەن مەنىدىكى ئۇنۋانلارنى قوللان-
غان . شۇنىڭدەك ، « قاغان » ئەل - بودۇن ئىچىدىكى ئەڭ
دانىشمەن شەخس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن « بىلگە
قاغان » ، « كۆل بىلگە قاغان » ، « كۆلۈگ بىلگە » ،
« قۇتلۇق بىلگە » ( دانىشمەن قاغان ، ئەقلى كۆلدەك قا-
غان ، شۆھرەتلىك دانىشمەن ، قۇتلۇق دانىشمەن ) دېگەن
سۈپەت ئىسىملىرىنى قوللانغان . قاغان سىياسىي جەھەت-
تىن ئالىي ھۆكۈمدار بولغىنىدەك ، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ
ئالىي مۈلۈكدار ئىدى . ئەل تەۋەسىدىكى بارلىق مال - مۈ-
لۈكنىڭ ئىگىسى ، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك ، « ھەممە
ئۇلۇغ - ئۇششاق ئورتاق گەۋدىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ
بارچىنى ئۆزىگە جەملىگەن بىر پۈتۈنلۈك ۋەكىلى سۈپە-
تىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۈلۈكدار ياكى بىردىنبىر مۈلۈكدار
ئىدى . »

دەسلەپتە ، قاغانلار ئوغۇشلار ۋەكىللىرىدىن تەر-
كىب تاپقان قۇرۇلتايدا ، ئەلگۈن ۋەكىللىرى ئېتىراپ قى-
لىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسا ، كېيىنچە قاغان
ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە ئاتىدىن بالىغا ياكى خاندانىدىن
بولغان خانزادىلەرگە مىراس قالىدىغان بولدى .

قاغان بىلەن بىر قاتاردا « قاتۇن » ، يەنى خانىكە
( ئايال قاغان ) تۇراتتى . كۆپ ھاللاردا ئۇ « ئەل بىلگە
قاتۇن » دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى . قاغان ۋە قاتۇن
ئاستىدا قۇرۇلتاي ياكى بەگلەر كېڭەشمىسى بولاتتى . بۇ

قاغاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ، ئەلنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۇس-
تىدە كېڭەش قىلاتتى . بىراق ، بۇ بىر دەرىجىلىك ھاكى-
مىيەت ئورگىنى ئەمەس ، پەقەت مەسلىھەت ـ كېڭەش قى-
لىدىغان تەشكىلات ئىدى .

قاغان ۋە قاتۇننىڭ تۇش ـ تۇيغۇنلىرى ( قاغان
جەمەتىدىن بولغانلار ) ئوغۇل بولسا تېگىن ، قىز بولسا تا-
رىم ، باشقا خانزادىلەر « كۆرتلە » ، ئانىسى ئېسىلزادىدىن
بولغان بەگلەر « ئىنال » نامى بىلەن ئاتىلاتتى . بەزى قا-
غانلار ئۆزىگە « ئىلتەبەر » دېگەن نامنىمۇ قوللىناتتى ياكى
يېقىن ـ يورۇقلىرىغا « ئىلتەبەر » ، « ئىلتانغۇ » دېگەندەك
پەخرىي ناملارنى بېرەتتى .

قاغاننىڭ ئەڭ يېقىن قورۇقچىسى « ئايۇق » ( نۆ-
كەر ) دەپ ئاتىلاتتى . خاس قاراۋۇللىرى « ئارقوي
قاراغ » دەپ ئاتىلاتتى . « بۆدكە كۆرىگمە بەگلەر »
( تەختكە قارايدىغان بەگلەر ) ئوردا ـ ساراي ياكى
قارارگاھ ـ بارگاھلاردا قاغاننىڭ تەختىنى قوغداپ
تۇراتتى . « يۇرتۇغ » قاغانغا بىۋاستە قارايدىغان ئەسكە-
رىي قىسىم بولۇپ ، بۇنىڭ باشلىقى چاپىس دەپ ئاتىلات-
تى .

ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ، قاغان ئەڭ ئى-
شەنچلىك ئالپاغۇت ( باتۇر ـ جەسۇرلىرى ) نى « سۇ-
باشى » ( ئەسكەر باشلىقى ، قوماندان ) ۋە بۇنىڭغا ياندىش
قىلىپ « قۇلابۇز » ( سەركەردە ، جەڭ يېتەكچىسى ) ،
شاتۇ ـــ ھۇجۇمچى قىسىم قوماندانى ( جەڭگىۋار مەنىسى-
دىكى « شاد » تىن تۈرلەنگەن ) تەيىنلەيتتى . « سۇ »
سى ( قوشۇنى ) ھەربىي مەجبۇرىيەت بىلەن چاقىرىل-

غانلاردىن مۇنتىزىم تەشكىل قىلىناتتى. قاغاننىڭ ھاكىمى-
يەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدا كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئۆ-
تەيدىغان ۋە مەنسەپ دەرىجىلىرى ئېنىق پەرقلىنىدىغان
ئەلگىچى – تاپىغچىلار ( دۆلەت خادىملىرى ) ،
ئۆرگىن – ئەب ( ئوردا – دىۋان ) خادىملىرى بولاتتى.
بۇنداق مەنسەپدارلار يۇغرۇش ، شاد ، تارقان ، يابغۇ ، تا-
يانغۇ ، ئېركىن ، ئىنانچ ، چۇر ، چۇۋى ، چابى ، بۇترۇك
دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەنسەپلەرگە قاغان كۆپىنچە ئۆز قا-
ياشلىرى ( ئوغۇللىرى ، ئاكا – ئۇكىلىرى ، ئاغا – تاغى-
لىرى ۋە سادىق يېقىنلىرى ) نى تەيىنلەيتتى. مەسىلەن ،
« تاردۇش بودۇن ئۇزە شاد ئەرتىم » ( كۆل تېگىن
مەڭگۇ تېشىدا ) ؛ « ئىكى ئوغلىما يابغۇ ، شاد ئات بەرتىم »
( بايانچۇر مەڭگۇ تېشىدا ) . « يۇغرۇش — تۈرك-
لەردە ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىقىپ ، ۋەزىرلىك دەرىجى-
سىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم. پارس ۋە باشقىلارغا ھەر قانچە
يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولسىمۇ ، بۇ ئۇنۋان بېرىلمەي-
دۇ. ئۇ قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بې-
شىغا قار – يامغۇردىن ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
قارا يىپەك كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ » ( « تۈركىي تىللار دىۋا-
نى » ، 3 – توم ) .

تارقان / تارخان — چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن
خادىمغا بېرىلىدىغان دەرىجە. بۇ دەرىجە بېرىلگەن كى-
شىگە بىرەر « ئالتۇن تارىم » ( خانزادە قىز ) نى ئۆي -
ئوچاقلىق ئۈچۈن بەرگەندىن تاشقىرى ، تارخاننىڭ قو-
رۇقىدا ئولتۇرغانلار باج – خىراج ۋە ئەسكەر ئېلىش مەج-
بۇرىيەتلىرىدىن ئازاد قىلىنىدۇ ؛ تارخان توققۇز جىنايەت

جازاسىدىن ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ قاغان ئوردىسىغا ئىزنىسىز كىرىپ ــ چىقالايدۇ؛ بۇ ئىمتىيازلاردىن توققۇز بوغۇنغىچە بەھرىمەن بولىدۇ.

مەخسۇس «بىتىگەچى» (كاتىپ) لار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن قاغاننىڭ مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىقتا يازىدىغان «ئىلىمغا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كاتىپ بار ئىدى.

قاغانلىقنىڭ خەزىنىسى «ئاغىلىق»، خەزىنىنى باشقۇرغۇچى ۋە پۇل ــ مالنى ئىدارە قىلغۇچىلار «ئاغىچى» دەپ ئاتىلاتتى. باج ــ سېلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئىمغا»لىرى بار ئىدى.

ئەل تەۋەسىدىكى پۈتكۈل زېمىن جۇغراپىيىۋى ۋە مەمۇرىي ھەم ئاھالە تەركىبى جەھەتلىرىگە قاراپ رايونلارغا بۆلۈنۈپ، بۇ مەمۇرىي رايونلار «ئۇلۇش» ياكى چوڭراق بولسا «ئەل ئۇلۇش» دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئۇلۇشلارغا كۆپىنچە «بۇيرۇق تۇتۇق»، ئەل ئۇلۇشقا «يابغۇ» ياكى «تەركەن» تەيىنلەنگەن. «ئۇلۇش» ئەسلىدە «ئۆلۈك» (ئۈلەشتۈرۈلگەن، تەقسىم قىلىنغان) دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەنلىكىنى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىغان. «ئۇلۇش» نىڭ مەنىسى ئەلنىڭ مەمۇرىي رايونى ياكى ئۆلكىسى، ئايرىم قەبىلىلەر تىلىدا بولسا «يېزا ــ قىشلاق»، «شەھەر» دېگەنلىكتۇر. موڭغۇل تىلىدا بولسا «ئۇلۇس»، بەزى غەربىي تۈركىي قەۋملەر تىلىدا «ئۇلۇت» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا «ئۇلۇش» ئەلدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مەملىكەت تۈسىنى ئالغان؛ بەزى تۈركىي خەلقلەر تىلىدا

كۆچمه مەنىدە « ئۇلۇس » ياكى « ئۇلت » ( مىللەت ) دەپ قوللىنىلغان . « قۇتادغۇبىلىك » ۋە باشقا قەدىمكى تۈركىي ھۆججەتلەردە ئۇلۇشنىڭ ئۆلكە ،ۋىلايەت مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق مىساللار ئۇچرايدۇ .

ياقىن قا قاداشتىن يېتۈرمىش سەن ئۆز ،
ئۇلۇش كەند بودۇندىن ئەۋۈرمىش سەن يۈز .
(« قۇتادغۇبىلىك »)

بالىقتىن بالىققا ، ئۇلۇشىدىن ئۇلۇشقا ، ئەلتىن ئەلگە .
( « تۈركىي تىللار دىۋانى » )

ئۇلۇش مەركىزىي « يۇرت » دېيىلگەن . « يۇرت » نىڭ تۈپ مەنىسى « ئۆي » ، « تۇرالغۇ جاي » ئىدى . كېيىن ، مەنىسى كېڭىيىپ « تۇغۇلغان يېرى » ، ھەتتا « ۋەتەن » ئۇقۇمىنىمۇ ئاڭلىتىدىغان بولغان . مەسىلەن ، چاغاتايچىدا : « بۈيۈك بىر يۇرت ، ئەلگۈن ئىدى » دېگەن جۈملىدىن شۇ مەنە چىقىدۇ .

قاغان ئۆز ئېلىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مەنسەپدارلارغا « سويۇرغا » لار بېرەتتى . « سويۇرغا » ئەسلىدە « سوۋغات » دېگەن مەنىدە بولۇپ ، ئەلنىڭ بىرەر ئۇلۇشىدىن مەلۇم يەر - سۇنى يۈزلىگەن « قاراباش » ( دېھقان ، يانچى قاتارلىقلار ) لار بىلەن قوشۇپ « سو- يۇرغا » قىلاتتى . مۇنداق « سويۇرغا » قىلىنغان يەر - سۇ « سويۇرغال » دەپ ئاتالغان . بۇ كېيىنچە بىر تۈزۈمگە

ئايلىنىپ خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان.

مۇتالىئە: ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئېت-
نىك تەركىبلىرىدىن ھېسابلانغان تارىم ئاھالىسى بولسا،
مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا «شەھەر دۆلەتلىرى» باس-
قۇچىغا ئۆتۈپ بولغان. بەزى شەھەر دۆلەتلىرى (مەسى-
لەن، ياركەنت، ئۇدۇن، سۇغراق، كۇچار، كروران،
قوچۇ) زورىيىپ، بۈيۈك ئەل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.
ئاھالىسى ئالىلقاچان ئولتۇراقلىشىپ، خېلى گۈللەنگەن
دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنلىك ئاھالىسىگە ئايلانغان. بۇ
ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق يېزىلغان.

# بەشىنچى باب

## ئەقلىي چۈشەنچە ۋە مەنتىقىي قاراشلار

ئانىلىق تۈزۈمدىن ئاتىلىق تۈزۈمگە ئۆتۈش — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق تۈپ - نېگىزلىك ۋە ئاساسىي ئىقتىسادىي تارماققا ئايلانغان. ئاتىلىق تۈزۈم يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرى، مىس ۋە برونزا دەۋرىگە ماسلاشقان. بۇ دەۋر-دىمۇ تاش قوراللار ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قېپقالمىغان. شۇڭا، بۇ دەۋر ئېنېئولىت ياكى خالكولىت دەۋرى دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 ~ 3000 يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان ماكانلار چارۋىچىلىق ھەم دېھقان-چىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان يەرلەر ئىدى. ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا بۇ ئىككى ساھەدىن قايسىبىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ رەت - تەرتىپى بەلگە-لىنىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرى (تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى) تۆمۈرنىڭ تېپىلىشى پۈتكۈل ماددىي مەدەنى-

يەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. تۆمۈر قوراللارنى ياسىغۇچى ئۇستىكارلار بارا - بارا مەيدانغا كەلگەن. بۇ تەرەققىيات كىشىلەرنىڭ ئاڭ - پىكىرلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ھەر خىل تۆمۈرچىلىك مەبۇدلىرى (بىزدىكى ئاتالغۇ بويىچە تۆمۈرچىلىك پىرلىرى) چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. مۇنداق مەبۇد رىملىقلاردا «ۋۇلكان»، فىنلاردا «ئىلمارىنېن»، كىرتلاردا «سۇسېل»، سلاۋيانلاردا «سۋاروگ»، يەھۇدىيلاردا «داۋىد»، تۈركىيلەر ۋە موڭغۇللاردا «تارخان» دەپ ئاتالغان.

تۆمۈر قوراللارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ساپالچىلىق ۋە بىناكارلىق راۋاجلانغان؛ باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان. ئىش تەقسىماتىنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن؛ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىقتىن بارا - بارا ئايرىلىپ چىققان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇ ئىككى ساھەسى (دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك) ئالماشتۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنى — تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن مال ئالماشتۇرۇش ۋاستىچىلىرى، يەنى سودىگەرلەر پەيدا بولغان. ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي، ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدا، كىشىلەرنىڭ مەپكۇرە، نەزەرىيە ۋە كۆزقاراشلىرى پەيدىنپەي يۈكسىلىپ بارغان.

ئىنسانلار موئۇستېر دەۋرىدە بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان. بۇنى ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئانىمىزم» دەپ ئاتىغان (لاتىن تىلىدا anima روھ، جان دېگەنلىك بولىدۇ). ئانىمىزم — بارلىق شەيئىلەردە جان - روھ بار دەيدىغان

نەزەرىيىدۇر .

ئىنسانلاردا ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچە بىلەن بىللە ئەتىراپىدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ پەيدا بولغان . كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى كونكرېت ۋە ئوبرازلىق بولۇش ( بىۋاستە سەزگەن نەرسە - ھادىسىلەر توغرىسىدىلا پىكىر يۈرگۈزۈش ) سەۋىيىسىدىن ئابستراكت ۋە ئىخچاملىق بولۇش سەۋىيىسىگە يۈكسەلگەن . ئالدى بىلەن ئىنسانلار سان - ساناق ۋە بوياقلار توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغان . دەسلەپتە ئىنسانلار سان - ساناقنى مەلۇم جىسىم بىلەن باغلىق ھالدا ھېسابلايتتى . ئىنسانلارنىڭ سان چۈشەنچىسى بارا - بارا ئاددىي ۋە ئاز سانلاردىن چوڭ ۋە جىق ساناقلارغا ئۆتكەن .

ئارخېئولوگلارنىڭ تەھقىقلىشىچە ، موئۇستېر قاتلىمىدىن قىزىلتاشنىڭ ئىزنالىرى تېپىلغان ھەمدە باشقا مەدەنىيەت ئىزلىرىدىنمۇ بوياقلار تېپىلغان . ئېتنوگرافلار ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ قىياسلىرىچە ، ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئاساسەن تۆت خىل بوياق — ئاق ، قارا ، قىزىل ۋە سېرىق ئىشلىتىلگەن . ئاق رەڭ ئادەتتە تەزىيە - يۇغانىڭ تىمسالى ، قىزىل رەڭ جەڭ ۋاقتىنىڭ تىمسالى بولغان ، كۆك رەڭ چوڭ مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەندە ، قارا رەڭ باشقا رەڭلەرنى تەڭشەشكە ئىشلىتىلگەن ، بەزى جايلاردا يۈز ۋە بەدەنلىرىگە تۈرلۈك شەكىللەرنى سىزىشقىمۇ ئىشلەتكەن . ئىنسانلار بوياقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرقلەندۈرگەن . كىشىلەر قىزىل رەڭ ئارقىلىق ئوتنىڭ رەڭگىنى ، قۇياشنىڭ رەڭگىنى ، شۇنىڭدەك بەزى ئورۇنلاردا گرانت ،

يوپۇرماق ۋە باشقىلارنىڭ رەڭلىرىنى قىياس قىلغان .

مەخلۇقاتنىڭ يارىلىشى توغرىسىدا تۇرلۇك چۆ-
شەنچىلەر پەيدا بولغان . قەدىمكى بابىل ، مىسىر ۋە گ-
رېتسىيىلەردە دۇنيانىڭ ۋە ئادەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا
ھەر خىل ئەپسانىلەر كېلىپ چىققان . مىسىردا بولغان
ئەپسانىلەرنىڭ بىرىدە ئادەم « را » دېگەن مەبۇدنىڭ كۆ-
زىدىن پەيدا بولغان دېيىلسە ، يەنە بىرىدە نۇرغۇن مە-
بۇدلاردىن يارالغان ، دېيىلىدىكەن . « ئىنجىل » دىمۇ
ئىككى خىل بايان قىلىنغان . بىرىدە ئادەم لايدىن ياسالغان
دېيىلسە ، يەنە بىر خىل باياندا خۇدانىڭ سۆزى بىلەن يا-
رىتىلغان ، دېيىلگەن . گرېتسىيىنىڭ بىر ئەپسانىسىدە ئادەم
تاشتىن ياسالغان دېيىلسە ، يەنە بىر ئەپسانىسىدە ئادەمنى
مەبۇد تۇغقان ، دېيىلگەن . ئىنسانلار ئەپسانىلەرنىڭ ئا-
دەملەرگە نىسبەتەن چوڭ تەسىر كۆچى بارلىقىنى تونۇپ
يەتكەن . ئىنسانلار ھايۋانلار ، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى
توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنى پىششىق بىلسە ، ئۇلارنى ئى-
لىگدەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ ، دەپ ئىشەن-
گەن . شۇنىڭ بىلەن ، ئەپسانىنىڭ سىرىنى ساقلاشقا ناھا-
يىتى ئەھمىيەت بەرگەن . ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى ئادەتتە
رىۋايەتتىكى ئابا - ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئىبا-
رەت بولغان . كۆپلىگەن ئۇغۇش - قەبىلىلەر ئابا -
ئەجدادلارنىڭ مۇنداق پائالىيەتلىرى خېلى ئىلگىرىكى زا-
ماندا پەيدا بولغان ، دەپ بىلگەن . بىر قەبىلىدە پەيدا بول-
غان بىر قانچە ئەپسانىلەر بىرلىشىپ ئومۇمىي بىر ئەپسانىنى
شەكىللەندۇرگەن . مۇنداق ئەپسانىدە ھېكايە قىلىنىشىچە ،
ئاسمان بىلەن زېمىن دۇنيادىكى بارچە جانلىق نەرسىلەر-

نىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى ئىكەن . دەسلەپتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئۇتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارىلىق بولماي ، ئاسمان يەرنىڭ ئۈستىدىلا تۇرىدىكەن ؛ ئۆسۈملۈك ، ھايۋانات ، بېلىق ، ئادەم ، ئورمان ۋە شامال ئاسمان بىلەن يەرنىڭ بالىلىرى ئىكەن . شامالدىن باشقا باللار قەست قىلىپ ئاسمان بىلەن زېمىننى ئايرىۋەتمەكچى بوپتۇ . بۇ ئىش بالىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قولىدىن كەلمەپتۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇدرىتى يەتمەپتۇ . ئاخىر ئورمان يوغىناپ ئاسماننى تىرىۋاپتۇ ؛ ئاسماننىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئورمان ئاسماننى يەردىن كۆتۈرۈۋاپتۇ ، لېكىن يەر دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى بىلەن ئۇنى باغلىۋاپتۇ . شۇڭا ، يەر ئورماننىڭ ئاستىدا ، ئاسمان ئورماننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قاپتۇ ، ھەممە باللار يەردە قاپتۇ ، پەقەت شامال كۆتۈرۈلۈپ ئاتىسى بىلەن بىللە بوپتۇ . شامال ئاسماندىن چۈشۈپ ئۆز بۇرادەرلىرىدىن ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن ، دەيدىكەن . ئۇ بولۇپمۇ ئورمانغا ۋە ئورماندا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ، بېلىق دېڭىزغا چۈشۈۋاپتۇ ، ياۋا ھايۋانلار قۇرۇقلۇقنىڭ ھەر تەرىپىگە پېتىراپ كېتىپتۇ . شامال توختىماي يېگىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلماقچى بولغاچقا ، يېگىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر يەرنىڭ تېگىگە كىرىۋاپتۇ . شىددەتلىك شامال ئۆز بۇرادەرلىرىنى يېڭىپتۇ . پەقەت ئادەم يېڭىلمەپتۇ . ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى دەپ ئۆز بۇرادەرلىرىدىن بەك خاپا بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئادەم ياۋا ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلاشقا باشلاپتۇ . ئادەم پەقەت شامالنى بويسۇندۇرالماپتۇ . ماركس بۇ توغرىدا مۇنداق كۆر-

سەتكەن : « بارچە ئەپسانىلەر تەسەۋۋۇردىن بولىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تەبىئىي كۈچنى بويسۇندۇرىدۇ ، ئىلىگدەيدۇ ۋە شەكىللەندۇرىدۇ . شۇڭا ، تەبىئىي كۈچ رېئاللىقتا ئىلىگدەلگەندىن كېيىنلا ئۇ يوقىلىدۇ .»

دىنىي ئېتىقاد بارا ـ بارا تېخىمۇ راۋاجلىنىپ تارماقلانغان . ئىنسان تەبىئەتنى بارا ـ بارا كونترول قىلىشقا باشلاپ ، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي كۈچلەردىن بوشىنىپ چىقىشقا باشلىغان ھەمدە ئۆزىنى قورشىۋالغان دۇنيانى بارغانسېرى تونۇغان . نەتىجىدە ، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا تېۋىنىشتىن مەبۇد شەكىلداشلىقى ( ئانتروپومورفىزاتسىيە ) تەرىپىگە قاراپ راۋاجلانغان ، يەنى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قىياپىتىنى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ئەمەس ، بەلكى ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئىي كۈچلەرنى تېخىمۇ كۆپ شەخسلەشتۈرۈش ( ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش ) كە قاراپ راۋاجلانغان . ئادەملەر قەدىمكى دەۋردە ئۆزىنىڭ تونۇشىنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىجتىھات قىلغان .

## 1 . ئىككىلىك چۈشەنچىسى

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەبىئەتكە بويسۇنۇپ ياشاشتىن تەبىئەتنى ئىلىگدەش جەريانىغا ئۆتۈشتە ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان . بۇ كېيىنكى زاماندا ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش دەپ ئاتالغان . تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنى جەمئىيەت ھادىسىلى-

رىگە تەتبىق قىلىنغان . ئاۋۋال جۈپلۈك چۈشەنچىسىگە ئىگە
بولغان ، يەنى پۈتكۈل دۇنيا ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق شەيـ
ئىلەر « جۈپ » بولىدۇ ۋە جۈپ بولغان ئىككى تەرەپ
بىر - بىرىگە تايىنىدۇ ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ، بىرى
ئارقىلىق ئىككىنچى بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى گەۋدىلىنىدۇ ،
شۇنداقلا بىر - بىرىنىڭ زىتىدا بولىدۇ دېگەن ئەقلىي
چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغان . بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى
مۇنداق :

### « ئاق » بىلەن « قارا »

قەدىمكى ئەجدادلار تەبىئەتتىكى « ئاق » بىـ
لەن « قارا » رەڭنى ھېس قىلىپ ، بۇنىڭدىن تۈرلۈك ئەقـ
لىي چۈشەنچىلەرنى يەكۈنلىگەن . « ئاق » نى كۈننىڭ
تەسەۋۋۇرى ، « قارا » نى تۈننىڭ تەسەۋۋۇرى دەپ بىلـ
گەن . « ئوغۇزنامە » دىكى مۇنۇ باياندىنمۇ بىلىش مۇمـ
كىن : « كۈن خاننىڭ ۋەزىرى ئۇلۇغ تۈرك . . . كۈنلەردە
بىر كۈن ئۇيقۇدا بىر ئالتۇن يا كۆردى ، يەنە ئۈچ كۈمۈش
ئوق كۆردى . بۇ ئالتۇن يا كۈن تۇغۇشتىن كۈنپېـ
تىشقىچە كېرىلگەنىدى . يەنە بۇ ئۈچ كۈمۈش ئوق تۈن
ياڭاققا ( شىمالغا ) قاراپ تۇراتتى . . . كۈن ، ئاي ،
يۇلتۇز ( ئۈچ ئوغۇل ) تاڭ سارىغا سىلەر بېرىڭلار ،
كۆك ، تاغ ، تەڭىز تۈن سارىغا سىلەر بېرىڭلار ، دېـ
دى . . . » كۈن تۇغۇش — تاڭ سېرى ، كۈنپېتىش —
تۈن سېرى دەپ كۆرسىتىلگەن . ئادەتتە ، كۈن چىقىشقا
باشلىغاندا « كۈن ئاقاردى » ( كۈندۈز بولدى ) ،
كۈن پېتىشقا باشلىغاندا « كۈن قارايدى » ( تۈن

بولدى ) دەپ ئىپادىلىگەن . بۇ چۈشەنچە ئاساسىدا « ئاق » بىلەن « قارا » نى « يورۇق » بىلەن « قاراڭغۇ » نىڭ تەسۋىرى دېگەن ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىپ ، بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىنى بارغانچە كېڭەيتىۋەرگەن . « ئاي » غا تەتبىق قىلىنغاندا ، ئاي تۇغۇلۇپ تولۇن بولغىچە تۈنلەرنى « ئايدىڭ كېچىلەر » ، قالغان تۈنلەرنى « قارا كېچىلەر » ياكى « قاراڭغۇ كېچىلەر » دەپ سانىغان ؛ تاغ ۋە تەرەپلەرگە تەتبىق قىلىنغاندا ، ھەمىشە ئاقىرىپ ( يورۇق چۈشۈپ ) تۇرىدىغان يۈزنى « كۈنگەي » ، قارىيىپ ( يورۇق چۈشمەي ) تۇرىدىغان يۈزنى « تەسكەي » ( مەخسۇس تاغقا نىسبەتەن « قۇز » ) دەپ ئاتىغان . يەنە « ئاق » نى روشەنلىكنىڭ ئىپادىسى ، « قارا » نى « تۇتۇق » نىڭ ئىپادىسى دېگەن ئۇقۇمدىن يىراقتىكىنى پەرق ئېتىش ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . مەسىلەن ، يىراقتىن ئارانچە كۆرۈنگەن نەرسىنى « قارىسى كۆرۈندى » ، نىشانغا ئېلىشنى « قارىغا ئېلىش » دېگەن ئىبارىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇ . « قارا » دېگەن ئۇقۇمدىن « يوغان » ، « كەڭ » دېگەن مەنىلەرنى تۈرلەندۈرگەن . يەنە « خەلق ئاممىسى » ، « كەڭ ئامما » دېگەن مەنىلەرنى « قارا بودۇن » ۋە بەزىدە « قارا » دەپلا ئاڭلاتقان . مەسىلەن ، « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ 986 ـ بېيىتىدە « قارا » سۆزى « ئامما » مەنىسىدە قوللىنىلغان . قەدىمكى ئەجدادلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىلكىدىكى قوي ـ ئۆچكە قاتارلىق ئاق ـ ئۇششاق ماللاردىن ئۆزگىلىرى ( مەسىلەن ، ئات ، كالا ، تۆگە قاتارلىق چوڭ ماللار ) نى « قارامال » دەپ ئاتىغان . سېغىن ماللاردىن

ئېلىنىدىغان سۈت مەھسۇلاتلىرىنى « ئاق » سۆزى بىلەن
ئىپادىلىگەن . مەسىلەن ، ئىززەتلىك مېھماننى سۈت ، قىـ
مىز ، ياغ ، قايماق ، قېتىق ، سۈزمە ، ئايران ، ئېرىمچىك ،
قۇرۇت دېــگەنــدەك « توققۇز ئاق » بىلەن مېھمان قىلـ
غان . ئېكىنچىلىكتىمۇ بۇغداي ، گۈرۈچ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنـ
لىرىنى « ئاق ئاش » ، قوناق ، تېرىق ، پۇرچاقلارنى « قارا
ئاش » دەپ سىلىق ـ يۇمــشاقلىق جەھەتتىن پەرقــلەنــ
دۈرگــەن . ئىجتىــمائىي تۇرمۇشــتا بولــسا ، « ئاق » بىـ
لەن « قارا » نىڭ تەبىئىي ھادىسىلەرنى بىلــدۈرــدىــغان
« رەڭ » دېــگەن مەنىسىنى تەتبىق قىلىپ ، ئادەملەرنىڭ
تۈرلۈك خاراكتېر ۋە ھېسسىي ئىــپادىلەرنى بىلــدۈرگەن .
مەسىلەن ، « ئاق كۆڭۈل » ، « كۆڭلى قارا » ، « قارا
يۈز » ، « يۈزىگە قارا چاپــلىماق » ، « يۈزى ئاقارماق » ،
« ئاقــلىماق » ، « قارا تۇتماق » ۋە باشقىلار . يەنە شۇنىڭـ
دەك تۇرمۇشتا قاتتىق مۇشكۈلچىلىككە يولۇققانلىقنى « قارا
كۈنلەر » ، « قارا باستى » دەپ تەسۋىرلىگەن . « قارا »
سۆزىدىن « قارىلىق » ( ماتەم ) ۋە « قارام » ( مەھكۇم )
دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئاڭلاتقان . يەنە « قارا » دېگەن تۈپ
ئۇقــۇمدىن « گۇناھ ، ئەيىب ، قۇسۇر » دېگەن مەنىلەرنى
تۈرلەندۈرگەن . خەلق قوشاقلىرىدا بۇ مەنىدىكى مىسرالار
كۆپ قوللىنىلىدۇ : « قاراڭغۇدىن قورقمايمەن ، قاراڭدىن
قورقىمەن يارىم » ، « قارا دەيدۇ ـ قارا دەيدۇ ، قارا مەندە
يوق » ، « ئاق بېلىق ، ئاپئاق بېلىق ، ئاپتاپتا ياتقانىڭ
قېنى » ۋە باشقىلار . دېمەك ، « ئاق » بىلەن « قارا » نىڭ
رەڭ دېــگەن تۈپ ئۇقۇمــدىن « يورۇق ـ قــاراڭــغۇ » ،
« روشەن ـ تۇتۇق » ، « ئوڭ ـ تەتۈر » ، « ئالدى ـ

كەينى » ، « ياخشىلىق ـ يامانلىق » دېگەندەك چۈشەنـ
چىلەرنى ھاسىل قىلغان ( « ئاق ـ قارا » چۈشەنـ
چىسى « يىن ـ ياڭ » ( 阴阳 )ماۋزۇسىدا يەنە بايان قىـ
لىنىدۇ ) .

### « ئەركەك » بىلەن « چىشى »ۋە « ئوڭ » بىلەن « سول »

تەبىئەتتىكى بارلىق مەخلۇقات ( ئىنسان ، ھايۋان ، ئۆسۈملۈك ) ۋە شەيئىلەرنىڭ « ئەركەك » ۋە « چىشى » دېگەن ئىككى جىنسقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاللىقاچان ھېس قىلغان ۋە بۇ ھېسسىيات ئاساسىدا « ئەركەك » بىلەن « چىشى » بىر ـ بىرىنى تەـ قەززا قىلىدۇ ۋە بىرىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى شەرت بولىدۇ ، دېگەن ئەقلىي چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغان .

مەخلۇقات ئىچىدىن پەقەت ئىنسانلاردىكى « ئەر- كەك » بىلەن « چىشى » مۇناسىۋىتىنى ئۆگىنىپ كۆ- رەيلى . قەدىمدىن تارتىپ تاكى خان ـ پادىشاھلىق تۈزۈم دەۋرىدىمۇ ئەر ئوڭ قولدا ، خوتۇن سول قولدا بولاتتى . ئائىلىق تۈزۈمدىن ئاتىلىق تۈزۈمگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ، ئەرلەر بىلەن خوتۇنلار جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ساھەلىرىدە تەڭ ـ باراۋەر ئىدى ، يەنى ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ ئوڭ ۋە سول ياقلارنى تۇتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلار ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا ، يىغىن ، ئوۋچىلىق ، ئېكىنچىلىق ، بېقىمچىلىق ، شۇنىڭدەك بايرام ـ زىياپەتلەر ، يىغىن ـ كېڭەشمە قاتار- لىق پائالىيەتلەرگە تەڭ قاتنىشاتتى ، ھەتتا ئۇرۇش پائالـ

يەتلىرىدىمۇ خوتۇنلار ئەرلەردەك جەڭگىۋار ئىدى . خوتۇنلارنىڭ باتۇرلۇقىنى تەسۋىرلەيدىغان خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ بۇ ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ ، ئەر بىلەن خوتۇن توي ـ نىكاھ ئىشلىرىدىمۇ تەڭ باراۋەر ئىدى ، توي ـ نىكاھ مۇراسىملىرىدا يىگىت بىلەن قىز كۆچ سىنىشىدىغان ئادەت بولغان . قەدىمكى گرېك مۇئەللىپلىرى تۇران زېمىنىدىكى قەۋملەردە : يىگىت ئايرىم ـ ئايرىم چېلىشىشتا ، قىزنى يېڭەلىسىلا قىز يىگىتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن قەدىمكى خەلق قىسسىلىرىدىن ئايرىم ئېپىزوتلارنىڭ « ئېلىيادا » ھېكايىسىدە ساقلانغانلىقىنى يېزىشقان . بۇنداق ئادەت ھەتتا 11 ـ ئەسىردىمۇ ساقلىنىپ قالغانلىقى مەلۇم . مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ 1 ـ تومىدا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن : « قىز بىرلە كۆرەشمە ، قىسراق بىرلە يارىشما ـــ قىزلار بىلەن چېلىشما ، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ ، سېنى يىقىتىپ قويىدۇ ؛ قىسراق ( بايتال ) بىلەن چېپىشما ، ئۇ ئاتتىن كۈچلۈك ھەم چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن ، سېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ . بۇ قاغانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكىنى ئۈچۈن ، قاغانىيىلىكلەر ئارىسىدا ، سۇلتان مەسئۇد توغرۇلۇق چىقىرىلغان بىر ماقال . »

قەدىمكى زاماندا ، كىشىلەر سول تەرەپنى قەدىرلەيتتى . بۇ ئانىلىق تۈزۈمدىن قالغان ھېسسىي چۈشەنچە بولسا كېرەك . كېيىنكى چاغلاردا بولسا ، سول تەرەپكە نىسبەتەن ئوڭ تەرەپكە ھۆرمەتلىكرەك قارايدىغان بولغان . ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇنداق ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنى

پەرقلەندۇرۇش ئېگى ئېھتىمال قەدىمكى دىنىي ئېتىقادتىن تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ، شامانلىق سول تەرەپنى ، توپۇنلۇق ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلايتتى . تېخىمۇ قەدىمكى زاماندا تەڭرىلەر ئوڭ قولنى ، يەر ـ سۇلار سول قولنى مۇئەككەل بولۇپ ھىمايە قىلغان . كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بارا ـ بارا مۇرەككەپلەشكەنسېرى سول قولنى تۇتقانلار « ئىچرەكىلەر » ، ئوڭ قولنى تۇتقانلار « تاشراقىلەر » دەپ ئاتالغان . لېكىن ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتتە سەل ئېگىز ـ پەس بولۇش ئەھۋالى ئالمىشىپ تۇرغان .

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان « توققۇز ئۇيغۇر » ( ئىچرەكى ئەل ) ئوڭدا ، يەنى ئورقۇن بويىدا ، « ئون ئۇيغۇر » ( تاشراقى ئەل ) سولدا ، يەنى سېلىنگا بويىدا ماكان تۇتقانىدى . ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ « شەجەرەئى تۈرك » ئەسىرىنىڭ « قاراخاننىڭ زىكرى » دېگەن بابىدا ئوغۇزخان توغرىسىدا بايان قىلىنغىنىدا مۇنداق قەيت قىلىنغان : ئوغۇزخان ھايات چېغىدا ، ئوغلانلىرىنى ئولتۇرغاندا : « ئۆزگىلەر ئوڭ ياقتا ئولتۇرسۇن ، ئۈچ ئوقلار سول ياقتا ئولتۇرسۇن » دەپ يارلىق چۈشۈرگەن . ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى « . . . كۈن خان ئەرقىل خوجانىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ، چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى . . . ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئەتكۈزگەن ئالتۇن ئۆينى تىكتۇردى . ئوڭ ياقتا ئالتە ئاق ئۆرگە ، سول ياقتا ئالتە ئاق ئۆرگە ( ئۆرگە ـــ تەخت ) تىكتۇردى . ئوڭ ياققا ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇلغان 40 غۇلاچ ياغاچنى تىكتۇردى ؛

سول ياقا ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇلغان 40 غۇلاچ ياغاچنى تىكتۈردى. خان يارلىقى بويىچە بوز ئوق ئوغلانلىرى ۋە نۆكەرلىرى ئالتۇن توخۇنى، ئۈچ ئوق ئوغلانلىرى نۆكەرلىرى بىلەن كۈمۈش توخۇنى ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ ئاتتى . . . » بۇ باياندىن ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى كۈن خاننىڭ « بۇز ئوق » ئاتالغان ئوغلانلىرى ئوڭ قولنى، « ئۈچ ئوق » ئاتالغان ئوغلانلىرى سول قولنى تەشكىل قىلغانلىقى مەلۇم. قۇن ( هۇن ) زامانىغا كەلگەندىمۇ تەڭرىقۇت بارگاھى — بۆكە بالىقنىڭ ئوڭ تەرىپى بىرانغار، سول تەرىپى جۇۋانغار دەپ بۆلۈنگەن. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، شەرقىي خەن زامانىسىدىمۇ، هۇنلاردا مەنسەپدارلار « ساغ ـ سول » غا ئايرىلغان. مەسىلەن، سول ئۆگ شاد، سول قۇت شاد، ساغ ئۆگ شاد، ساغ قۇت شاد. ئوڭ ۋە سول تەرەپلەر تۇغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر كېيىنكى چاغلاردىمۇ خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. پادىشاھلىق تەختىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىرى، سول قول ۋەزىرلىرى دېگەن ئىبارىلەر ئەنە شۇ چۈشەنچىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردىمۇ ئەجدادلىرىمىز بىلەن ھەر جەھەتتىن يېقىن ئالاقىدە بولغان ئوردۇس ئاھالىسى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيالارنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىككىلىك ئەقلىي چۈشەنچىسى ئاڭ ـ پىكىر ساھەسىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى. بۇ « يىن ـ ياڭ » تەلىماتى دەپ ئاتالغان ۋە بۇ تەلىماتنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئاڭ ـ پىكرىگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىش مۇمكىن.

## «يىن ـ ياڭ»

قەدىمكى خۇاشيالاردا، «يىن ـ ياڭ» ـــ پەلسە-
پىنىڭ ئىككىلىك (جۈپلۈك) كاتېگورىيىسى. «يىن ـ
ياڭ» نىڭ ئەسلىدىكى تۈپ مەنىسى مۇنداق بولغان:
يىن ـ ياڭ ـــ ئاپتاپنىڭ كېيىنى ۋە ئالدى، يەنى كۈنگە
باققان تەرەپ ياڭ، كۈن چۈشمىگەن (كۈنگە قارشى)
تەرەپ ـــ يىن؛ تەسكەي، كۈنگەي دېگەن مەنىلەردىن
تۈرلىنىپ، هاۋارايىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق ياكى ئوچۇق ـ
تۇتۇق هادىسىلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن. قەدىمكى زاماندا،
كىشىلەر بارچە هادىسىلەرنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپ-
لىرى بولىدىغانلىقىنى پەرق ئەتكەن هەمدە «يىن ـ ياڭ»
چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەتتىكى بىر ـ بىرىگە
قارمۇقارشى بولغان ۋە بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان
ئىككى خىل ماددىي كۈچنى شەرھىلىگەن. غەربىي جۇ-
نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن بوياڭفۇ مۇنداق دەپ-
تىكەن: «ياڭ مۆكۈنۈپ چىقالمىسا، يىن قىستىلىپ
بۇغلانمىسا، يەر تەۋرەيدۇ» («ئەل مۇهاكىمىلىرى»
نىڭ «جۇمۇ هاكىمىلىرى» پەسلىنىڭ 1 ـ قىسمى).
«پالنامە» («易经») نىڭ مۇئەللىپى تېخىمۇ ئېنىقراق
شەرھلەپ: «بىر يىن بىلەن بىر ياڭ داۋ دېيىلىدۇ» دې-
گەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يىن بىلەن ياڭنىڭ
ئالمىشىپ تۇرۇشى ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنى، دەپ تونۇغان.
دېمەك، قەدىمكى كىشىلەر يىن ـ ياڭ دېيىلگەن بۇ ئىككى
خىل كۈچنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشى تۈرلۈك ـ تۈ-
مەن شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى دېگەن خۇلا-

سىگە كېلىپ ، « زور بىلەن زەئىپنىڭ بىر ـ بىرىنى ئېلـ
گىرى سۈرۈشى بىلەن ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىش كېلىپ
چىقىدۇ » دەيدىغان سادda دىئالېكتىك كۆز قاراشنى ئوتـ
تۇرىغا قويغان .

يىن بىلەن ياڭنىڭ ئىككىلىك چۈشەنچىسىنى
ئاڭـلىتىدىغان « يورۇق ـ قاراڭغۇ » ، « كۈنگەي ـ تەسـ
كەي » ، « ئوچۇق ـ تۇتۇق » ( ھەمدە « ئوچۇق ـ يېپـ
يىق » ) ، « كۈن ـ ئاي » ، شولا ـ سايە ، مۇزەككەر ـ
مۇئەننەس ، جىنسىي ئەزالار ، بۇ ئالەم ـ ئۇ ئالەم دېگەندەك
قـارمۇ قارشىلىق مەنىلىرى بار ( ئەسلەتمە : ئۇيغۇر تىلىدا
كـۆپىنچە مۇنداق قارشىلىق مەنىلىرىدىكى جۈپلۈك سۆزـ
لەردىن ئىجابىي مەنىلىكلىرىنى ئالدىن ئېيتىشقا ئادەتلەـ
نىلگەن ) .

بەزى چۈشەنچە بويىچە ، يىن بىلەن ياڭ شەيئىلەر
ۋە كىشىلەردە دائىمىي جارى بولۇپ تۇرىدىغان بىر ـ بىـ
رىـگە زىت ئىككى يۈز ( تەرەپ ) دىن ئىبارەت . تەبىئەتـ
تىكى شەيئىلەردە چوڭ ـ كىـچىك ، ئۇزۇن ـ قىسـقا ،
ئېگىز ـ پەس ، ئوڭ ـ سول ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلەر بوـ
لىدۇ . قەدىمكى كىشىلەر چوڭ ، ئۇزۇن ، ئېگىز ، سولنى
يـاڭ ، كىچىك ، قىسقا ، پەس ، ئوڭنى يىن دەپ تونۇپ كەلـ
گەن . ياڭغا تەۋەلەر قاتتىق زور بولىدۇ ، يىنگە تەۋەلەر
يۇمشاق ـ ئاجىز بولىدۇ . ئادەمنىڭ خاسلىق مىجەزى جەـ
ھـەتتە ئەر قاتتىق ـ قوپال بولغىنى ئۈچۈن ياڭ ـــ سول ؛
خوتۇن ياۋاش ، يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈن يىن ـــ ئوڭ ساـ
نـالغان . خۇاشيالارنىڭ يىن ـ ياڭ دېيىلىدىغان بۇ ئىككىـ
لىك چۈشەنچىسى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا ئۇلار بىلەن

يېقىن قوشنا بولۇپ ياشىغان رۇڭلارغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلغان، بولۇپمۇ غەربىي جۇ ۋە چىن ئەللىرى بىلەن ئارىلىشىپ، قوشنىدارچىلىق قىلىپ ئۆتكەن قىزىل دىلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئىككىلىك چۈشەنچىلىرىگە خۇاشيالارنىڭ يىن ـ ياڭ نۇقتىئىينەزەرىنى تەتبىق قىلغان. « يىن » غا « قارا » نى، « ياڭ » غا « ئاق » نى مۇقابىل كەلتۈرگەن. يىن بىلەن ياڭنىڭ « ئوچۇق ـ تۇتۇق »، « كۈنگەي ـ تەسكەي »، « شولا ـ سايە »، « كۈن ـ ئاي » دېگەندەك مەنىلىرى « ئاق ـ قارا » نىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەلۇم زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز « ئاق ـ قارا » ئىككىلىك چۈشەنچىسىگە « ئوڭ ـ سول » نى يانداش قىلىپ قارايدىغان بولغان. كېيىنچە تەڭداش بولغان ئوڭ ـ سول ئىككىلىك چۈشەنچىسىنىڭ دائىرىسىگە « ئاق ـ قارا » ئىككىلىكىنىمۇ كىرگۈزگەن. بۇ يەردە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار: قىزىل رۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى دىڭلىن ۋە گۈزلەر كېيىنچە « ئاق » نى « كۆك »، « قارا » نى « بوز » بىلەن ئالماشتۇرغان. بۇ ئاسمان ـ زېمىن چۈشەنچىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، « كۆكتەڭرى » ۋە « بوزتەڭرى » ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان، شۇنداقلا « قارا » نىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ، « مەھكۇم » مەفھۇمىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. « ئاق ـ قارا » ئىككىلىك چۈشەنچىسى ئىلگىدەيدىغان زامانلاردا، تەڭ باراۋەر بولمىغان ئىككىلىك چۈشەنچىسىگە ھاجەت يوق ئىدى. سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ « باشقا كۈن چۈشكەن » دە بولسا، « قارا بودۇن » ( قارام ـ مەھكۇم

خەلق ) كىلىپ چىقـقان . چۈنكى ، جەمئىيەت ھاكىم ۋە مەھكۇمــلاردىن تەركىب تاپقاچقا ، ھاكىملارنى « كۆك » ، مەھكۇملەرنى « قارا » دېگەن سۈپەت بىلەن پەرقلەندۈر-گەن .

« قەدىمكى تۈركلەردە بىر ھۆكۈمدار مەغلۇب بول-غاندا ( قارا خان ) ياكى موڭغۇلچە مەزكۇر مەنىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاتالغۇ ( كۇر خان ) بىلەن ئاتىلاتتى . ئىنتىقا-منى ئالغانغا قەدەر ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولغانغا قەدەر ئاشۇ ئۇنۋاننى ساقلايتتى » ( زىيا گۆكئالپ ) .

قەدىمكى زاماندا ، شامانلارمۇ « ئاق شامان » ( ياز ئايـلـىــرىــغا مۇئەككەل ) ، « قارا شامان » ( قىش ئايــ-لىــرىــغا مۇئەككەل ) دەپ ئىككــىــگە بۆلۈنــگەندەك ، چۇرلار ( ئەرۋاھلار ) مۇ « ئاق چۇر » ۋە « قارا چۇر » دەپ ھــەمدە تەڭرىلەرمۇ ئىككىلىك چۈشەنچىسى بويىچە ئوڭ ــ سـول ، ئاق ـ قارا دەپ بۆلۈنگەن . مەسىلەن ، ئوڭ قولدا تەڭرىلەر ، سول قولدا يەر ـ سۇلار ؛ ئاق ــ كۆك-تەڭرى ، قارا ــ بوزتەڭرى .

يىن ــ ياڭ پالچىلىققىمۇ تەتبىق قىلىنغان . تەبئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىنسانىيەت ئۆزگىرىشلىرىگە تىمسال قىلىن-غان بەلگىلەرنى ياڭ ــ ياۋ ( ــــ ) ، يىن ــ ياۋ ( ــ ــ ) نىلڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل قىلغان . « ــــ » مۇسبەت ھەرىكەت سىزىقى ، « ــ ــ » مەنپىي ھەرىكەت سىزىقى بولۇپ ، ئۈچ ياۋ ( ھەرىكەت سىزىقى ) دىن سەككىز شەكىل ۋە بۇ سەككىز شەكىل زەرب قىلىنىش يولى بىلەن 64 ئەشكال كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان . بۇلار ئارقىلىق « سەئد ــ نەھس » ( ياخشىلىق ــ يامانلىق ) توغرىسىدا پال ئاچقان .

تۈركىي خەلقلەر ۋە بۇلاردىن ئىرانىيلەر يىپ ـ ياڭنىڭ پالچىلىق جەھەتتىكى ئەشكاللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي چۈشەنچىسىگە ماسلاشتۇرۇپ، پالچىلىق شەكىللىرىنى ئىشلەپ چىققان. سىزىقچە ( ــ )، چېكىت ( . ) بەلگىلىرىنى ئىككى ـ ئىككىلەپ زەرب قىلىش يولى بىلەن تۆتلۈك بەلگە ۋە بۇ تۆتلۈك بەلگىلەرنى يەنە ئىككى ـ ئىككىلەپ زەرب قىلىش ئارقىلىق 16 خانە ( ئۆي ) ھاسىل قىلغان. بۇنى تۆت تۈركۈمگە بۆلگەن ۋە ھەربىر خانىگە بىردىن ئات قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدا مۆلچەرلەيدىغان مەخسۇس « پالنامە » تۈزۈپ چىققان. 9 ــ 10 ـ ئەسىردە قوچۇدا تۈزۈلگەن « ئىرق بىتىك » ئەنە شۇ قەدىمكى « پالنامە » نىڭ يادنامىسى بولسا كېرەك.

## 2. تۆتلۈك ۋە بەشلىك چۈشەنچىلىرى

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش تەرزى ۋە قىممەت قارىشى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭمۇ ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭمۇ مەپكۇرە، نەزەرىيە، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ھاللىرى ( جۈملىدىن ئېتىكىلىق ئاساسلىرى ) ئاتىلىش جەھەتتىن ئوخشاش بولىسىمۇ، بۇلار ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ جامائەتلىشىپ ياشاش قائىدىلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش پرىنسىپلىرى ئوخشاشمايدۇ.

قەدىمكى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى ياشىغان رىئاللىقنى بىلىش ئۈچۈن ھەر خىل پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۆزلىرى

مەنسۇپ بولغان دۇنيادىكى تۈرلۈك ــ تۈمەن شەيئىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە خىلمۇخىللىقىدىكى ئوخشاشلىقنى تونۇش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە ئەقلىي چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككىلىك چۈشەنچىسى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۆتلۈك چۈشەنچىسى ۋە بەزى قەۋملەردە بەشلىك چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغان قەۋملەردە دەسلەپ تۆتلۈك چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن. بۇ چۈشەنچىنى «تۆت تادۇ» دەپ ئاتىغان. «تادۇ» nature ــ (تەبىئەت، تۇپ خۇسۇسىيەت، خاراكتېر) مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ سانسكرىتچىدىكى thatu سۆزىگە ئوخشايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «تادۇ ــ ئادەمنىڭ مىجەزى ۋە تەبىئىتى» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ــ توم). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە: «تادۇ» بىر ــ بىرىگە تەڭشەلسە، چىن ھاياتلىق بولىدۇ، دەپ تەبىر بەرگەن.

60 بۇ تۆرت ئەش ماڭا تۆرت تادۇ تەگ تۇرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن تىرىگلىك بولۇر.

قەدىمكى كىشىلەر كۆندىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان تۆت خىل ماددا ــ «سۇ، تۇپراق، ئوت، يەل (ھاۋا)» نى تىرىكلىكنىڭ مەنبەسى دېگەن چۈشەنچە بىلەن «تۆت تادۇ» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ «تۆت تادۇ» بىر ــ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم بىر ــ بىرىگە

زىت بولىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە غالىب كېلىدۇ ، دەيدىغان ساددىچە مەنتىق ( دىئالېكتىكا ) نى چۈشەنگەن .
« تۆت تادۇ » نىڭ تەركىبى ھەر قەۋمدە ھەر خىل بولغان . پارسلار : ئاب ، ئاتەش ، باد ، خاك ( سۇ ، ئوت ، ھاۋا ، تۇپراق ) تىن ئىبارەت تۆت ئۇنسۇرنى « چەھار اخشج » ( ئاخشج ـــ مۇخالىپ ، زىت ) دېگەن . ئەرەبلەردە « ئەناسىر ئەربەئە » ـــ ماء ، نار ، ھوا ، تراب دەپ ئاتالغان .
قەدىمكى قەۋملەردە « تۆت تادۇ » تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن ماددىلار باشتىن ـ ئاياغىچە بىر خىل بولمىغان . بەزىلىرىدە « تۆت تادۇ » ياغاچ ، سۇ ، ئوت ، تۆمۈردىن ئىبارەت بولسا ، بەزىلىرىدە سۇ ، تۇپراق ، ئوت ، ھاۋادىن ئىبارەت بولغان . بۇ « تۆت تادۇ » قىلىپ تاللاشتا ھەر قەۋمنىڭ ماددىلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا قەۋملەردىن بەزى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولغان . قەدىمكى زاماندا قىزىل دىلار ( غەربىي رۇڭلار ) خۇاشيالار بىلەن يېقىن قوشنا ۋە زىچ رابىتىدە بولۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، خۇا شيالاردىكى « بەش تادۇ » ( ياغاچ ، ئوت ، تۇپراق ، مەدەن ، سۇ ) چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئاۋۋال ياغاچ ، سۇ ، ئوت ، تۆمۈرنى « تۆت تادۇ » ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن . بۇنىڭدىكى پەرق شۇكى ، خۇاشيالاردىكى « مەدەن » ئورتاق نامنى « تۆمۈر » دېگەن خاس نامغا ئۆزگەرتىپ قوللانغان . چۈنكى ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆز قارىشىدا « تۆمۈر » خاسىيەتلىك ماددا ھېسابلىناتتى . كېيىنچىرەك غەربىي

قەۋملەرنىڭ « تۆت تادۇ » چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلىپ ، « تۆمۈر » ۋە « ياغاچ » لارنىڭ ئورنىغا « ھاۋا » ۋە « تۇپراق » نى ئالماشتۇرغانلىقى ئېھتىمال . قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىمۇ « تۇپراق ، سۇ ، ھاۋا ، ئوت » نى تۆت ئاساسىي ئۇنسۇر ، دەپ ھېسابلىغان . ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ دېيىشىچە ، رۇكنلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىشىدىن بەدەنلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . بۇلار ھەققىدە بۇقرات : سۇ ، ئوت ، تۇپراق ۋە يەل ( ھاۋا ) دەپ توغرا كۆرسەتكەن .

مەيلى تۆتلۈك ياكى بەشلىك بولسۇن ، قەۋملەردە تادۇلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىي جەھەتتىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ . خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان خۇاشيالاردىكى چۈشەنچە بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى :

ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىن ئىلگىرى « تۆت سۈرەت » چۈشەنچىسى بولغان . « پالنامە » نىڭ « تەبىرنامە » بىرىنچى پەسلىدە : « ئىككى قىياپەتتىن تۆت سۈرەت تۇغۇلغان » دېيىلگەن . « ئىككى قىياپەت » يىن - ياڭ ياكى ئاسمان - زېمىن دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن . مەزكۇر ئۇقۇم بويىچە تۆت چاغ قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر يىن - ياڭدىن ئىبارەت ئىككى خىل قۇۋۋەتنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان ، دەپ ھېسابلانغان . مەزكۇر ئۇقۇم بويىچە « تۆت سۈرەت » ئەتىياز ، ياز ، كۈز ، قىش دېيىلگەن تۆت چاغ ( پەسىل ) نى ياكى سۇ ، ئوت ، ياغاچ ، تۆمۈر دېيىلگەن تۆت تادۇ تۆت تەرەپنى كۆرسەتكەن . تادۇغا دائىر دەسلەپكى ماتېرىياللار « زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى » ، « ئەل مۇھاكىمىلىرى »

ۋە « قەدىمنامە » نىڭ « چوڭ قائىدىلەر » بابىدا ساقلانـ
غان . ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدە بەشلىك تەلىماتى
( ياغاچ ، ئوت ، تۇپراق ، مەدەن ، سۇ تادۇلىرى ) كەڭ
ئومـۇملاشقان ۋە بۇ بەش ئۇنسۇر « بىر ــ بىرىنى تۇغىدۇ
ۋە يېڭىدۇ » دېگەن قائىدە مەيدانغا كەلگەن ، يەنى ياغاچـ
تىن ئوت تۇغۇلىدۇ ، ئوتتىن تۇپراق تۇغۇلىدۇ ، تۇپراقتىن
مەدەن تۇغۇلىدۇ ، مەدەندىن سۇ تۇغۇلىدۇ ، سۇدىن ياغاچ
تۇغۇلىدۇ ؛ سۇ ئوتنى يېڭىدۇ ، ئوت مەدەننى ، ياغاچنى
يېڭىدۇ ياغاچ تۇپراقنى يېڭىدۇ ، تۇپراق سۇنى يېڭىدۇ .
تۆت تادۇ توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ بەشلىكنىڭ قائىدىـ
سىگە ئوخشايدۇ . تۆت تادۇنىڭ تەبىئىتى بىر ــ بىرىگە
مۇخالىپ ۋە زىت ، ئەمما بىر ــ بىرىنى شەرت قىلىدۇ .

قەدىمدىن ئومۇملاشقان چۈشەنچە بويىچە تۆت تادۇ رەڭلەر ، تەرەپلەر ، مەبۇدلەر ( توتېملار ) ، پەسىللەر ۋە ئادەمـنىڭ مىجەزلىرىگىچە ھەم پسىخولوگىيىلىك ھالەتـلەرگىچە ئىزچىللاشقان .

## تۆت تادۇنىڭ رەڭلىرى

ئىككىلىك چۈشەنچىسىدىكى « ئاق ــ قارا » ئۇقۇمى ئاساسىدا ، رەڭلەردە « ئاق ، قارا ، كۆك ، قىزىل » دەپ تۆتلۈك چۈشەنچىسى ھاسىل قىلىنغان ، يەنى تۆت خىل ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىتىگە قاراپ ، تۆت خىل ماددا تۆت خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن :

سۇ ــ قارا
ياغاچ ـــ كۆك تۆمۈر ـــ ئاق
ئوت ـــ قىزىل

بەزى قەۋملەردە ياغاچ ئورنىدا تۇپراق ، تۆمۈر
ئورنىدا ھاۋا ياكى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغان . قەدىمكى
ئۇيغۇلارنىڭ قوشنىلىرىدىن تۇبۇتلەر بولسا ، تۆت تادۇغا
تۇپراقنى قوشۇپ ( خەنزۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئوخـ
شاش ) ، تۇپراقنىڭ رەڭگىنى « سېرىق » دەپ بەلگىلە
گەن .

## تەرەپلەرنىڭ رەڭلىرى

ئىككىلىك چۈشەنچىسىدە ، تاڭ ( كۈنچىقىش ) نى
ئاق ، تۈن ( كۈنپېتىش ) نى قارا دەپ سۈپەتلىگەن بولسا ،
كېيىنچە تەرەپلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچە تېخىمۇ ئايـ
دىڭلاشقان ۋە بۇ جۇغراپىيە ۋە تەبىئەت پەنلىرىگە ئاساس
بولغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ . كۈن نۇرىنىڭ يەر يۈزىنى يو-
رۇتۇش قانۇنىيىتى بويىچە ، تەرەپلەر تۆت خىل رەڭ بىـ
لەن ئىپادىلەنگەن :

شەرق — كۆك
شىمال — قارا
غەرب — ئاق
جەنۇب — قىزىل

تەرەپلەرنى بىلدۈرىدىغان رەڭلەر دىنىي چۈشەنـ
چىلەرنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ، بالدۇرقى ئىككىلىك
چۈشەنچىسىدىن بىر ئاز ئۆزگەرگەن . ئىلگىرى شەرق
تاڭنىڭ بەلگىسى بولغان « ئاق » بىلەن ئىپادىلەنگەن
بولسا ، قەدىمكى ئەجدادلار ئۇلۇغلايدىغان كۆكتەڭرى ئېـ
تىقادىغا ئاساسەن « كۆك » دەپ تەرىپلەپ ، كۈنپېتىش
تەرىپىنى ئاق دەپ سۈپەتلىگەن . كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش
دەرىجىسى بويىچە ، كۈنگەي ـ تەسكەي ئۇقۇمىنى ئاساس

قىلىپ، شىمالنى « قارا »، كۈن قاتتىق قىزىتىدىغان جەنۇبنى « قىزىل » دەپ تەرىپلىگەن.

ئۇمۇمەن، شىمال تەرەپتىن كېلىدىغان بوراننى « قارا بوران » ياكى « سوغۇق شامال »، جەنۇب تەرەپتىن كېلىدىغان شامالنى « ئىسسىق شامال » ياكى « ئوت يەل » دەپ ئاتاشمۇ ئەنە شۇ تەرەپلەرنىڭ رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلىرىگىمۇ باغلىق بولسا كېرەك. تەرەپلەرنى رەڭلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈش چۈشەنچىسى ھۇنلار دەۋرىدىمۇ ئەمەل قىلىنغان. ھۇنلار تەڭرىقۇتى باتۇر زامانىدا، ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى تۆت قولغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كۆك بوز ئاتلىقلار شەرققە، قىزغۇل ئاتلىقلار جەنۇبقا، ئاق بوز ئاتلىقلار غەربكە، قارا قۇلا ئاتلىقلار شىمالغا چېرىك قىلىپ تۈزۈلگەن.

خەنزۇلاردا، بەشلىك چۈشەنچىسى بويىچە تەرەپلەر بەش خىل رەڭدە ئىپادىلەنگەن. « ئەدەبنامە » گە كۇڭ يىندانىڭ يازغان شەرھىيدە: « بەش رەڭ — كۆك، قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا بولۇپ، بەش تەرەپنى كۆرسىتىدۇ » دېيىلگەن. بۇ بەش تەرەپتىن مەركىزىي نۇقتا « سېرىق » نى دەپ تەرىپلەنگەن. بۇنىڭدىن « سېرىق » رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى چوڭقۇر ئىكەنلىكى مەلۇم. خەنزۇلار ئىلگىرى « سېرىق » خان ـ ھۆكۈمرانلارغا خاس رەڭ دەپ بىلسە، تۈبۈتلەرمۇ « سېرىق » نى لاما دىنىنىڭ تىمسالى دەپ قەدىرلىگەن.

### تۆت پەسىلنىڭ رەڭلىرى

قەدىمكى زاماندا ، كۆچمەنچىلىك هايات كەچۈر-
گەن قەۋملەردە ئادەتتە يىلدا ئىككى قېتىم ئورۇن ئالماش-
تۇرغان . كىشىلەر ئادەتتە سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ ئال-
مىشىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىگە قاراپ ، بىر قېتىم ئالمى-
شىشنى « يىل » دەپ ئاتىغان . شۇنىڭ بىلەن ، يىلنى
« ياي » ، « قىش » دەپ ئىككى چوڭ مەۋسۇمگە ئايرىپ ،
قىشلايدىغان ماكاننى « قىشلاق » ، يازلايدىغان ما-
كاننى « يايلاق » دەپ ئاتىغان . « ئىرق بىتىك » تە :
« ياڭغاق يىغىچى بار جاي يازلاقىمدۇر ، قۇشلار كۆپ جاي
قىشلاقىمدۇر » دەپ يېزىلغانلىقمۇ شۇنى بىلدۈرى-
دۇر . « قىش » نى قارا ، « ياز » نى قىزىل دەپ تەرىپلى-
گەن . تۆتلۈك چۈشەنچىسىنى هاسىل قىلغاندا بولسا ،
« ئەتىياز » نى كۆك ، « كۈز » نى ئاق دەپ ئىپادىلىگەن .
ئەتىيازدا تەبىئەت ۋە ئۆسۈملۈك قايتىدىن كۆكلەيدىغانلىقى
ئۈچۈن ، ئەتىياز نى « كۆك » سۈپىتى بىلەن ، كۈزدە تە-
بىئەت سارغىيىپ بىرىپ ئاخىر ئاقىرىپ كېتىدىغانلىقى
ئۈچۈن ، « ئاق » سۈپىتى بىلەن تەرىپلىگەن . مەزكۇر
چۈشەنچە بويىچە ، قىشنىڭ راسا سوغۇق مەزگىلىنى « قارا
قىش » ، ئەتىيازنى « كۆكلەم » دېيىشمۇ تەبىئەت پەسىل-
لىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . دېمەك ، قە-
دىمكى ئەجدادلىرىمىز پەسىللەرنىڭ رەڭلىرىنى بەلگى-
لەشتە ، ئۆزلىرى پايدىلىنىۋاتقان تەبىئەتكە ، جۈملىدىن
ئۆسۈملۈك ۋە هايۋاناتنىڭ هاۋارايى شارائىتىغا ماسلىشىش
خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلانغانىكەن .

« تۆت تادۇ » بويىچە ، ئوت — نۇر ( يورۇق ) ، ھاۋا — كۈندۈز ، تۇپراق — تاڭ ، سۇ — تۈن دەپ چۈشىنىلگەن .

## مەبۇد ۋە خانلارنىڭ رەڭلىرى

تەرەپلەرنىڭ رەڭلىرى بويىچە ، كۈنچىقىش ياقنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — كۆكتەڭرى ، كۈنپېتىش ياقنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — ئاقتەڭرى ، قۇز تەرەپ — شىمالنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — قاراتەڭرى ، كۈنگەي تەرەپ — جەنۇبنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — قىزىلتەڭرى دەپ ئاتالغان .

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تەرەپلەرگە مۇئەككەل بولغان مەبۇدلارنىڭ تۆت خىل رەڭدە سۈپەتلىنىشى قەدىمكى خەنزۇلارنىڭ بەش خىل رەڭ بىلەن سۈپەتلەنگەن « بەش خان » چۈشەنچىسىگە ئوخشايدۇ . قەدىمكى زاماندا خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىسىدىكى « بەش تەڭرى » توغرىسىدا ، « جۇ ئەدەبلىرى » نىڭ « پەغپۇر مەنسەپدارلىرىدىن باش ۋەزىر » دېگەن بابىدا « بەش خان يۇغىسى » دېيىلگەن ئىبارىنى ( تاڭ دەۋردىكى ) جيا گۇڭيەن مۇنداق شەرھلىگەن : « بەش خان شۇلاردۇركى ، شەرقتە كۆك خان روھ — قۇدرەت مۇئەككىلى ، جەنۇبتا قىزىل خان يالقۇن — غەزەب مۇئەككىلى ، مەركەزدە سېرىق خان مۇھىم — تۈگۈن مۇئەككىلى ، غەربتە ئاق خان رەت — ھەيۋەت مۇئەككىلى ، شىمالدا قاراخان نۇر — زامان مۇئەككىلى . كۆك خان شەرقنىڭ مەبۇدى ، شۇنداقلا ئەتىياز مەبۇدى ، قىزىل خان جەنۇبنىڭ مەبۇدى ، سېرىق

خان مەركەزنىڭ مەبۇدى ، ئاق خان غەربنىڭ مەبۇدى ، قارا خان شىمالنىڭ مەبۇدى . »
قەدىمكى ئەجدادلار مەيلى تەڭرىلەرگە قۇربانلىق قىلىشتا بولسۇن ياكى قاغان ــ خان كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈشتە بولسۇن ، يىلقا ــ قوي سوياتتى . خان قۇتتاغ ئۇستىگە چىقىپ ، كۆكتەڭرىگە سىغىنغاندىن كېيىن ، توققۇزلاپ ( توققۇز ياكى 900 ، 9000 ) مال سويۇپ نەزىر قىلاتتى . بىرەر چوڭ ۋەقە ئۇچۇن تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزگەندە ۋە غەلىبە ــ زەپەر توي مەرىكىسىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى . « شەجەرەئى تۈرك » نىڭ « ئوغۇزقاغاننىڭ يۇرتىغا كېلىپ توي قىلغانلىقى » دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە : « 900 ئات ، 9000 قوي سويدۇردى ، بۇلغاردىن 99 ھەۋز ( كۆلچەك ) قىلدۇرۇپ ، توققۇزىغا ھاراق ، 90 غا قىمىز تولدۇردى . . . » ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى كۈن خانمۇ ئاتىسى قىلغىنىغا ئەمەل قىلىپ ، خۇددى شۇنداق قىلدۇ . تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر دەسلەپتە ئۆكۈزنى خاسىيەتلىك ھايۋان ھېسابلىغاچقا ، ئۆكۈز قۇربانلىق قىلىشنى مەنئى قىلاتتى . بۇ ئادەت خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان .
خۇاشيالار شاڭ دەۋرىدە نەزىر ــ يۇغا ئۆتكۈزگەندە چوڭ قۇربانلىق ، كىچىك قۇربانلىق دەپ ئىككىگە ئايرىغانىكەن . ئاساسەن كالا ، قوي ، توڭگۇز قۇربانلىق قىلىدىكەن . ئەمما ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال تەبىقىلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدىكەن . دەلىل ــ ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا ، قۇلدارلار كالا ، كاھىنلار قوي ، ئاددىي مەنسەپدارلاردىن تۆۋەن ئادەتتىكى بودۇن ( خەلق )

توڭگۇز قۇربانلىق قىلىدىكەن .

بەش تادۇ تەلىماتى كېلىپ چىققاندىن كېيىن ، بەش تەرەپكە بەش خىل مەخلۇقنى توتېم قىلىپ ئەتىۋارلايدىغان بولغان . مەسىلەن ، شەرقنىڭ توتېمى قوي ، غەربنىڭ توتېمى ئىت ، شىمالنىڭ توتېمى توڭگۇز ، مەركەزنىڭ توتېمى ئۆكۈز ، جەنۇبنىڭ توتېمى قۇش . بۇ مەخلۇقلارنىمۇ تەرەپلەرنىڭ رەڭلىرى بىلەن سۈپەتلىگەن . جەنۇبنىڭ توتېمى قۇش دېيىشنىڭ ئاساسى مۇنداق : « نەرمەنامە » نىڭ « شاڭ مەدھى » بابى « قارلىغاچ » ماۋزۇسىدا : « تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن قارلىغاچتىن شاڭ تۇغۇلغان » دېيىلگەن ، يەنى مىلادىيەدىن 1122 ـ يىل ئىلگىرى يېشىل ئۆگۈز ( خۇاڭخې ) نىڭ جەنۇبىدا ، هازىرقى خېنەندە ۋە ئەنخۇينىڭ شىمالىدا « شۇمەنىياۋ » نى توتېم قىلغان شاڭ ياشىغانىدى . شاڭنىڭ ئەجدادلىرى خۇددى مىسىرلىقلار « خۇرۇس » نى توتېم قىلغاندەك « شۇەنىياۋ » ( قارلىغاچ ) نى توتېم قىلغانىدى . بۇ چۇشەنچىنىڭ مەنبەسى مۇنداق :

يىن دەۋرىدىن ئىلگىرى ( تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرى 1324 ـــ 1066 ـ يىللىرى ، يەنى شاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى ) ، ئەتىيازدا گۇگۇم ۋاقتىدا جەنۇبتا كۆرۈنىدىغان بىر قانچە يۇلتۇزنى بىر قۇش شەكلىدە ، شەرقتە كۆرۈنىدىغان بىر قانچە يۇلتۇزنى ئەجدىها شەكلىدە ، غەربتە كۆرۈنىدىغان بىر قانچە يۇلتۇزنى يولۋاس شەكلىدە شىمالدىكى بىر قانچە يۇلتۇزنى تاشپاقا ـ يىلان شەكلىدە ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان . ئۇرۇشقاق پادىشاهلىقلار دەۋرىدىن كېيىن ـــ تەرەپلەرنى رەڭلەر بىلەن ئىپادىلەش تە-

لىماتى تارقالغانلىن كېيىن ، تۆت سۇرەتكە رەڭ بېرىلىپ ، كـۆك ئەجدىھا ، قىزىل قۇش ، ئاق يولۋاس ، قارا تاشپاقا يـاكى يىلان دەپ ئاتايدىغان بولغان ، شۇنىڭدەك بۇلار ئاشۇ تەرەپلەرنىڭ مەبۇدلىرى ھېسابلانغان . مەسىلەن ، شىمالنىڭ مەبۇدى تاشپاقا ياكى يىلان بولۇپ ، « سۇ مەـبۇدى » ، غەربنىڭ مەبۇدى يولۋاس بولۇپ ، بۇ « تۆمۈر مەبۇدى » دۇر ۋە باشقىلار .

خـۇاشيالار يەنە بەش تادۇغا ئاساسەن « بەش رۇكن » ( بەش ئەدەب ) نى تەرغىب قىلغان . بەش مەـبۇدنىڭ ئىپادىسى بەش رۇكن دەپ كۆرسەتكەن . « ئەـدەبنامە » نىڭ « ئەۋسات » ( ئارىستوتېلىنىڭ ئىبارىـسىچە mesotes ) بابىغا جېك شۇەن مۇنداق شەرھلىگەن : « يـاغاچ مەبۇدى ـــ ئادىمىيلىك ، مەدەن مەبۇدى ـــ ئىنىـساب ، ئوت مەبۇدى ـــ ئەدەب ، سۇ مەبۇدى ـــ ئىشەنچ ، تۇپراق مەبۇدى ـــ بىلمەك دېمەكتۇر » .

« ئەسـەرلەردىن تاللانما » دىكى « لۇجاۋۋاڭ ئابىـدىسى » نى لى شەن شەرھلىگەندە ، « زويەن » دىن نەـقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان : « بەش پەزىلەت بىر ـ بـىرىگە غالىبتۇر . بۇ ـــ تۇپراق ، شىيا ـــ ياغاچ ، يىن ـــ مـەدەن ، جۇ ـــ ئوت » ( « يەتتە مۇختەسەر » كىـتابىـدىـن « ۋېي پايتەختى نەزمىلىرىنىڭ شەرھى » گە ئېلىنـغان نەقىلنىڭ مەزمۇنمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ ) . دېمەك ، بـەش تـادۇ بىر ـ بىرىنى يېڭىدۇ دېگەن بايان بويىچە يۇـنىڭ ئورنىنى شىيا ، شىيانىڭ ئورنىنى يىن ، يىننىڭ ئورنىنى جۇ ئىگىلىگەن . مەزكۇر دەۋر قىلىش قائىدىسىگە ئاساـسەن ، چىن سۇلالىسىنىڭ پەزىلىتى ، يەنى رۇكنى سۇ

بولغاچقا ، ئوت رۇكنلىق جۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن چىنىڭ ئورنىنى خەن سۇلالىسى ئىگىلىگەن ، چۇنكى خەننىڭ رۇكنى تۇپراقتۇر دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ .

### تۆت تادۇ بىلەن ئادەمنىڭ مىجەزى

ئادەم تۆت تادۇدىن مۇرەككەپ بولغاچقا ، ئادەمنىڭ مىجەزىدىمۇ تۆت تۈرلۈك ئالامەت بولىدۇ دېگەن چۈشەنچە بويىچە ، تۆت تادۇنىڭ رەڭلىرى ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىلىك ھالەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ . ئادەمدە ئوت تادۇسى ، يەنى قىزىل ئۇستۇنلۇككە چىقسا ، كۈلدۈرىدۇ ؛ ياغاچ تادۇسى ، يەنى كۆك ( بەزى چۈشەنچە بويىچە ، تۇپراق تادۇسى ، يەنى سېرىق ) غالىب بولسا ، يىغلىتىدۇ ؛ تۆمۈر تادۇسى ( ياكى يەل تادۇسى ) ، يەنى ئاق ئۇستۇنلۇككە چىقسا ، ئۆيدۈرىدۇ ( غەمكىن ) ؛ سۇ تادۇسى ، يەنى قارا غالىب كەلسە ، تەمكىن قىلىدۇ .

« قۇتادغۇبىلىك » تە خۇلق ـ مىجەزنىڭ تادۇغا باغلىق بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان :

882 تادۇ بىرلە قاتىلىپ تۆرۈمىش قىلىنچ ،
ئۆلۈم بۇزماغىنچە بۇزۇلماس ئەرىنچ .
( تادۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، خۇلق ـ مىجەز تۆرۈلىدۇ ، ئۆلۈم بۇزمىغىچە ئۇ بۇزۇلمايدۇ )

بۇ چۈشەنچە بويىچە ، ئادەم تەبىئىتى بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئىتىنى نىسبەتلەشتۈرگەن . قەدىمكى كىشىلەر سەييارىلەردىن بەش سەييارىنىڭ رەڭلىرىنى قىياس

قىلىغان : ئەتارۇد ( مېركۇرىي ، ئارزۇ ) نىڭ رەڭگى قارا ، زۆھرە ( ۋېنېرا ، سەۋىت ) نىڭ رەڭگى ئاق ، مىررىخ ( مارس ، كۇرۇد ) نىڭ رەڭگى قىزىل ، مۇشتەرى ( يۇپىتېر ، ئۇڭاي ) نىڭ رەڭگى كۆك ، زۇھەل ( ساتۇرن ، سەكەنتىر ) نىڭ رەڭگى سېرىق .

ئېھتىمال خەنزۇچىدە سەييارىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە رەڭگىنى بەش تادۇغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ، مېركۇرىينى شۇيىشىڭ ( سۇ يۇلتۇز ) ، زۆھرەنى جىڭشىڭ ( مەدەن يۇلتۇز ) ، مىررىخنى خوشىڭ ( ئوت يۇلتۇز ) ، مۇشتەرىنى مۇشىڭ ( ياغاچ يۇلتۇز ) ، زۇھەلنى تۇشىڭ ( تۇپراق يۇلتۇز ) دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن . كونا ئەقىدە بويىچە مۇنەججىملەر ( يۇلتۇز باققۇچىلار ) ئادەمنىڭ يۇلتۇزىنى تەخمىن قىلىپ ، يۇلتۇزنىڭ رەڭگى ۋە تەبىئىتىگە ئاساسەن ، ئادەمنىڭ مىجەزى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشقان ؛ يۇلتۇزى توغرا كەلمىگەن ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھلىنىشى ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ ، دەپ ھېسابلاشقان .

پالچىلارمۇ ئادەمنىڭ تۆت تادۇ بىلەن پەرقلىنىدىغان مىجەزلىرىنى يەنە شۇ تۆت تادۇ بىلەن تۈركۈملەنگەن 16 خانىلىق پال شەكىللىرىگە نىسبەتلەشتۈرۈپ ، ياخشىلىق ـ يامانلىق ، خۇشاللىق ـ خاپىلىق جەھەتلىرىنى مۆلچەرلەشكەن .

## تۆتلۈك جۇشىنچىسى ۋە ھاياتلىق

مىللىي تېبابەتتە ، ئادەم تۆت تادۇدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ مىجەزى ۋە ساقلىقى تۆت تادۇنىڭ تەڭلىشىپ تۇرۇشىغا باغلىق ؛ ئەگەر تۆت تادۇ

تەڭلەشمەي ، بىرەرسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ قالسا ، ئادەمنىڭ مىجەزىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ ـ دە ، ساقلىقى بۇزۇلىدۇ ، دەپ ھېسابلىغان .

ئىبن سىنا شۇنداق دەيدۇ : « بۇ ھەقتە بۇقراتنىڭ دەلىلى شۇكى ، جىسىم قاچان ھالاك بولسا ، ئۇ نائىلاج قايتىدىن مۇشۇ تۆت رۇكنگە ئايلىنىدۇ . ئەگەر بۇ رۇكنلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەتلىك بولغان بولسا ، بىرەرمۇ جانلىق نەرسە ( ئىنسان ) نىڭ كېسەللىك تۈپەيلىدىن بۇزۇلىدىغانلىقىنى كۆرمىگەن بولاتتىڭ . »

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇبىلىك » تە مۇنداق بايان قىلىدۇ :

1053 ياراشىق تادۇلار قارىشتى ئىچىن ،
كۈچەندى بىرى تۇتتى باستى ئۈچىن .

( تادۇلار يارىشىپ كەلگەن ئىچىنى قارمۇ قارشىلىق باستى ، بىرى كۈچىنىپ كېتىپ قالغان ئۈچىنى بېسىپ چۈشتى )

1054 تادۇ تەگشۈرۈلدى ئاشى بولدى يىگ ،
ئاغىز بولدى كۆڭلى قاتىغ تۇتتى ئىگ .

( تادۇ ئۆزگىرىپ ، ئاش ـ ئۇزۇقى ياخشى بولمىدى ، يەنى ئىشتىھاسى بۇزۇلدى ، كۆڭلى ئېلىشىپ ، قاتتىق ئاغرىدى )

1055 تادۇ ئارتادى كۆر كۈچى ئەكسۈدى ،
قاغىلتەگ كۆنى بود ئەگىلدى قودى .

( تادۇ ئېشىپ كەتكەچكە كۈچى ئۆكسىدى ، يەنى

ماغدۇرسىزلاندى ، قەددى ـ قامىتى چۈشۈپ كەتتى . ( ئاۋۇ يەردە بىرىنچى قېتىم «ئاخرى» ئەمەس . )

مەرھۇم تېۋىپ تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر يازغان ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن :

« ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى مۇختەلىپ بولغان تۆت تەبىئەت ( ئەناسىر ئەربەئە ) ، يەنى ئوت ، سۇ ، تۇپراق ، ھاۋالارنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشىدىندۇر . بۇ ئەھۋال ئىنسانلاردىلا بولماستىن ، بەلكى ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىمۇ شۇنداق . . . ئادەممۇ خۇددى شۇ تۆت تەبىئەتنىڭ بىرىكىشى بىلەن ، ‹ قۇۋۋەئى مۇغەييىرە › ( ئۆزگەرتكۈچ كۈچ ) گە يولۇقۇپ ، جىسمىيات ( ئورگانىزم ) ھاسىل قىلىدۇ . بۇ ھال تېبابەتتە ‹ ئەجسامى بەسەت › ( جىسىملارنىڭ بەرپا بولۇشى ) دېيىلىدۇ . تۆت تەبىئەتنىڭ داۋاملىق تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا ، ‹ قۇۋۋەئى نامىيە › ( ئۆسۈش كۈچى ) گە يېتىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ‹ قۇۋۋەئى مۇسەۋۋىرە › ( سۈرەتكە كېلىش ، يەنى شەكىللىنىش كۈچى ) بارلىققا كېلىپ ، ئادەم سۈرىتى شەكىللىنىدۇ . بۇ ھال ‹ ئەجسامى مەسەد › ( جىسىملارنىڭ ماسلىشىشى ) دەپ ئاتىلىدۇ » ( « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى » ، 1 ـ بەت ) .

### 3 . باشقا چۈشەنچىلەر

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ پىكرىمۇ پەللىمۇپەللە يۈكسىلىپ ، مەنتىق

چۈشەنچىلىرى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇرلىشىپ بارغان . بالدۇر ئىككىلىك ۋە ئۈنىڭدىن تۇرلىنىپ تۆتلۈك ۋە بەشلىك چۈشەنچىلىرى پەيدا بولغان بولسا ، چۈشەنچىلەر شاخلىنىپ ، ئۈچلۈك ، ئالتىلىك ، يەتتىلىك ، سەككىزلىك ۋە ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ سانلىق چۈشەنچىلەر ھاسىل قىلىنغان . بۇ چۈشەنچىلەر خىيالىي ئويدۇرما بولماستىن ، ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرىدا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئەمەلىيەتتىن نىسبىي ھالدا ھاسىل قىلىغان ئەقلىي ۋە مەنتىقىي چۈشەنچىلەردۇر .

## ئۈچلۈك چۈشەنچىسى

جەمئىيەت تەبىقىلەرگە ئايرىلغاندىن كېيىن ، كىشىلەردىكى مەنتىقىي چۈشەنچىلەرمۇ تەبىقىلەرگە ماسلاشقان ، بالدۇر ئالەمنى « كۆك » ( ئاسمان ) ، « يەر - سۇ » دەپ ئىككىگە ئايرىغان بولسا ، كۆك چۈشەنچىسىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ ، « يەر - سۇ » چۈشەنچىسىنى ئىككىگە ئايرىپ ، « يەر - سۇ » ۋە « بوز يەر » دەپ ئاتىغان . « كۆك » نىڭ رەڭگى « ئاق » ، « يەر - سۇ » نىڭ رەڭگى « ئاق - قارا » ئىككى خىلدىن تەركىب تاپقان ، « بوز يەر » نىڭ رەڭگىنى قارا دەپ سۈپەتلىگەن . مەزكۇر مەنتىقىي چۈشەنچە بويىچە دۇنيانىمۇ ئۈچكە بۆلگەن : ئۈستۈنكى دۇنيا — ئاق ، يەنى يورۇقلۇق ئېلى ؛ ئاستىنقى دۇنيا — قارا ، يەنى قاراڭغۇلۇق ئېلى ؛ بۇ ئىككى دۇنيا ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا دۇنيا — ئاق ۋە قارا ، يەنى ئىنسانلار تۇرىدىغان يەر يۈزى دەيدىغان ئالەم توغرىسى-

دىكى ئۈچلۈك مەنتىقىسى كېلىپ چىققان .
ئۈچ دۇنيانىڭ مۇئەككىلى بولغان ئۈچ تەڭرىگە قىلىنىدىغان « ياغۇش » ( قۇربانلىق ) مالمۇ كالا ، قوي ، توڭگۇزدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولغان . كېيىن بۇ ئۈچ خىل مال ئۈچ تەبىقىگە خاس « ياغۇش » بولۇپ قالغان .
بۇ مەنتىقىي چۈشەنچە بىردىنلا پەيدا بولماستىن قەدىمكى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادلار ئاساسىدا پەيدا بولغان . قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى مۇنداق ئۈچ دەۋرنى ئۆتكۈزگەن : توتېمىزم دەۋرى — هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تىمسال قىلغان دەۋر ؛ ناتورالىزم — تەبىئىي مەۋجۇدات ۋە هادىسىلەرنى تىمسال قىلغان دەۋر ؛ پولىتېزم دەۋرى — شەخسلەشتۈرۈلگەن مەبۇدلەر دەۋرى . بۇ ئۈچ خىل دىنىي ئېتىقاد بىرىنى بىرى ئىنكار قىلىپ ، بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى باسقان هالدا ئەمەس ، بىرى ئاساسىدا يەنە بىرى پەيدا بولۇپ ، ئۆزئارا سىڭىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن . لېكىن ، ئۇلاردىن بىرى ئاساسىي ياكى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن .
ئىجتىمائىي تەشكىلات جەھەتتە ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن يۇكسىلىپ كىچىك ئەل ، ئوتتۇرا ئەل ، بۈيۈك ئەل ۋۇجۇدقا كەلگەن . لېكىن ، ئەلمۇ بىرى يوقىلىپ ، ئىككىنچىسى پەيدا بولغان ئەمەس ، بىرى ئاساسىدا ئىككىنچىسى ۋە ئىككىنچى ئاساسىدا ئۈچىنچىسى شەكىللەنگەن . بۈيۈك ئەل ۋۇجۇدقا كەلگەندە ، كىچىك ۋە ئوتتۇرا ئەللەر ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەن .
ئىجتىمائىي تەبىقىلەرمۇ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىغا قاراپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىلغان : هۆكۈمران تە-

بىقە ئالتۇن سۆگەك ، مالدار — پۇلدارلار ۋە مەنسەپدارلار ئاقسۆگەك ، قارا بودۇن بولسا قارا سۆگەك دەپ ئاتالغان . بالدۇر ئاھالە ئاقسۆگەك ، قارا سۆگەك دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولسا . ئاقسۆگەكلەردىن ئالتۇن سۆگەكلەرنى ئايرىپ چىققان . فېئودالىزمنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن باشلاپ ، ھۆكۈمرانلار — خانزادىلەرنىڭ قەبرىستانلىرىمۇ « ئالتۇنلۇق » دەپ ئاتالغان .

كۆچمەنچىلىك — چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋردە ، كۆچمەنچى قەۋملەر يىلنىڭ ئۈچ چېغىنى خاسىيەتلىك بىلىپ ، چوڭ مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزگەن . ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ، ئۇنىڭغا قارام بولغان ئەللەردە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ باشچىلىقىدا ھەر يىلى ئۈچ قېتىم مەرىكە ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان . بىرىنچى قېتىم يىلنىڭ 1 - ئېيىدا — قارا قىش باشلانغان چاغدا ، قارا قىشنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، بۆكە ئوردىدا تەڭرىقۇت باش بولۇپ ، شاد - قۇت بەگلەر ، ئەل ئىلتەبەرلىرى يىغىلىپ ، كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزگەن ۋە ئاساسەن كۆكتەڭرى ۋە بوزتەڭرى ھەم يەر - سۇ مۇئەككىللىرىگە بېغىشلاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقان . ئەتيازنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، يەنى 5 - ئايدا قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقىپ ، تۆللەرنى قاتارغا قوشۇپ يايراشقا باشلىغانلىقىنى قۇتلاپ مەرىكە ئۆتكۈزگەن ؛ بۇ مەرىكىدە تەڭرىقۇت باشچىلىقىدا شاد - قۇت بەگلەر ، باغا - ئىلتەبەرلەر ۋە باشقا چوڭ - كىچىك مەنسەپدارلار ئەلكۈن - بودۇن بۆكە ئوردىغا يىغىلىپ ، ئابا - ئەجداد ، ئاسمان - زېمىن ، جىن - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ناھايىتى كاتتا يۇغا - ياغۇش

ئۆتكۈزگەن. ياز ئوتتۇرىسىدا، يەنى 7 ـ ئايدا، مال ـ ۋاران. ئات ـ ئۇلاغلىرى سەمرىپ، راسا توقچىلىق بولغاندا تاللۇ ئۆگۈز (ھازىرقى تامىر دەرياسى) بويىغا يىغىلىپ كاتتا توي ئۆتكۈزگەن؛ بۇ مەزگىلدە ئەلكۈن ـ ئاھالە نوپۇسى ۋە مال ـ ۋارانلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىققان.

خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىمۇ ئۈچلۈك چۈشەنچىسى بولغان. بۇ چۈشەنچە بويىچە ئىككى خىل ئەقىدە بولغان: بىرى، «ئۈچ يورۇق» — كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ئۈچ يورۇقنىڭ ئېپتىداسى دېگەن ئەقىدە؛ يەنە بىرى، 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يىل، ئاي، كۈننىڭ باشلىنىشى — بۇ ئۈچ ئېپتىدا دېگەن ئەقىدە. داۋ دىنى ئەقىدىسىدە ئاسمان، زېمىن، سۇ ئۈچ ئېپتىدادۇر، «ئەلمىساقتا ئالەم بۆلۈنگەندىن كېيىن ئاسمان، زېمىن، سۇدىن ئىبارەت ئۈچ بۇغ پەيدا بولغان ۋە بۇنىڭدىن ئىنسانلار ئاپىرىدە بولۇپ، تامامى مەخلۇقات يېتىلگەن» دەپ ھېسابلىغان. بۇ ئەقىدىگە ئاساسەن، ئاسمان مۇئەككىلى بەخت ئاتا قىلغان، يەر مۇئەككىلى گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغان، سۇ مۇئەككىلى خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان دېگەن رىۋايەت كېلىپ چىققان.

## ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك چۈشەنچىلىرى

تۆتلۈك چۈشەنچىسى ئاساسىدا يەنىمۇ كېڭەيگەن ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك چۈشەنچىلىرى كېلىپ چىققان. بالدۇر تەرەپلەر تۆت دەپ چۈشىنىلگەن بولسا، بارا ـ بارا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن.

شەرق ، غەرب ، شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە ئۇستۇن ـ ئاستىن تەرەپلەر قوشۇلۇپ ، ئالتە تەرەپ بولغان . كېيىنچە ، تۆت تەرەپكە تۆت بۆلۈك قوشۇلۇپ ، تەرەپلەر سەككىز ھېسابلانغان .

ئورتاق بوۋىمىز ھېسابلانغان ئوغۇزخاننىڭ كۆك تەڭرىسى ئاتا قىلغان كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ناملىق ئۈچ ئوغلى ، يەر ـ سۇ تەڭرىسى ئاتا قىلغان كۆك ، تاغ ، دېڭىز ناملىق ئۈچ ئوغلى بولغانلىقى ئەنە شۇ ئالتىلىك چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . بۇ ئالتىلىك چۈشەنچىسى تۆتلۈك ئاساسىدا كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ، ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ ھەر بىرىدىن يەنە تۆتتىن ئوغۇل تۆرىلىپ ، 24 بوغۇن ھاسىل بولغان .

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان خۇاشيالاردا « ئالتەچى » ( چى ـــ ئىنساندا بولىدىغان روھىي كەيپىيات ياكى تەبىئەتتە بولىدىغان غەيرىي قۇۋۋەت ) چۈشەنچىسى بولغان . « زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى » نىڭ « جاۋ گۇاڭ بىرىنچى يىلى » دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە : « ئالتە چى ـــ يىن ، ياڭ ، يەل ، يامغۇر ، قاراڭغۇلۇق ، يورۇقلۇق » ؛ « سو ۋېن » نىڭ « بەش سەييارە ھەققىدە مۇكەممەل بايان » بابىدا يېزىلىشىچە : « قۇرۇق قۇرۇتىدۇ ، ئىسسىق بۇغلىتىدۇ ، يەل مىدىرلىتىدۇ ، سۇ نەملىتىدۇ ، سوغۇق توڭلىتىدۇ ، ئوت يىللىتىدۇ » . يەنە بىر بابىدا يېزىلىشىچە : تەبىئەت دۇنياسىدا يەل ، سوغۇق ، ئىسسىق ، نەملىك ، قۇرۇق ، ئوتتىن ئىبارەت ئالتە خىل ھاۋارايى بولۇپ ، ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولۇپ قالسا ، تاشقىرىدىن تېگىدىغان كېسەلنىڭ سەۋەبچىسى بولىدۇ . « خەننامە »

نىڭ « شۇن تۆرىلىرى » دە : « ئالتە مەبۇد » دەپ يېزىلىپ ، بۇنىڭدا ئىككى خىل ئۇقۇم قەيت قىلىنغان . بىر خىلى ، كۈن ، ئاي ، گۈلدۇرماما ( چاقماق ) ، يەل ، تاغ ، ساسلىق ( كۆل ) ؛ يەنە بىر خىلدا ئاسمان ئەجدادىدىن كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، يەر ئەجدادىدىن تاغ ، دەريا ، دېڭىز ، بۇ ئالتە مەبۇد ئېتىقادىدىكى ئىككىنچى خىل ئۇقۇم دەپ كۆرسىتىلگەن . كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، تاغ ، دەريا ، دېڭىز — ئالتە مۇئەككىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتىلىك چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ . خەنزۇلاردا « ئالتە دىڭ ، ئالتە جيا » مەبۇدلىرى ( ئالتە دىڭ — يىن ‹ خوتۇن › مەبۇدلىرى ، ئالتە جيا — ياڭ ‹ ئەر › مەبۇدلىرى ) بولۇپ ، بۇلارنى پەلەك شاھى ئىشقا سالىدۇ دېيىلىدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار .

ئىلگىرى تۆت تەرەپكە ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ ، ئالتە تەرەپ تونۇلغان بولسا ، « سەككىز يەل » ئەقىدىسى بويىچە سەككىزلىك چۈشەنچىسى بارا - بارا ھاسىل بولغان ۋە سەككىز تەرەپ تونۇلغان . « سەككىز يەل » سەككىز تەرەپنىڭ يېلى ( شاملى ) ، قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلىشىچە ، « سەككىز يەل » مۇنۇلاردىن ئىبارەت : شەرقىي شىمال تەرەپ — ئىسسىق شامال ، شەرق تەرەپ — گەرم شامال ، شەرقىي جەنۇب — يىلىلىق شامال ، جەنۇب — سەلكىن شامال ، غەربىي جەنۇب — سالقىن شامال ، غەرب — ئىزغىرىن شامال ، غەربىي شىمال — قاتتىق شامال ، شىمال — قەھرىتان شامال . بۇ سەككىز تەرەپ شامالىرى « خۇەينەنزى » كىتابىدا يەنە باشقىچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ ، باشقىچە سۈپەتلەنگەن ۋە پەسىل - كۈن-

لىرى تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

ئالتىلىك چۈشەنچىسى ئاساسىدا، «كۆكتەڭرى» ۋە «بوزتەڭرى» مەبۇدلىرىنىڭ شەخسلەشتۈرۈلگەن تىمسالى «خان» ۋە «خاتۇن» قوشۇلۇپ، «ئاسمان مۇئەككىللىرى» (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) ۋە «زېمىن مۇئەككىللىرى» (كۆك، تاغ، دېڭىز) بىلەن سەككىزلىك چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان.

سەككىزلىك چۈشەنچىسىدە، ئاسمان، زېمىن، گۈلدۈرماما (ياكى چاقماق)، يەل، سۇ، ئوت، تاغ، ساسلىق (كۆل ياكى نۇر) — مەزكۇر سەككىز خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئاسمان، زېمىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە تەبىئەتتە ھەم كىشىلىك جەمئىيىتىدە بارلىق ھادىسىلەرنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى (يىلتىزى) ھېسابلانغان.

پالچىلىق كۆپلىگەن قەۋملەردە بۇرۇنقى زاماندا پەيدا بولغان، ئۆتكەنگە ئىشارەت ۋە كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان بىر خىل ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلغان؛ شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران دىيارلىرىدا ياشىغان قەۋملەر تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىنسانىيەت ۋەقەلىرىگە تىمسال قىلىپ، بىر يۈرۈش «ئەشكال» (شەكىل - بەلگىلەر) نى ئىشلەپ چىققان. شەرقتە خۇاشيالار بۇنىڭغا «باگۇا» (سەككىز ئەشكال)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئىرق»، ئىرانىيلار «پال» (رەمل) دەپ نام بەرگەن.

خۇاشيالاردا «باگۇا» ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ۋە بەك مۇرەككەپ شەكىللەردىن تەركىب تاپقان. «جۇ پالنامىسى» «گۇا»، «ياۋ» دىن ئىبارەت ئىككى خىل

بەلگە ۋە « گوٗا تەبىرى » ، « ياۋ تەبىرى » دىن ئىبارەت ئىككى خىل بېشىكتىن شەكىللەنگەن . توپ شەكىل ـــ ياك ياۋ ھەم يىن ياۋنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل قىلىنغان سەككىز شەكىل ، يەنى « باگوٗا » ـــ ئاسمان ، زېمىن ، گۈلدۈرماما ( ياكى چاقماق ) ، يەل ( شامال ياكى ھاۋا ) ، سۇ ، ئوت ، تاغ ، ساسلىق ( كۆل ياكى نۇر ) غا تىمسال قىلىنغان سەككىز شەكىلدۇر .

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئىران قەۋملىرىدە ، « تۆت تادۇ » ( ئەناسىر ئەربەئە ) ئەقىدىسىگە ئاساسەن ، ھەربىر تادۇغا تۆتتىن شەكىل بەلگىلىنىپ ، جەمئىي 16 شەكىل چىقىرىلغان . بۇ 16 شەكىلدىن سەككىز شەكىل خۇلاسىلىنىپ ، ئاخىرىدا تۆت شەكىل بىلەن يەكۈنلەنـ گەن . 16 شەكىلنىڭ ھەربىرى بىر خانە ( ئۆي ) دەپ ئاـ تالغان . ھەر خانىنىڭ مەخسۇس بەلگىسى « سەئد » ( ياخشىلىق ) ياكى « نەھس » ( يامانلىق ) دېيىلگەن ئىككى تەرەپلىمە مەنىگە ئىگە بولغان . ئوتتۇرا ئاسىيا قەۋملىرىدە ئاۋۋال ئىككى توپ بەلگىدىن « سەككىز شەـ كىل » ھاسىل قىلىنىپ ، بۇ سەككىزشەكىلگە « تەرىق ، ئەتەبە ، سەئد ، نەھس ، نۇسرەت ، قەبز ، لەھيان ، جەمائ » دەپ نام بەرگەن ؛ بۇ سەككىز بەلگە بىر ـ بىرىگە كىـ رىشتۇرۇش يولى بىلەن « ھۇمەر ، بەياز ، فەرەھ ، نەقى » دېيىلگەن تۆت شەكىلگە يەكۈنلىنىپ ، بۇلاردىن يەنە ئىككى شەكىل ۋە ئاخىرىدا بىر شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ ، ئاندىن ئۇنى « ئۆرۈش » ، يەنى « تەبىر بېرىش » بىلەن تۈگەللىگەن . قەدىمكى زاماندا پالچىلىق ئەشكاللىرى ئىشـ لىنىپ چىقىشتىن ئىلگىرى سېغىزخان ، قارغىلارنىڭ ئۆي

ئالدىغا كېلىپ سايراشلىرىغا قاراپ پال ئالغان ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرى بىلەن بەخت سىناشقان . دەرۋەقە ، « پالچىلىق » دىنىي جەھەتتىن بولسۇن . ئىلمىي جەھەتتىن بولسۇن ، « بىدئەت » ۋە « خۇراپات » ھېساب- لىنىدۇ .

## خاسىيەتلىك سانلار — يەتتە ۋە توققۇز

ئومۇمەن ، قەۋملەردە ئىلگىرىكى زاماندىن تار- تىپ « يەتتە » ۋە « توققۇز » سانلىرىنى خاسىيەتلىك دەيدىغان ئەقىدە بولغان . بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سانلار- نىمۇ يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەر ( ئىككىلىك ، ئۈچلۈك ، تۆتلۈك ۋە باشقىلار ) گە ئوخشاش يەتتىلىك ۋە توققۇز- لۇق چۈشەنچىلىرى دەپمۇ ئاتىغان . ئەڭ قەدىمكى مەنتىقى چۈشەنچىلەردە ، مەيلى شەرق قەۋملىرى ياكى غەرب قەۋملىرى ( ئاساسەن بابىلىقلار ) بولسۇن ، « يەتتە » سانىنى ئاسمان جىسىملىرى بىلەن باغلاپ سۈپەتلىگەن . شەرقىي قەۋملاردە « سەبئە سەييارە » ( يەتتە پىلانېتا ) دېگەن ناملار قەدىمكى زاماندا كۈن ، ئاي ۋە بەش يۇلتۇز ( ئەتارۇد — مېركۇرىي ، زۆھرە — ۋېنېرا ، مىررىخ — مارس ، مۇشتەرى — يۇپىتېر ، زۇھەل — ساتۇرن ) نى كۆرسەتتى . قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ يەتتە يۇلتۇزدىن بەشىنى ئارزۇ ، سەۋىت ، كۇزۇد ، ئۇكاي ، سەكەنتىر ۋە ئىككىسىنى ، يەنى كۈن بىلەن ئاينى ياشىق ، يالچىق دەپ ئاتىغان . ئەمما ، ئۇلارنىڭ تەرتىپىنى قۇياشنى مەركەز قىلغان ھالدا يەر بىلەن ئارىلىق مۇساپىسىنىڭ يىراق ـ يې- قىنلىقىغا قاراپ تۈزگەن . « قۇتادغۇبىلىك » تە ۋە

«قىسسەئى رابغۇزى » دا ئۇلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق : سە-
كەنتىز ، ئۈگاي ، كۇرۇد ، ياشىق ، سەۋىت ، ئارزۇ ، يال-
چىق .

ليۇجۇ يازغان « يېڭى مۇھاكىمىلەر » دە : « يەتتە
ئاقراق ئۆز تەرتىپى بويىچە ئالەمنى يورۇتىدۇ » دېگەن .

قەدىمكى بابىللىقلار مىسوپوتامىيە ـــ دەجل بىلەن
فرات ئىككى دەريا ئارىلىقىدا تارقالغان ئەپسانىدىكى مە-
بۇدلارنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ،
يەتتە ئاساسىي مەبۇدقا ئەقىدە قىلغان : قۇياش مەبۇدىنى
شەمس ، ئاي مەبۇدىنى سىلنا ، مارسنى نىلكا ( ئۇرۇش
مەبۇدى ) ، مېركۇرىينى ناب ( ئەقىل ـ بىلىك مەبۇدى ) ،
ۋېنېرانى ئىستان ( مۇھەببەت مەبۇدى ) ، ساتۇرننى نىنۇلدا
( غالىبىيەت مەبۇدى ) ، يۇپىتېرنى مالدۇك ( مەبۇدلار پا-
دىشاھى ) دەپ قارىغان . يۇلتۇز مەبۇدلاردىن ھەر بىرى بىر
كۈن كېزەكچىلىك قىلىدۇ ، يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن
نۆۋەت كېلىدۇ دەپ ئىشەنگەن . كېيىنكى چاغلاردا يەتتە
كۈننىڭ بىر ھەپتە قىلىنىشى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان-
كەن .

ئەسلىدە يۇنان ۋە رىملىقلارمۇ يەتتە يۇلتۇزنى ئۆز-
لىرى ئېتىقاد قىلىدىغان مەبۇدلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتى-
غان . مەسىلەن ، زۆھرە يۇلتۇزنى « مۇھەببەت ۋە گۈزەل-
لىك مەبۇدى » ۋېناسنىڭ نامى بىلەن « ۋېنېرا » ؛ مۇش-
تەرى يۇلتۇزنى « مەبۇدلارنىڭ پادىشاھى » دەپ ئېتىقاد
قىلىدىغان يۇپىتېر نامى بىلەن ئاتىغان ؛ ئەتارۇد يۇلتۇزىنى
ھەممە مەبۇدلارغا خەۋەر يەتكۈزىدىغان ھەم تىجارەت ۋە
يولنى ئىلىگدەيدىغان مەبۇد مېركۇريي نامى بىلەن ، مىر-

رىخ يۇلتۇزىنى قەدىمكى رىمدا ئۇرۇش مەبۇدى بولغان
مارس نامى بىلەن ، زۇھەل يۇلتۇزىنى قەدىمكى رىمدا دېھ-
قانچىلىق مەبۇدى بولغان ساتۇرن نامى بىلەن ئاتىغان .
يەتتە سەييارىنى يەتتە يورۇتقۇچى بىلىپ ، بۇنىڭدىن
پايدىلىنىپ « ھەپتە كۈنلىرى » نى ھېسابلاپ چىققان .
تەرتىپى مۇنداق : قۇياش ، ئاي ، مارس ، مېركۇرىي ، يۇ-
پىتېر ، ۋېنېرا ، ساتۇرن . مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، قەدىمكى
دەۋردە بابىل ( باشقا بىر مەلۇماتتا مىسىر ) لىقلار يەتتە
كۈننى بىر ھەپتە قىلىپ ، ھەربىر كۈنگە بىر يۇلتۇزنىڭ
نامىنى بەرگەن . مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە رىملىقلار قوللان-
غاندىن كېيىن باشقا ئەللەرمۇ قوللانغان . جۇڭگودا 4 ـ
ئەسىردە مەزكۇر ئۇسۇلدىن پايدىلىنىلغان ؛ 8 ـ ئەسىردە ،
مانى دىندارلىرى ئۇيغۇر ( ئۇيغۇر قاغانلىقى ) غا تونۇش-
تۇرغان . بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا بولسا ، ئەجداد-
لىرىمىز پۈتۈن بىر ئايلىق ۋاقىتنى ئاي قاراڭغۇسى ، ئاي
بېشى ، ئاي ئوتتۇرىسى ، ئاي ئاخىرى دەپ تۆتكە بۆلۈپ ،
ھەر بۆلەكنى يەتتە كۈندىن ھېسابلىغان .

يەتتىلىك چۈشەنچىسى كىشىلەر ھاياتىنىڭ ھەر
ساھەسىدە ھەر خىل ئىپادىلەنگەن . ئەرەب ـ ئەجەم
قەۋملىرى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى غەربىي
قەۋملەر « يەتتە » سانىنى خاسىيەتلىك بىلگەن .
ئاسمان ـ زېمىننى يەتتە قاتتىن ( يەنى يەتتە قات ئاسمان ،
يەتتە قات زېمىن ) دەپ ھېسابلىغان . يەتتە قات ئاسمان
ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بىلەن « يەتتە پەلەك »
دەپ ئاتالغان . جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن پۈتۈن يەر
يۈزىنى « يەتتە كىشۋەر »، « يەتتە ئىقلىم » دەپ بۆلگەن .

ئەجداد ـ ئەۋلادىنى سۈرۈشتۈرگەندىمۇ « يەتتە ئاتا » نى بىلىش شەرت بولغان. شۇڭا، « يەتتە پۇشتى » ، « يەتتىمىش پۇشتى » دېگەن ئىبارىلەر كېلىپ چىققان. ئەڭ يامان خىيالىي بىر ھايۋاننى « يەتتە باشلىق يەلمۇگۈز » دەپ ئاتىغان. دېمەك « يەتتە » سۆزى بۇ ئىبارىلەردە كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

« تۇرپان تېكستلىرى » دىكى تېبابەتكە دائىر ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ قوللانمىلىرىدا، جۈملىدىن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا « تېببىي رىسالىلەر » دىن « ئۇرجۇزە » رىسالىسىدە « يەتتە تەبىئەت » نى بىلىش زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىدۇ. بۇ يەتتە تەبىئەت شۇكى: 1. رۇكن ( تۆت تادۇ ) ، 2. مىزاج ( ئىسسىق، سوغۇق، قۇرۇق، ھۆل ) . 3. خىلىتلەر ( بەلغەم، سەپرا، قان، سەۋدا ) ، 4. ئەزالار ( باشقۇرغۇچى ئەزالار ـــ باش، مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئىككى مايەك ) ، 5. روھلار ( يۈرەكتىن باشقۇرغۇچى ئەزالارغا ئۆتۈپ تارقىلىدىغان ھاياتنى قۇۋۋەتنى توشىغۇچى ماددىلار ) . 6. قۇۋۋەتلەر ( گەۋدىدىكى تۈرلۈك جەريانلارنى پەيدا قىلغۇچى 10 خىل قۇۋۋەت ) ، 7. پېئىل ـــ ئىشلار ( ئاددىي پېئىللار ـــ تارتىش، ئۆزگەرتىش، تۇتۇپ بېقىش؛ مۇرەككەپ پېئىللار ـــ تاماقنىڭ ئۆتۈشى، تاماق تەلەپ بولۇش ) .

دېمەك، يەتتىلىك چۈشەنچىسى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان.

ئەمدى، توققۇزلۇق چۈشەنچىسىگە كەلسەك، بۇ شەرقىي قەۋملەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىدە قەدىمدىن

تارتىپ كەڭ تارقالغان چۈشەنچە. بۇ ئالدى بىلەن، «توققۇز قات كۆك» ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەقىدە ئاسماننىڭ مەركىزى ۋە سەككىز تەرەپتىن ھاسىل بولغان، يەنى تۆتلۈك چۈشەنچىسىنىڭ جۈپلۈك ئىپادىسىدىن سەككىزلىك چۈشەنچىسى پەيدا بولۇپ، بۇنىڭغا مەركەز قوشۇلغان، توققۇز سانى مۇزەككىر سان ھېسابلىنىدۇ.

شەرق قەۋملىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى «توققۇز» سانىنى خاسىيەتلىك سان دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇغ» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «توققۇز تۇغلۇق خان ياكى قاغان، خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەر قانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى، توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.»

توققۇز سانى ئەڭ كۆپ ساناق ھېسابلانغان. ئاسماننىڭ پايانسىز كەڭلىكىنى «توققۇز قات ئاسمان» دەپ ئاتىغاندەك، باشقا جەھەتلەردىمۇ كۆپلۈكنى بىلدۈرۈشتە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توققۇز سانىنى كۆپ ئىشلەتكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، توققۇزدىن كېيىنكى سانلارنىڭ ھەممىسى 1 — 9 غىچە سانلارنىڭ قاتلىنىشى (كەررە ــ كەررە بولۇشى) دىن ھاسىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر ئەلنىڭ ئاغۇش، ئايماق ۋە نوپۇس جەھەتتىن كۆپلۈكىنى بىلدۈرگەندە توققۇزنى قوللانغان. مەسىلەن، توققۇز ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز ~ توققۇزغۇز)، توققۇز تۆلەس، توققۇز تاتار ۋە باشقىلار.

خۇاشيالاردىمۇ توققۇز سانى كۆپلۈكنى بىلدۈرۈش
بىلەن بىللە ، ئەڭ يۇقىرى پەلەك ( ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقى-
رىسى » نى بىلدۈرگەن . « سۇنزى » كىتابىنىڭ « شەك-
لىيات » پەسلىدە : « ياخشى ئىش قىلغانلار توققۇز ئاس-
ماننىڭ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىدۇ » دەپ يېزىلغان . شۇ-
نىڭدەك قەدىمكى دەۋردە ، « توققۇز ئوغۇل ئانىسى » دې-
گەن رىۋايەتتە ، ئوغۇل تۇغىدىغان ئايال مەبۇد دېگەن
خۇراپىي ئەقىدە بايان قىلىنغان . بۇ ئەقىدە تەرەققىي قى-
لىپ ، جۇغراپىيىلىك مەزمۇن تۈسىنى ئالغان . مەسىلەن ،
« جيۇشياۋ » ( توققۇز قات بولۇت ) ، « جيۇجۇ » ( توق-
قۇز ۋىلايەت ياكى ئىقلىم ) دېگەندەك .
خۇاشيالاردا تارقالغان رىۋايەتتە ، قەدىمكى زاماندا ،
ئادەم باشلىق ، قۇش تەنلىك ئايال مەبۇدنى « پەلەكنىڭ
تىلسىم قىزى » دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئوخشاش ، ئۇيـ-
غۇرلاردىمۇ ئادەم باشلىق ، چىرايلىق قۇش تەنلىك ، سۆز-
لىيەلەيدىغان ۋە مەدەتكار بولىدىغان « بۇلبۇلگويا » دېگەن
رىۋايەت بار . بۇ ئادىمىزاتنىڭ ئايىغى يېتىش تەس بولغان
ماكاندا ياشايدىغان ئاجايىپ جانۋار ، دەپ تونۇلغان .
ئۇيغۇرلاردىمۇ بىرەر ئىشنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە مۇشكۈللۈك
پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك بولسا ، « توققۇز قىزنىڭ
تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ » دەيدۇ . چوڭ توي ـ تۆكۈن ،
مەرىكە ـ مەشرەپ ئۆتكۈزگەندىمۇ مال سويسا توققۇز ـ
توققۇزلاپ سويىدۇ .
ئۇلاردىن باشقا ، يىللارنىڭ پەسىل ـ مەزگىللىرىنى
بىلدۈرۈشتە ، بولۇپمۇ ياز ۋە ئايازنىڭ ئىسسىق ياكى سو-
غۇق مەزگىللىرىنى بىلدۈرۈشتە ، توققۇز سانى ئىشلىتى-

لىدۇ . مەسىلەن ، خەنزۇلاردا يازغى تۇرۇم ( 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان چاغ ) دىن كېيىنكى 81 كۈن ۋە قىشقى تۇرۇم ( 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان چاغ ) دىن كېيىنكى 81 كۈن توققۇز بۆلەككە بۆلۈنۈپ ، ھەربىر بۆلەك توققۇز كۈندىن ھېسابلىنىپ ، يازغى توققۇز ـ توققۇز ، قىشقى توققۇز ـ توققۇز دەپ ئاتالغان . ئۇيغۇرلاردا ياز پەسلى بىلەن كۈز پەسلى توققۇز كەررە ئون 90 دىن ھېسابلانغان ۋە يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق مەزگىلىنى « بەش ، توققۇز » كۈندىن ساناپ « يازغى چىللە » ، قىشنىڭ قارا سوغۇق مەزگىلىنى « بەش ، توققۇز » كۈندىن ساناپ « قىشقى چىللە » دەپ ئاتىغان .

تۆرە ـ يوسۇنلاردىمۇ توققۇز سانى كەڭ قوللىنىلغان . مەسىلەن ، ھۆرمەت ياكى كەچۈرۈم سوراش يۈزىسىدىن « توققۇز تازىم » قىلىش ، « توققۇز قات كۆرپە سېلىش » دېگەندەك . ئىلگىرىكى چاغلاردا ئاقسۆڭەك ـ ئېسىلزادىلەر گۇناھ قىلغاندا ، « توققۇز قات كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ، توققۇز تال يىپتا ئۆرۈلگەن توققۇز قات يۇمشاق قامچىدا توققۇز قېتىم ئۇرۇش » كاتتا جازا ھېسابلانغان . شۇنىڭدەك ئېسىلزادىلىك رۇتبەسى توققۇز بوغۇنغىچە ئۈزلۈكسىز ئاتىدىن بالىغا داۋام قىلىش قائىدىسى بولغان . ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى زاماندا بولسا « تارخانلىق » مۇ توققۇزىنچى ئەۋلادقىچە داۋام قىلغان . بۇ يوسۇن ئەلشىر ناۋائى ئەسەرلىرىدىمۇ ئىزچىل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . « لەيلى ـ مەجنۇن » داستانىدا :

قىزنى ئاسراپ ھىجاب ئىچىندە ،
ئايدەك توققۇز نىقاب ئىچىندە . . .
گەردۈن كۆرۈبان بۇ ئىش مۇۋاپىق ،
كەلتۈردى توققۇز تەبەقدە ساچىق .

بۇلاردىن باشقا مەنتىقىي چۈشەنچىلەرمۇ بولغان . بۇ ماقالىدە ئاساسەن تۈرمۇشتا چوڭقۇرراق ۋە كەڭرەك يېيىلغانلىرى توغرىسىدا بايان قىلىندى .

# ئالتىنچى باب

## ئىقتىسادىي ھالەت ۋە مەدەنىي ھايات

ئىقتىسادىي ھايات قايسى دەرىجىدە بولسا، مەدەنىيەتمۇ شۇ دەرىجىدە بولىدۇ. چۈنكى، ئىقتىساد ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئۇستقۇرۇلما، جۇملىدىن مەدەنىيەت تايىنىدىغان ئاساس. ھەر دەۋرنىڭ، ھەتتا ھەر قەۋمنىڭ ئۆز شارائىتىغا يارىشا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولىدۇ. ئەنە شۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ دەۋر ياكى شۇ قەۋمنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى — ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ماددىي ئاملى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، يەنى ئەمگەك قوراللىرى — ئادەملەرنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتلىرىنى ئۆز-

گەرتىشكە ئىشلىتىدىغان ۋاستىلىرىدۇر ؛ بەك قەدىمكى زامـاندا تاش قوراللار ، مىس قوراللار ، ئۇنىڭدىن كېيىن تـۆمۈر قوراللار ؛ مۇشۇنداق ئەمگەك قوراللىرىنى ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلىتىش ـــ ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكى ، ئەمگەك قۇراللىرىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى كونترول قىلىش دەرىجىسىنى مۆلچەرلەيدىغان ئۆلچەم .

ئاغۇش ـ قەبىلە تەشكىل قىلىنغان دەۋردە ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلىلا راۋاجلانغان . ئارخېئولوگلارنىڭ ئومۇمىي ئېتىراپ قىلىشىچە ، ئىشلەپچىقىرىش قـوراللىرىنىڭ ئىشلىنىش سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ؛ بۇ ماگدالىن مەدەنىيىتىگە توغرا كېلىدۇ ، دەپ ھېسابلانغان . ماگدالىن مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلىپى ( تەخمىنەن بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋر ) گە توغرا كېلىدۇ . ئارخېئولوگلارنىڭ پىكىرلىرىچە ، ئاۋۋال ئادەملەر قېيىن ياغىچىنىڭ شاخلىرىنىڭ ئېگىلىپ قايتا تۈزلەنگىنىدە ، ئىلىنىپ قالغان نەرسىنىڭ قاڭقىغىنىنى كۆرۈپ شاخنى ئېگىپ غولىغا چېگىپ ، ئۇنىڭغا توقماق قىستۇرۇپ قاڭقىتقان . كېيىنچە ، ھايۋان تېرىلىرىدىن كىرىچ تەييارلاپ ، يا ياسىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنىمۇ كۆپەيتكەن . ئوقيانىڭ كەشپ قىلىنىشى ئەمگەك قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى چوڭ سەكرەشتۇر . ماگدالىن مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئىنتايىن مۇكەممەل قورال ھېسابلانغان قورال ـــ ئوقيا كەشپ قىلىنغان . ئەمما ، ئالىملار شۇ كەمگىچە ، ئوقيانىڭ نەدە ۋە قاچان ، كىملەر تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغانلىقىنى تەھقىقلەپ چىقالمىدى .

چۈنكى ، ئوقيا ياغاچتا ياسالغانلىقى ئۈچۈن ، تاسادىپىي
ئەھۋالدا ساقلىنىپ قالمىسا ، مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىـ
لىشى تەس . پەقەت ساپال قاچىلارغا چۈشۈرۈلگەن بەلـ
گىلەر ۋە يارداڭلارغا ئويۇلغان ئالامەتلەر ئىچىدە ، ئوقياـ
نىڭ شەكلىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن . فرىدرىخ ئېنگېلس
ئوقيا ساپال قاچىلاردىن خېلىلا بۇرۇن پەيدا بولغان ،
دەيدۇ . ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە ، ئادەملەر ئوقيانى
ساپال قاچىلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بىرقانچە مىڭ يىل
ئىشلەتكەن . چۈنكى ، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە تېخى
ساپال قاچىلار ئىشلەنمىگەنىدى .

ئوقيانىڭ كەشپ قىلىنىشى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىـ
قىرىشنىڭ يېڭى ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن .
ئوقيا ئوۋچىلىق تېخنىكىسىنى يۇكسەلدۈرۈپ ، ئادەملەرنى
ياۋا ھايۋانلارنى ئىلگىدەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى . ئاـ
دەملەر بىرىنچى قېتىم شاخ ــ شۇمبىنىڭ ئېلاستىكلىقى بىـ
لەن ئادەمنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرگەن .

## 1 . ئىقتىسادىي ھالەت

قەدىمكى زاماندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي
تۇرمۇشى ئاساسەن مۇنۇ تۆت ساھەدىن ئىبارەت ئىدى :
ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنـ
لىك . بۇ ساھەلەر بىرىدىن بىرى ئۆسۈپ چىقىپ ، بەزى
قەبىلىلەردە بىرى ئاساسىي تۇرمۇش ۋاستىسى بولسا ،
باشقىلىرى قوشۇمچە ئىگىلىك ھېسابلانغان ؛ بەزى قەبىلەـ
لەر ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئوۋچىلىق بىلەنلا ھايات

كەچۈرگەن . بۇنداق هايات ئۇلارنىڭ ياشىغان تەبىئىي شارائىتى بىلەن باغلىق بولغان ؛ بەزى قەبىلىلەر يېقىنقى زامانلارغىچە ، هەتتا هازىرقى زامانغىچە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن . دەرۋەقە ، ئىگىلىكتە قوللىنىدىغان هۈنەر ــ تېخنىكا ۋاستىلىرى پەرقلەنگەن .

## ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق ئورمان ــ جاڭگال جانۋارلىرىنى ئوۋلاش ۋە سۇ جانۋارلىرىنى ئوۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل « ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى » غا بۆلۈنگەن . قەدىمكى زاماندا ، ئاغۇش ــ قەبىلىلەر بىرەر دەريا بويىي ياكى تاغ ئېتىكىگە ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن ، تاغ جاڭگاللىرى ۋە دەريا ئېرماقلىرى ئۇلارنىڭ ئوۋلاش مەيدانلىرى بولغان .

ئېتمولوگىيىلىك لۇغەتلەردە ئىزاھلىنىشىچە : ئوۋ ئەڭ دەسلەپتە « ئاب » دېيىلىپ ، كېيىن « ئاۋ » دەپ ئۆزگەرگەن . « ئاۋ » ــــ تور ، تــوزاق ؛ « ئاۋلامــاق » ــــ 1 . ئوۋلىماق ؛ 2 . قورشىماق ، ئولاشماق ، ئايلانماق . مەسىلەن ، « ئاۋ ئاۋلاماق » ــــ ئوۋ ئوۋلىماق ؛ « ئاڭا كىشى ئاۋلادى » ــــ ئاڭا كىشى ئولاشتى .

بــالدۇر هەرقانداق ياۋايى نەرسە « كېيىك » دېيىلگەن . « بۇ سۆز گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان كېيىك ، ئىلىك ، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق هايــۋانــلارغا ئىشلىتىلىدۇ . « كەيىك كىشى ــــ ياۋا ئادەم ، كەيىك سۇگەت ــــ ياۋا سۇگەت . هەرقانداق بېقىپ ئۆستۈرۈلگەن نەرسىنىڭ ياۋىسى كەيىك دېيىلىدۇ . » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ــ توم ) . كېــيىكــنىڭ ئەركىكى « بۇغا » ، چىــشىــسى

« باغىش ـــ مارال » دېيىلەتتى .
بەزى قەبىلىلەر « ئاۋ » نى « ئاڭ » دەيدۇ . ئەس-
لىدە « ئاڭ » پېيىگە چۈشمەك ، ماراپ يۈرمەك دېگەن
سۆز . مەسىلەن ، « ئاۋچى كەيىكنى ئاڭدىدى ـــ ئوۋچى
كېيىكنىڭ پېيىگە چۈشتى ، يەنى ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن
ماراپ يۈردى » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ) .
ئوقيانىڭ ئىشلىتىلىشى ئوۋنىڭ دائىرىسىنى كې-
ڭەيتكەن ، شۇنىڭ بىلەن ئوۋچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي
قىلغان . ئادەملەر بۇ دەۋردە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن تور ـ
تۇزاقلارنى كەشپ قىلغان . ئوۋ ھاسىلاتلىرى ئىستېمال
ھاجەتلىرىدىن ئېشىپ قېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ، ئا-
دەملەردە يىمەكلىكلەرنى ساقلاپ قويۇشنىڭ بىرخىللىرى
شەكىللەنگەن . ئوۋچىلىق قوراللىرىنىڭ خىللىرى كۆ-
پەيگەن : تاش ـ ياغاچلاردىن باشاق ( ئوق باشقى ) ،
سۈڭگۈ ( نەيزە ) ، پالتا ، چاڭغاق ، پىچاق ، بىگىز ـ تۈمۈنە
ۋە باشقىلارنى ياساپ ئىشلەتكەن ؛ ئوۋ ھايۋانلىرىنى يەم
بىلەن تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاقنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى
( چانقا ، قىسماق ، ئورەك ) نى ئويلاپ تاپقان . دەريا ـ
كۆللەردىن ئوۋلاش ئۈچۈن تور ـ چاڭغاق ۋە ئار-
غاغ ( بېلىق تۇتىدىغان قارماق ) دىن باشقا « ئىزدەك » نى
كەشپ قىلغان . « ئىزدەك ـــ بېلىق تۇتىدىغان بىر خىل
تور ؛ چىۋىقلار سۇغا قاتار تىزىلىپ توسما ياسىلىدۇ ،
توسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېغىز قالدۇرۇلىدۇ ، تور شۇ
ئېغىزغا ئورنىتىلىدۇ ، بېلىقلار تورغا كىرىشى بىلەنلا تور
تارتىۋېلىنىدۇ » ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ) .
تۇتۇلغان بېلىقلار يېمەك ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەچ-

كە، ئۇنى ساقلاش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بېلىقلارنىڭ قارنىنى يېرىپلا كېرىپ قۇرۇتۇپ، ئوۋچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق بالدۇر ئادەملەرنىڭ مۇھىم تىرىكچىلىك ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغان بولسا، ئىقتىسادىي ـ مەدەنىي تۇرمۇش يۈكسىلىپ، ئىگىلىكنىڭ باشقا ساھەلىرى تارماقلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئاغۇش ـ ئەل ئىچىدە ئوۋچىلىقنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇش قىممىتى تۆۋەنلىگەن. دىنىي ئوۋ، ئات قويىدى ئوۋى، كۆكۈل ئېچىش ئوۋى، تاۋار ئوۋى بارا ـ بارا كېلىپ چىققان ۋە ئوۋچىلار تۈدىسى شەكىللەنگەن.

**دىنىي ئوۋ** ھەربىر ئۇرۇغ ـ تارىغ ۋە ئاغۇشنىڭ ئونغۇنلىرى ئۈچۈن يىلنىڭ تۆت پەسلىدە سۈرگۈن ئوۋى قىلىنغان. ئەمما، توتېم قىلىنغان جانۋارلارنى ئوۋلىمايتتى ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆلتۈرمەيتتى، ئەتلىرىنى يېمەيتتى. ئادەتتە تۆت تەرەپنىڭ تەڭرىلىرىگە ياكى توتېملىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تەرەپلەرگە خاسلانغان ھايۋانلارنى ئوۋلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاغۇش ۋە ئەل بويىچە كاتتا سورۇن تەييارلاپ، زىياپەتتە يېيىلەتتى. دەرۋەقە، دىنىي ئوۋنىڭ ھاسىلاتلىرىنى زىياپەتتە يېيىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تويىن ياكى شامان باشچىلىقىدا تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەڭ چوڭ قۇربانلىق «كالا ـ قوتاز» بولغىنى ئۈچۈن، دىنىي ئوۋدا قوتاز ئوۋلىناتتى. قوتازنىڭ قۇيرۇقى تۇغ قىلىنىپ، سورۇندا خادىغا ئېسىپ قويۇلاتتى.

**ئات قويىدى ئوۋى** قەدىمكى زاماندا ئوۋچىلىق ئەرلەر-

نىڭ ئىشى بولغاچقا، ئوغۇللار 15 ياشقا تولغاندا ئۇنىڭغا ئات قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئوۋ ئۇيۇشتۇرۇلغان. ئوۋچىلارنىڭ باشلامچىسى ئېتى قويۇلىدىغان ئوغۇل بولۇپ، دەسلەپ قىلىپ ئوۋلىغان جانۋارنىڭ نامى ئۇنىڭغا يەر ـ سۇ تەڭرىسىنىڭ ئاتا قىلغان ئېتى بولۇپ قالاتتى. مۇنداق ئوۋدا كۈچلۈك يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئەركىكىنى ئوۋلاش نىشان قىلىناتتى. باللارنى بەش يېشىدىن باشلاپلا كىچىك سالغا، تۇفەك، ئوقيا بىلەن كىچىك قۇشلار، چاشقان، توشقانلارنى ئوۋلاشقا سالاتتى. 15 ياشقا توشقىچە رەسمي ئوۋچى بولۇپ يېتىلەتتى.

سۈرگۈن ئوۋى ئوۋچىلىق مۇھىم ئىگىلىك ۋاستىسى بولۇش ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئوۋ ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ بەگ ـ خانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ قالغان. بەگ ـ خانلارنىڭ بۇنداق ئوۋلىرى «سىغىر» دەپ ئاتالغان. بۇ «خانلارنىڭ كۆپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان بىر خىل ئوۋى. بۇنىڭدا خاننىڭ ئادەملىرى ئورمانلارغا ۋە تاغلارغا تارقىلىپ، ياۋا هايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ. خان ئالدىغا كەلگەن هايۋانلارنى هېچ ئاۋارە بولمايلا ئوۋلاۋېرىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم). «قاغان سۈسى ئاۋغا چىقدى، سىغىر ئىچىگە كېيىك كىردى — قاغاننىڭ قوشۇنى ئوۋغا چىقتى، سىغىر ئىچىگە ئوۋ هايۋانلىرى كىردى» («ئىرق بىتىك»).

تاۋار ئوۋى گۆشلىرى ئىستېمال قىلىنمايدىغان گۆشخور هايۋانلارنىڭ تېرە ـ موينىرىنى بارا ـ بارا تاشلىۋەتمەي، ئادەملەر ئۆزلىرىگە كىيىم ـ كېچەك قىلىدىغان بول-

غان . ئاندىن ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقانلىرىنى ئەيلەپ ـ
ئاشلاپ قوشنا قەۋملەرگە باشقا نەرسىلەر ( ئاساسەن
قورال ـ ياراغ ، قاچا ـ قۇچا ) بىلەن ئالماشتۇرۇدىغان
بولغان ، بولۇپمۇ ئەرس ( ئاق سۆسەر ) ، قۇندۇز ، سەر-
سال ( بۆلغۈننىڭ بىر خىلى ) ، ئەسرى ( قاپلان ) ، توڭا ،
دولداي ( سىرتلان ) ، قىزىل تۈلكە ۋە باشقا ئاز ئۇچرايـ
دىغان موينىلارنى تاۋار مال سۈپىتىدە ئوۋلاشمۇ ئىقتىساـ
دىي تۇرمۇشنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكىگە ئايلانغان .
**ئوۋچى قۇشلار** ئادەملەر ئوۋچىلىق قوراللىرىنى پەيـ
دىنپەي كەشپ قىلىپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەندىن
باشقا ، يىرتقۇچ قۇشلارنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ ، ئوۋچىلىقتا
ئۇلاردىنمۇ كەڭ پايدىلانغان . ئۇلار قارچىغا ، لاچىن ،
بۈركۈت ، قارا قۇش ، چاغىر ( قارچىغىنىڭ چوڭراق بىر
خىلى ) ، شۇڭقار ، توغرۇل ( شۇڭقاردىن چوڭراق قۇش ،
ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان قۇش ) قاـ
تارلىق ئوۋ قۇشلىرى ئىدى . ئۇلار بۇ قۇشلارنى ئۆگىتىپ ،
ئۆردەك ـ ھاڭغىت ، توشقان ، تۈلكە ، جەرەن ، قاشـ
قالداقلارنى ئوۋلىغان . بۇ قۇشلارنىڭ پەر ـ ماموقلىرىنى
بۆكلىرىگە بېزەكلىك قىلغان .
قىش كۈنلىرى ئادەملەر قار ئۈستىدە يۈرۈش ئۈ-
چۈن چاڭغا ـ چانا ، سۇدا قاتناش ئۈچۈن قولۋاق ـ چاـ
ناق ، ئۇچان ( يەلكەنلىك كېمە ) ، تۇلقۇق ( پۈۋدەلگەن
تۇلۇم ) كەشپ قىلغان .
ئوقيانىڭ ئوقلىرىنى ھەرخىل ياسىغاندىن باشقا ،
قەرۋى يا ( ئىككى ئۇچى ئەگمەچ يا ) ، سالغا ـ كوۋ-
لۈك ( لاي ياكى تاش ساقا ) ، تۈپەك ۋە كارژۇ ( لاي قۇ-

مۇلاق ) ، قۇرۇغلۇق ــ سادىق ( ئوقدان ) لارنى ئويلاپ تاپقان .

مۇبادا ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى 2 مىليون يىل ھېسابلانسا ، ئىنسانلار 1 مىليون 990 مىڭ يىلنى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن دېيىشكە بولىدۇ .

### چارۋىچىلىق

ئوۋچىلار قولغا چۈشۈرگەن ئوۋنىڭ تاپلىرىنى ۋە ئۆنىڭ كۈچۈكلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن . بالدۇر ياۋا ھايۋان كۈچۈكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەۋەتكەن بولسا ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زورراق بولغان ئوۋچىلار تۇدىسى بارا ــ بارا ئۇلارنى قالدۇرۇپ بېقىشقا باشلىغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئۆيلىرىنىڭ يانلىرىغا « قاسى » ( چىۋىقلاردىن توقۇلغان ، مال سولايدىغان قاشا ــ قوتان ) لارنى ياساشنى ئۆگەنگەن . مۇنداق بېقىلغان ياۋا ھايۋان كۈچۈكلىرىنى زاپاس يېمەكلىك قىلغان . شۇنداق قىلىپ ، ئەڭ دەسلەپكى ئۆي ھايۋانلىرى بارلىققا كەلگەن .

چارۋىچىلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئارخېئولوگىيە ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىشتا ، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان سۆڭەكلەر بىردىنبىر يىپ ئۇچى قىلىنىدۇ . ئۇ دەۋردە ، ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئېنىق پەرقى يوق ئىدى . بىر قانچە مىڭ يىللىق جەريان ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەرقى بىلىنگەن . زوئولوگىيە تەتقىقاتىدا ئىتنى تاشقى قىياپىتى جەھەتتە ئۆزگە جىنسداش كېلىدىغان ياۋا ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئۆي ھايۋىنى ، دەپ ھېسابلايدۇ . تەپسانىگە ئايلانغان

« باراق » ئەڭ بالدۇر كۆندۈرۈلگەن ئىت دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ياۋا ھايۋانلارنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇنۇلار ئۆلچەم قىلىنغان:

1. ياۋا ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئىچىدە قېرى ھايۋانلارنىڭ بار، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يوق؛

2. ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرى بىلەن چىشلىرىنىڭ سانى ئاساسەن ئوخشاش نىسبەتتە، ئۆي ھايۋانلىرى ئىچىدە چىشلىرىنىڭ سانى كۆپ؛

3. ياۋا ھايۋانلار ھازىرقى ياۋا ھايۋانلارغا يېقىن، ئۆي ھايۋانلىرىمۇ ھازىرقى ئۆي ھايۋانلىرىغا يېقىن كېلىدۇ.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6000 — 4000 - يىللاردا چارۋىچىلىقنىڭ شەكىللىنىپ، مەخسۇس چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئايرىلىپ چىققانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قولدا بېقىلغان ئۆي ھايۋانلىرىنى « ئىگتۇ » دەپ ئاتىغان. « بەدەۋىيلىك دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى شۇكى، ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش » ؛ « بەزى ئىلغار قەبىلىلەر — ئاريانلار، سېمىتلەر، شۇنىڭدەك تۇرانىيلارنىڭ ئاساسىي يېتەكچى تارماقلىرى دەسلەپتە چارۋاماللارنى ئۆگىتىشنى ئىبارەت بولسا كېرەك... چارۋىچى قەبىلىلەر قالغان بەدىۋىيلەر توپىدىن ئايرىلىپ چىققان. بۇ ئەمگەكنىڭ بىرىنچى چوڭ ئىجتىمائىي تەقسىماتى ئىدى » ( ف. ئېنگېلس ).

ئەمگەك قوراللىرىنىڭ يېڭىلىنىپ، يۈكسىلىپ بېرىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھال ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئاساسەن چارۋىچىلىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، «كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەندەك، پەقەت ئوۋچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغان خەلقلەر ... ھېچقاچان مەۋجۇد بولمىغان» (ف. ئېنگېلس). قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاۋۋال ئىت، قوي، توڭگۇزنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قوتاز (كالا) ۋە ئاتنى قولغا ئۆگەتكەن. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان تېپىندىلەر (قىيا تاش رەسىملىرى ۋە قۇمغان – ساپال نەقىشلىرى) شۇنى ئىسپاتلىغان. ئەجدادلىرىمىز ئاتنى ئۆگىتىپ «ئىكىتۇ» قىلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا سەكرەپ ئىلگىرىلەش تەرەققىياتى كېلىپ چىققان. بالدۇر ھەممە ئۆي ھايۋانلىرىنى «يىلقا» ۋە ئاتنى «يۇند» دەپ ئاتىغان؛ كېيىنچىرەك قوي توپىنى «سۈرۈك» (قوتان)، كالا توپىنى «پادا»، يىلقا (ئات) توپىنى «ئۈيۈر»، سۇ ھايۋانلىرىنى «يوقاق» دەپ خاس ئىسىملار بىلەن ئاتىغان. چارۋا مال كۆپەيگەندىن كېيىن، تەبىئىي ئوتلاقلاردىلا بېقىش ئىمكانىيىتى تارايغان. ياشاۋاتقان رايونلاردىكى تەبىئىي شارائىتتا، چارۋا مالنى سۈنئىي يول بىلەن بېقىش يولىنى تاپقان. «تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى كىلىمات شارائىتىدا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان سوغۇق قىش پەسلى ئۈچۈن ئوت – خەشەك تەييارلىماي تۇرۇپ چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇڭا

چارۋا مال ئۆچۈن ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە دانلىق
زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرت بولۇپ قالغان »
( ف . ئېنگېلس ) . نەتىجىدە چارۋىچىلىق بىلەن بىللە دېھ-
قانچىلىق كېلىپ چىققان .

### دېھقانچىلىق

ھەممىگە مەلۇم ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق
ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىقتىن راۋاجلىنىپ چىققان . دېھقان-
چىلىق بولسا ، خوتۇنلار شۇغۇللانغان يىغىمچىلىق ( ئۆ-
سۈملۈكلەرنى يىغىپ قۇرۇتۇش ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى
يىغىش ) تىن تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن . خو-
تۇنلار قاشالانغان ئوچاستىكىلاردا ۋە مەرئا ئېتىزلاردا ئې-
كىنچىلىق قىلغان . ئۇلار ئاۋۋال قاتتىق شاكاللىق ياۋا مې-
ۋىلەر ، شىرنىلىك مېۋىلەر ۋە تۈگۈنچە يىلتىزلارنى
يىغقان ؛ ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ياندۇرقى يىلى ئۈنگەن-
لىكىنى بايقاپ ، ئۇرۇقلىرىنى يىغىپ ئېكىشكە باشلىغان .
بالدۇر ، تۇرالغۇلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئەككەن بولسا ، بارا -
بارا كېڭىيىپ يىراقراق يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن . يەرنى
ئوغۇتلاش ۋە ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈ-
چۈن ، كونا يەرنى تاشلاپ يېڭى يەرنى ئاچقان . مەدەنى-
يەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان دانلىق زىرائەتلەرگە ئاساسلان-
غاندا ، ئەجدادلىرىمىز ئاۋۋال ئۆزلەشتۈرگەن دانلىق زىرا-
ئەت — ئارپا ، بۇغداي ، تېرىق ، پۇرچاق ، ئۈنىڭدىن كې-
يىن « يۇرىنچىغا » ( بېدە ) ، « بىتىم » ( زىغىر ئۇرۇقى )
ئىكەنلىكى مەلۇم . مەسىلەن ، باركۆلدىكى بەلبەللىق
( شىرىنزى ) دىن بۇغداي قاچىلانغان كومزەك ، قۇمۇل

لاپچۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېرىق كاكچا ۋە ئارپا قاسراقلىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ تەخمىن قىلىنغان.

دېمەك، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەجدادلىرىمىز قۇرغاق ئوتلاقلار زونىلىرى، ئېقىن بويى ئورمانلىقلىرى ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ياشاپ، بارا ـ بارا ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشكە كىرىشىپ، ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق شەكىللەنگەن. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، بەزى ئاغۇشلار دېھقانچىلىق ئوتلاق زونىلىرىدىن شىمالغا — ئورمان ـ ئوتلاق زونىسىغا ۋە ئورمانلىق زونىلىرى ( تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە شەرقى ) غا كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇ باسقۇچتىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سۇنئىي سۇغۇرۇش، رەڭلىك ساپال، ئۆگزىسى تەكشى بولغان تاش، توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر، ھەرخىل تالالىق ئۈسۈملۈكلەردىن تىكىلگەن ئېگىنلەر، ئاساسىي يېمەكلىكى ئۈسۈملۈك ئوزۇقلۇقى بولغان.

ئەجدادلىرىمىز ياشىغان يەرلەردىن تېپىلغان ئەمگەك قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا قاراپ، بۇلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدا ياشىغان بىر قىسىم خەلقلەر ئۈۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن بىللە دېھقانچىلىقنىمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ بىر ۋاستىسى قىلغان؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى ئاھالە دېھقانچىلىقنى

ئاساس قىلغان. چۈنكى، بۇ رايوندا ئادەملەر سىپتا تاش قوراللار دەۋرىگە ئۆتكەن ۋە مەھەللە ھالىتىدە ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا قورغان ـ قەلئە تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان. بارا ـ بارا دېھقانچىلىق يېزىلىرى شەكىللەنگەن ۋە يېزىلارنىڭ مەركەزلىرىدە كەنتلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن.

**سانائەت**

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى تېرىچىلىك، ساپالچىلىق، توقۇمىچىلىق ئىدى.

دەرۋەقە، ئادەملەر ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە بەدىۋىلىك دەۋرىنىڭ بېشىدىلا قول ھۈنەر قىلىشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ زامانلاردا ئادەملەر ئالدى بىلەن ياغاچتىن ۋە ھايۋان تېرىلىرىدىن تۈرلۈك تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئىشلەشنى بىلگەن. ياغاچتىن تۈرلۈك تۇرمۇش بويۇملىرىنى ياساش سىپتا ۋە نازۇك قوراللارنى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، لاغۇن (ئىچى چۆچەككە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ ئاياغ)، سۇسىق (ياغاچ چىلەك)، چاناق (ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۈزلۈق ۋە شۇنىڭدەك قاچا)، ساغراق (كاسا)، قوشۇق ۋە باشقىلار. ئىلگىرى تۆگىنىڭ ئاياغ سۆڭىكىنى، تاغ تېكىسىنىڭ مۈگگۈزىنى قاچا ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى. شۈگا، سۈيۈقلۇق قۇيۇپ ئىچىدىغان قاچىنى «ئاياغ» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.

**تېرىچىلىك** كېيىنرەك بۇ كەسىپ كۆنچىلىك دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە بۇ كەسىپنى خوتۇنلار كەشپ قىلغان.

ئەرلەر سويۇپ بەرگەن تېرىلەرنى قۇرۇتۇش ۋە كېيىنچەرەك ئاشلاش، تېرىلەردىن ئېگىن ـ ئاياغ تىكىش؛ تېرىلەرنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكىگە بېقىپ كۆن ـ خۇرۇم، بىشولارنى ئەيلەش، يۇڭلىرىنى قىرقىپ ئېگىرىش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنىڭ تولىسىنى دەسلەپتە خوتۇنلار ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە قىيىش، كىرىچ، ساغرى، قوغۇش ( ئاشلانمىغان تېرە، ئەيلەپ يۇمشىتىلغان تېرە )، تاتىرغا ( ئاشلانغان ئاق تېرە )، قاسۇق ( ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم )، پۇتىق ( ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇمچە ) قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىگەن.

**ساپالچىلىق** يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە تۈرلۈك ئەمگەك قوراللىرىدىن باشقا، ئادەملەر ساپالچىلىقنى كەشىپ قىلغان. قەدىمكى تىلىمىزدا ساپال قاچىلار « بۇقاچ » دەپ ئاتالغان. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان قۇمغان ـ ساپال قاچىلارنىڭ تۈۋى كۆپىنچە تۈۋرۈك، يۇمىلاق. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىچە، مۇنداق قاچىلار ( خۇمدان پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ) يەرگە كۆمۈلۈپ ياكى ئوچاقنىڭ ئىچىگە تىزىلغان تاشلارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ چىڭداپ پىشۇرۇلغان. مۇنداق قاچىلار ئۈچ خىل بولغان: بىر خىلى، نەرسە ساقلايدىغان يوغان قۇمغانلار، كوزىلار؛ ئىككىنچى خىلى، يېمەك قويىدىغان ئۇششاق قاچىلار؛ يەنە بىر خىلى، يېمەكلىك پىشۇرۇدىغان ئوتتۇرىچە قاچىلار. قاچىلار تۈرلۈك سېغىز توپىلاردىن ياسالغان، يېرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سېغىزغا يۇڭ ۋە مەرمەر ـ گرانىت تاشلارنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ئارىلاشتۇرغان. ئېتنولوگلارنىڭ تەتقىقلىرىگە ۋە قاچىلاردىكى بارماق ئىزلىرىنى

كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ساپالچىلىق بىلەن ئاساسەن
خوتۇنلار شۇغۇللانغان. ساپال قاچىلارغا تۈرلۈك نەقىشلەر
چۈشۈرۈلگەن؛ بەزىلىرى ھەرە چىشلىق نەقىشلەر، تىرى-
گېنومېترىك ۋە گېئومېترىك سىزىقلار، ئۆسۈملۈك يوپۇر-
ماقلىرىنىڭ شەكىللىرى، يۆگەم گۈل ۋە باشقىلار. دەس-
لەپتە بارماقلار ۋە تىرناقلار بىلەن قاچىنىڭ لاي شەكلىگە
سىزىلغان بولسا، كېيىنچىرەك مەخسۇس نەقىش قېلىپ-
لىرى — باسقاقلارنى ئىشلەتكەن.

ساپالچىلىق ئولتۇراقلىشىشنى مۇستەھكەملىگەن ۋە
ئادەملەرنىڭ تۇراقسىز قونالغۇلارغا كۆچۈپ يۈرۈشتىن
مەھەللە بولۇپ ياشاش جەريانىغا ئۆتۈشىنى تېزلەتكەن.
مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ۋە قول سا-
نائەت تەرەققىي قىلغان. تەكرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇب-
لىرىدىكى رايونلاردىن ساپال بۇيۇملار، بولۇپمۇ رەڭدار
ساپاللارنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقى بۇ زونىدا ئاھالىنىڭ
خېلى بۇرۇنلا مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىس-
پاتلايدۇ.

فىرانسوز ئارخېئولوگلىرىدىن ف. گرېنارد ئىلچى
( خوتەن ) شەھىرىنىڭ غەربىگە 9 كىلومېتىر كېلىدىغان
بورازان يېزىسىدىكى « يوتقان » مەدەنىيەت ئىزى-
دىن 1890 ـ يىلى تاپقان تېپىندىلەر توغرىسىدا مۇنداق
يازغان: « بۇ خارابىدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتى
باشقا جايلاردىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭكىدىن ناھايىتى
يۇقىرى، يىل ـ دەۋرىمۇ ناھايىتى قەدىمىي. بۇلار: يورۇن-
قاش، يېشىلقاش ... ساپال قاچىلار ئارىسىدا قارا رەڭلىك،
بەك پۇختىلىرى بار ... قىزىل ساپال پارچىلىرىمۇ بار ...

خۇمداندا پىشۇرۇلغان كىچىك ھەيكەل ئىنتايىن يۇقىرى سەنئەتلىك ، ئىلغار تېخنىكىلىق بولۇپ ، جۇڭگودىن كەلگەن ئەمەس ، ھىندىستاندىنمۇ كەلگەن ئەمەس ... بۇلاردىن بىرى Meduse ( مەجۇسى ) نىڭ باش ھەيكىلى گرېك ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغاندەك تۇرىدۇ ؛ بۇ يەردىن تاپقان باشقا نەرسىلەر ئىچىدە پەقەت موم تامغىنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان بىر تېپىندى ـ ئاپوللون ( Apollon Citha – rede ) نىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدۇ ، ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ . دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى ، بۇ قەدىمكى نەرسىلەردە ھېچقانداق بۇددا دىنىنىڭ ئىزى يوق . »

تۆرمۇش ۋە ئىككىنچى ئىش تەقسىماتى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ۋە مۇھىم ئىقتىسادىي تارماقلارغا ئايلانغاندا ، ساپالچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ۋە قول ھۈنەرنىڭ باشقا ساھەلىرىمۇ راۋاجلانغان . بۇ مەدەنىيەتنىڭ تېپىلىشى ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشى بىلەنمۇ باغلىق . ئىنسانلار يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مەدەن ـ تاش دەۋرى — ئېنېئولىت ( لاتىنچە aeneus مەدەن ) ياكى كونكرېت مەدەن نامى بىلەن ئېيتقاندا ، خالكولىت ( لاتىنچە xalkos مىس ) — مىس ـ تاش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن . بۇ دەۋرلەر ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ . تەخمىنەن بۇ دەۋرلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 — 3000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ . برونزا دەۋرى بولسا ، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ، چۈنكى برونزا مىس بىلەن قەلەينىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ . ئادەتتە برونزىنى

تۇچ دەيمىز. مىس يۇمشاق بولغاچقا، بۇيۇملارنى ياساشتا قاتتىق تاشتىن ئىشلەنگەن قورالغا يەتمەيتتى. لېكىن، ياغاچ ۋە تاشلار دۇنياسىدا مەدەننىڭ تېپىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن برونزا دەۋرى گىرەلەشكەن مەزگىلدە، ئىشلەپچىقىرىش تېز راۋاجلانغان.

تۆمۈرنىڭ تېپىلىشى پۈتكۈل ماددىي مەدەنىيەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنىڭدەك يېقىنقى 3000 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ بەرگەن. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك، تۆمۈر « تارىختا ئىنقىلابىي رول ئوينىغان » . مىلادىيەدىن 2000 يىل ئىلگىرى تۆمۈر كەمرەك ئۇچرىغان بولسا، 1000 يىل ئىلگىرى تۆمۈر ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۈرۈمچى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي باغىرلىرىدا، قۇمۇل مورىگودا، تاشقورغاننىڭ شامبابا رايونىدا، ياركەنتتە تۆمۈردە ئىشلەنگەن قورال – ياراغلار بارلىقىنى « مۇتيەنزى تەزكىرىسى » ۋە « خەننامە » نىڭ « غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى » دە قەيت قىلغان ( مۇتيەنزى، يەنى جۇ سۇلالىسىدىن مۇۋاڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرى 1001 — 987 – يىللىرى ئۆتكەنلىكى مەلۇم ) . شۇنىڭدەك ئالتۇنتاغ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، جۈملىدىن چەرچەن، نىيە خارابىلىرىدا تۆمۈر تاۋلاش ئوچاقلىرى تېپىلدى. قەدىمكى زاماندا تۆمۈر قوراللار سوقۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، تۇچ قوراللار بولسا، قۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان.

مىس ـ تۆمۈر قوراللىرى كونا ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا زور تۈرتكە بولغان. تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، ساپالچىلىق سانائەتلىرى بالدۇرقىدىن ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلغان، مىس ۋە تۆمۈردىن تۈرلۈك ياراغلار ــ قىلىچ، شەمشەر، نەيزە، پىچاق، خەنجەر ياساش ـ سوقۇش ئومۇملاشقان.

ئىشلەپچىقىرىش بارغانسېرى مۇرەككەپلەشكەن، ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كېلىپ چىققان، يەنى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىققان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقى بولغان دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئايرىلىشى نەتىجىسىدە، ئالماشتۇرۇشنى كۆزلىگەن بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ــ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئىلگىرىكى تەڭ قىممەتلىك بۇيۇم ــ چارۋا مال ۋە ئۇنىڭ موينىلىرىنى باھا ئۆلچىمى قىلىش ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەن؛ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ۋە مەدەن (ئاۋۋال مىس، كېيىنرەك قىممەتلىك مېتال) ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، سودا ـ تىجارەت بارا ـ بارا شەكىللىنىپ، ئىككى ئارىدا مال ئالماشتۇرغۇچىلار ئايرىلىپ چىققان. تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇ ساھەدە ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايەن قىلغان.

**يۇڭ توقۇمىچىلىق** يارىش يازىقى ۋە تۇرۇم ساي (جۇڭغارىيە ۋە تارىم ۋادىسى) ئاھالىسىنىڭ چېدىر ـ

ئۆيلىرى ، كۆرپە ــ تۆشەكلىرى ۋە ئىگىن ــ ئاياغلىرى ئاساسەن يۇڭ توقۇلمىلار بولغانىدى . بۇنى قۇمۇل لاپچۇق ، لوپنۇر ، چارقىلىق ، مىرەن ، نىيە قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان زىلچا ــ پالاسلار ، گىلەم پارچىلىرى ، يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم ــ كېچەكلەر ، شۇنىڭدەك تارىخىي يازما مەنبەلەردىكى بايانلار ئىسپاتلىدى . مەسىلەن ، لوپنۇر ۋە نىيىلەردىن تېپىلغان گىلەم پارچىلىرى ئالتە خىل رەڭلىك يۇڭ يىپتىن رومبا شەكلىدە گۈل چىقىرىپ توقۇلغان . « قەدىمنامە » نىڭ بىر قىسمى بولغان « يۇيېگۇڭ » دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە ، تارىم ئاھالىسى زىلچا ــ گىلەم توقۇش ھۈنىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئىجاد قىلغان . قۇمۇل لاپچۇقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆلدە قالغان قەبرىلەر ( ئارخېئولوگلارنىڭ ئېنىقلىشىچە ، باشلانغۇچ جامائەنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى قېرىنداش مىللەت قەبرىلىرى ) دىن تېپىلغان كىيىم ــ كېچەكلەر مۇنداق : مۇردىغا كىيگۈزۈلگەن ئىگىن قىزىل ، قوڭۇر ، يېشىل ، قارا يۇڭدا رەڭلىك قىلىپ ، چوڭ ــ كىچىك كاتەكچە ، رەڭدار يوللۇق توقۇلغان رەختتىن تىكىلگەن ؛ ئايال مۇردىنىڭ ئۇچىسىدىكى ئېگىن قىزىل تەگلىككە تىرىگېنومېترىك شەكىلدە يامىرتىپ ، سېرىق يۇڭدا گۈل كەشتىلەنگەن . مىرەندىن تېپىلغان قاتقان مۇردىلارنىڭ ئېگىنلىرىمۇ رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلار ئىكەن .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان كۆرگەزمىگە « تارىخىي دەۋرلەردىكى توقۇلما ماللار » قويۇلغان . بۇ تېپىندىلەر بۇنىڭدىن 3000 ــ 4000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق ياغاچ ،

مىس ، سۆكەڭلەردىن ياسالغان چەچكە ، كۆرەك ، چىغرىق ، تۇمۇنە ، يىگ ، ئۇرچۇق ۋە توقۇلما رەختلەر ؛ بۇ تېپىندىلەر قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ قىرقىش ، ساۋاش ــ ئېتىش ، ئىگىرىش ، توقۇش ۋە ئېگىن تىكىشتەك ئىلغار تېخنىكىنى ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى ، مەيلى قۇمۇلدىكى لاپچۇقتىن ، توقسۇندىكى ئالغۇيدىن ياكى چارقىلىقتىكى مىرەندىن بولسۇن ، تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى ۋە چىقىرىلغان گۈل نۇسخىلىرى ئاساسەن ئوخشاش . قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز يۇڭ توقۇلمىلارنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى گۈللۈك كىگىز ، پالاز ، زىلچا ، چەكمەنلەرنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ، مالغا ئالماشتۇرغانلىقىنى تارىخىي يازما مەنبەلەر دەلىللەيدۇ .

**قاشتاشچىلىق** يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا تەئەللۇق دەپ مۆلچەرلەنگەن ( گەنسۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ) خوتەن قاشتېشى ، ئەنياڭدىكى « يىن خارابىسى » قەبرىستانلىقىنىڭ 5 ــ قەبرىسىدىن چىققان قاشتاش بۇيۇملىرى ، جېجياڭنىڭ مودو خارابىسىدىن ، گۇاڭدۇڭنىڭ شىشا قەبرىستانلىقىدىن ، شەندۇڭنىڭ لۇڭشەن خارابىسىدىن ، خېنەننىڭ سولى خارابىسىدىن تېپىلغان قاشتاش بويۇملىرى كەم دېگەندە شاڭ دەۋرى ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 18 ــ 11 ــ ئەسىرلەر ) دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم .

« گۇەنزى » كىتابىدا ، « قاشتاش گۈزلەر يېنىدىكى تاغدىن چىقىدۇ » ( « ئۆلچەم » ، « ئەل خەزىنىسى » ،

« مىزان » دېگەن تارىخىي مەنبەلەردىمۇ شۇنداق قەيت قىلىنغان ) ۋە « قاشتاش چىقىدىغان دىيار بىلەن جۇ سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقى 7800 يول كېلىدۇ » دەپ قەيت قىلىنغىنىغا قارىغاندا ، خوتەن رايونىدىن چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . قاشتېشىنى قېزىش ۋە قاشتېشىدىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئىشلەش ناھايىتى قاتتىق قوراللارنىڭ بولۇشىنى ۋە ئىنچىكە ھۈنەر ـ سەنئەتنى تەلەپ قىلىدۇ . دېمەك ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا قاشتاشچىلىق ھۈنىرىنى كەشپ قىلغان .

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆز ئالدىغا مۇھىم بىر ئىقتىسادىي تارماق بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ تۈرلۈك كەسپلەرگە بۆلۈنگەن . كوزىچىلىق ، مىسكەرلىك ، كۆنچىلىك ، تۆمۈرچىلىك ، خالۋاپلىق ، ياغاچچىلىق ( جۈملىدىن قىرغۇچىلىق ) ، تاشچىلىق ، تامچىلىق ( بىناكارلىق ) ، زەرگەرلىك ۋە باشقىلار .

**بىناكارلىق** ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىدا مۇھىم كەسپ بولۇپ ، خېلى بۇرۇن راۋاجلانغان . ئادەملەر مەھەللە ـ كەنت بولۇپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن ، مەھەللىلەرنى ئىھاتىگە ئېلىش يولى بىلەن قوغدىنىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان . ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە ، كىچىك قورغانلار برونزا ـ تۇچ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان . تۆمۈر قورال دەۋرىدە بولسا ، قورغان بىنا قىلىش ئومۇملاشقان . مۇنداق قورغانلار دەسلەپتە تولاراق ئېگىز دۆڭلەرگە ، دەريانىڭ ئېگىز قاشلىرىغا تاش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ بىنا قىلىنغان .

تۈزلەڭلەردە بولسا، سوقما تاملار بىلەن بىنا قىلىنغان.
تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ ئادەملەر ماكانلاشقان يەر-
لەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا بېقىپ ھەر خىل بولغان. كى-
چىك قورغانلار كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە «بالىق»
ياكى «كەنت» (شەھەر) لەرگە ئاساس بولغان. خۇ-
سۇسىي مۈلۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن، بارا - بارا
شەھەر دۆلەتلىرى — «كىچىك ئەل» ۋۇجۇدقا كەلگەن.
تارىم ئويمانلىقىدا بولسا، مۇنداق دۆلەتلەر تۆمۈر قوراللار
دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا پەيدا بولغانلىقىنى تارىخىي
مەنبەلەر دەلىللەيدۇ.

## 2. مەدەنىي ھايات

مەدەنىي ھايات دېگەندە مەنىۋى مەدەنىيلىك كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۈچى
ۋە كەشپىياتچىلىق ئىقتىدارى تارىخنىڭ تۈرلۈك باسقۇچ-
لىرىدا، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە
نامايەن بولغان.

دەرۋەقە، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى جەمئى-
يەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا، شۇنداقلا ئىجتىمائىي
مەۋجۇدىيەتكە باغلىق بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-
نىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ سەۋى-
يىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا بىز قەدىمكى ئادەم-
لەرنىڭ تەپەككۇر - چۈشەنچىلىرى، دىنىي ھەم مەنتىقىي
قاراشلىرى توغرىسىدا قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزدۇق. ئەمدى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە نەزەر ئاغدۇرايلى.

ئادەتتە، دۇنيا تارىخشۇناسلىرى قەدىمكى مەدەنىيەتلەر توغرىسىدا تەھرىر ياكى تەقرىر قىلغاندا: قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنى يېزىق، دىن، ئەدەبىيات، بىناكارلىق، ئويمىكارلىق ۋە رەسساملىق، ئىلىم - پەندىن ئىبارەت دەيدۇ؛ سۇمىر - بابىل مەدەنىيىتىنى يېزىق، دىن، ئەدەبىيات، ئىلىم - پەندىن ئىبارەت؛ يۇنانىنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىنى ئەدەبىيات، بىناكارلىق ۋە سەنئەت، تارىخشۇناسلىق، پەلسەپە، ئىلىم - پەندىن ئىبارەت دەيدۇ. ئەمما، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا دائىر يازما مەنبەلەر ناھايىتى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش تەس. پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەرگە ئاساسەن، يازما مەنبەلەردە ياندىشىپ يېزىلغانلارنى يىپ ئۇچى قىلىپ، قىياسەن پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن.

## بېزەك

تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن كېيىن، ئىنسانلاردا گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئامىللىرى پەيدا بولغان. ئالدى بىلەن ئادەملەر ئۆز تەنلىرىنى بېزەشكە كۆڭۈل بۆلگەن. مىنېرال بوياقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان بوياقلارنى ئادەملەر ئۆزلىرىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا، بوياقلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئاڭ - پىكرىدە ئوت، قۇياش، كۈن - تۈن قاتارلىق سىمۋوللار

ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەقلىي چۈشەنچىلەر بىلەنمۇ گىرە-لىشىپ كەتكەن. ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتقا ۋە ئەقلىي چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، بوياقلارنى تاللىغان. ئۇلار ئىلگىرى ئۆسۈملۈكلەردىن بوياق ئالغان. مەسىلەن، «چاۋزۇ» دېگەن چاتقالدىن قىزىل بوياق چىقارغان؛ تاغ جىنسلىرىدىن «قاراغۇ» (بىر خىل زاك) نى تاپقان.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن ھېسابلانغان قىزىل دىلار بەدەنلىرىنى بېزەشتە قىزىل رەڭنى ئىشلەتكەچكە، قوشنا قەۋملەر ئۇلارنى «قىزىل دىلار» دەپ ئاتىغان بو-لۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئىنسانلار ئادەتتە جەڭ ۋاقتىدا ياكى تەنتەنىلىك سورۇنلاردا تەنلىرىنى قىزىل رەڭدە تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن بېزىگەن. مەسىلەن، سىبىرىيە-دىن ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغان ئىندىئانلارنىڭ يۈز ۋە كۆكرەك، ئۇچلىرىغا قىزىل - ئاق رەڭلەردە يول - يول سىزىقلارنى، تۈرلۈك بېزەك شەكىللەرنى سىزىۋېلى-شىدىن ئۇلارنىڭ قەدىمكى يۇرتىدا ياشىغان قەۋملەر مۇ-شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇنداق بېزەشنى ئەجدادلىرىمىز «بود بېزەك» (بوي - بەدەن زىننىتى) دەپ ئاتىغان، بۇنى يەڭگۈشلەپ تۇرغان. ئۇلاردىن باشقا، يۈز ۋە تەن ھەم بىلەك ئەتلىرىگە رەڭلىك نەشتەر ياكى تىكىنەك بىلەن گۈل - شەكىللەر چېكىپ بېزەش ئادىتىمۇ بولغان. بۇ كۆپىنچە خوتۇنلار قىلىدىغان بېزەك ئىكەن. بۇنى «تۈكۈن» دەپ ئاتىغان. رۇس سا-ياھەتچىسى مىكلوخوماكلاينىڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، پاپۇئاسلار (يېڭى گىۋىنېيە خەلقى) باللارغا چاچ چې-قىشى بىلەنلا قارا بوياپ قويىدىكەن؛ بالا ئۈچ - تۆت ياشقا

كىرگەندە چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىدىكەن . باللارنىڭ چاچلىرىدا پارازىتلارنىڭ پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ھۆل كۈلنى چاچلىرىغا سۇرتۇپ قويىدىكەن. بالا 10 — 14 ياشلارغا يەتكەندە ، قۇمۇش تارغاق بىلەن كۈنىگە بىر قانچە قېتىم تارايدىكەن . ئىندىئانلارنىڭ ئادەتلىرىدىن قىياس قىلغاندا ، قىزىل دى ۋە گۈزلەردە چاچ ئۆرۈش ئومۇملاشقانىكەن . يىگىت ـ قىزلار ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندا ، ئەرلەر چېكە چاچلىرىنى ئىككى تال ئۆرۈپ ، ئۇچىنى ئارقا چېچىغا قوشۇپ سىلىبندۇرۇپ قويىدىكەن . بۇ « جۇپلۇك » نىڭ بەلگىسى بولسا كېرەك . قىزلار بولسا چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈيدىكەن ، ئوغۇللار ئۆرمەيدىكەن . بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا چاچلىرىنى بېزەشكە ئەھمىيەت بەرگەنىكەن . جىگدە يىلىمىنى چاچقا سۇرۇش قەدىمدىن قالغان ئادەت ئىكەن . جىگدە يىلمى بىرىنچىدىن ، چاچنى پارقىرىتىدىكەن ۋە چاچقا قۇۋۋەت بولىدىكەن ، ئىككىنچىدىن ، چاچنى پارازىتلاردىن ساقلايدىكەن .

رۇس ساياھەتچىلىرىدىن پرژېۋالسكىي مۇنداق يازغان : « ھازىر چەرچەن ئاھالىسى بەزى قەبرە ساندۇقلىرىنى ئۇچراتقان . ئۇنىڭدىكى قاتقان مۇردىلار چىرىمەي ساقلانغان . . . ئەرنىڭ بويى ئېگىز ھەم چېچى ئۇزۇن ؛ ئايالنىڭ چېچى ئۆرۈكلۈك ئىكەن . قەبرىدە 12 ئەر مۇردا بولۇپ ، ئولتۇرغۇزۇپ دەپنە قىلىنغان . . . كىيىملىرى يۇڭ توقۇلما ؛ ئۇششاق نوقۇتنەك ئالتۇن مۇنچاقلار بىلەن جىيەكلەنگەن . بەزىدە ، مۇردىلارنىڭ يېنىدىن ئات ـ قوي سۆڭەكلىرى تېپىلغان . چەرچەنلىكلەر تارىم دەرياسىنىڭ

ئوك قىرغىقىدىكى ئاقتارما كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ( شەھىرى كۆتەك ) ( ئالتۇن كۆتەك شەھىرى ) دىنمۇ يادىكارلىقلارنى كۆپ ئۇچرىتىدىكەن . »

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن « ئات پاچاقلىقلار » دەپ ئاتالغان دىڭلىنلەر ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن دەپتىن قىلىپ ، پاچاقلىرىغا كىيىۋالىدىكەن . بۇ بىرىنچىدىن ، قىشتا سوغۇقتىن ساقلىسا ، ئىككىنچىدىن ، چاتقاللىقلاردا شاخ ــ شۇمبا ، تىكەنلەردىن ساقلايدىكەن . خوتۇن ــ قىزلار باشلىرىغا تەبىئىي گۈل ــ چېچەكلەردىن بېزەكلەر تاقىغان ؛ هازىرقى چاغدىمۇ چېكىگە گۈل قىسىش ، مەشرەپلەردە گۈل ئويۇنى قىلىش ئۇيغۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ گۈل خۇمار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك ؛ ئۇلاردىن باشقا دوپپا ــ تەلپەكلىرىگە بالدۇر سۆڭەك ــ چىشلاردىن ، كېيىن مىس ــ تۇچلاردىن ياسالغان جىيەك ــ قاداقلار ، پەر ــ ماموقلاردىن ئوتۇغاتلار تاقىسا ، ئەرلەر يازلىق قىرلىق قالپاق ــ تۇماقلىرىغا چاغىر ــ توغرۇل قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى قادىۋالىدىكەن . تارىخىي يازما مەنبەلەردە ، دى ــ دىڭلىنلار باشلىرىغا لاچىن قاناتلىرىنى قادىۋالىدىكەن ؛ ناھايىتى جەبدەس ــ جەسۇر ، ئۇستا چەۋەنداز ھەم تىيرەنداز دەپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ئەنە شۇنداق بېزەككە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

***سەنئەت***

ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا ئارخېئولوگلار ۋە ئېتنولوگلار تۈرلۈك پىكىرلەرنى بايان قىلغان . تارىخشۇناسلار دۇنيا قەۋملىرى-

نىڭ سەنئەتلىرى توغرىسىدا كىتابلار يازغاندا ، كۆپىنچە قەدىمكى مىسىر ، بابىل ــ ئاسسۇرىيە ، يۇنان ــ ھىندىستان-نىڭ ، ئۇلاردىن قالسا ئىران ــ ئوتتۇرا ئاسىيا تۇزلەڭلىك-نىڭ سەنئەتلىرى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي بايان قى-لىشىدۇ . ئۇزاق زامانلارغىچە تەبىئىي ــ ئىجتىمائىي شارا-ئىتلار تۇپەيلىدىن يېرىم كۆچمەن ھالەتتە قالغان ياكى ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن بېكىنمە ــ توسۇق شارا-ئىت ئىچىدە ياشىغان قەۋملەرنىڭ سەنئەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدا يوق دېيەرلىك سۆزلىنىدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۇملىدىن ئالتاي ــ تەڭرىتاغ ، يارىش يازىقى ، تۇرۇم سايلىقىدا ياشىغان قەدىمكى قەۋم-لەرنىڭ سەنئەتلىرى توغرىسىدا قىيا تاش رەسىملىرى ، مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن قېزىلغان تېپىندىلاردىكى نە-قىش ــ شەكىللەر ۋە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچە-لىكلەر تەتقىق قىلىنسا ، مەزكۇر سەنئەت ئىجادكارلىرىنىڭ قانچىلىك ماھىر سەنئەتكار ئىكەنلىكى گەۋدىلىنىدۇ .

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئىپتىدائىي سەن-ئەت توغرىسىدا ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر ئارخېئولوگ-لىرىمىزدىن ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ كۆپ ئەمگەك سىڭ-دۇرۇپ يازغان « غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت » دېگەن تارىخىي ــ ئىلمىي ئەسىرىدە مەخسۇس بايان قى-لىنغان . شۇڭا ، مەن بۇ تەسنىپىمدە ئىپتىدائىي سەنئەت-نىڭ ئايرىم ساھەلىرى ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىمەن .

سەنئەت ئەسەرلىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا رەسمىي پەيدا بولۇپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇر-

غۇنلىغان رېئال رەسىملەر ، ئويمىكارلىق ئەسەرلىرىنى
ياراتقانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار كەينى ـ
كەينىدىن ئىسپاتلاپ كەلمەكتە . بۇنداق تەسۋىرىي سەنـ
ئەتنىڭ شەكىللىرى خىلمۇخىل ، ئۇسلۇبلىرىمۇ خىلمۇ
خىل بولۇپ ، تاشلارغا ۋە سۆڭەكلەرگە ، ساپال قاچىلارغا
چۈشۈرۈلگەن ئەسەرلەردە رېئالىستىك روھ ۋە تۇرمۇش
بوياقلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەمدە گۈزەللىكتە خېلى
يۈكسەك سەۋىيە ئىپادىلەنگەن . مەزمۇنلىرىمۇ مول بولۇپ ،
ھايۋانات ، ئۆسۈملۈك ۋە چەررەندە ـ پەررەندىلەر ، ئوۋ ـ
چىلار ، سەرۋازلار ، ئېكىنچىلەر ، چارۋىچىلار ، ئۇسسۇل ـ
چىلار ، سازچىلار ، سېركىچىلەر جانلىق تەسۋىرلەنگەن .
بەزى رەسىملەر ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىشلەنـ
گەن بولۇپ ، گۈزەللىك دەرىجىسى ھازىرقى زامان كىشىـ
لىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ . ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ياراتقان
رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋىتى
بولماي ، ئادەملەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ ۋە كەيپى ـ ھاللىرى
ئىپادىلەنگەن . مەسىلەن ، بەزى قەبىلىلەر ئوۋ ياكى
جەڭدىن ئىلگىرى يەرلەرگە شەكىللەر سىزىپ ، سىزىقلار
ئۈستىدە تۈرلۈك نىقابلانغان ھالدا ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى
ئورۇنداش ئارقىلىق قىلماقچى بولغان ئوۋ ـ جەڭ پائالـ
يەتلىرىگە ئۇتۇقلار تىلىسە ، بەزى قەبىلىلەر ئۇنداق پائالـ
يەتلەردىن كېيىن ئاشۇنداق ئويۇن ـ تاماشا بىلەن غەلـ
بىسىنى تەنتەنە قىلغان .

**نەغمە ۋە ئۇسسۇل** سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى بولـ
غان كۈي ـ چالغۇنى ئالساق ، مۇزىكا سەنئىتى ئىنسانلاردا
ئەمگەك بىلەن تەڭ يارىتىلغان . ئىنسانلاردا رېتىم تۇيغۇسى

پەيدا بولۇپ، مەلۇم قانۇنىيەت بىلەن تەكرارلانغان ئاۋازلار گۇرۇپپىسىنى ياكى ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئاۋازلارنى سېزىش قابىلىيىتى تۇغۇلغان. لېكىن، ئىنسانلاردىكى بۇ خۇسۇسىيەت سەزگۈ ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندە پەيدا بولغان. بۇ ھەققە ماركس مۇنداق دېگەن: «سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي بايلىقى ئېرىشكەنلىكى، مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان قۇلاققا، شەكلىي گۈزەللىكنى پەرق ئېتىدىغان كۆزگە ئېرىشكەنلىكى پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ سۈرەتتە كېڭىيىپ بارغان ماھىيەتلىك بايلىقىدۇر، خالاس.»

ئالىملارنىڭ بەزى رايونلاردىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشىچە، ئۇلارنىڭ مۇزىكا تونلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، la دىن mi غىچىلا بولغان. رېتىملىق ئاۋازلار بارا - بارا مۇرەككەپلەشكەن. تارىخىي يازما مەنبەلەردە، ئورال - ئالتاي، تەڭرىتاغ - تارىم قەۋملىرىنىڭ ناخشا - مۇزىكىغا ھەۋەسلىك ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەڭ بۇرۇن ئەمگەك - تەنتەنە مۇزىكىسى پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىن دالا - ئورمان ۋە ئېتىز - خامان ناخشىلىرى ئادەتتە سوزۇلۇپ ئېيتىلىدۇ ۋە سادالىرى ئۇزاقلارغا كېتىدۇ. «ۋېينامە» نىڭ «گاۋجۇي» (گاۋچې، ئېگىز ھارۋىلىقلار ياكى قاڭقىللار ۋەياكى توخرىلار) دېگەن ماۋزۇسىدا: «بۇ ئادەملەر خۇددى بۆرە ھۇۋلىغاندەك ئۈنلىرىنى سوزۇپ ناخشا ئېيتىدۇ» دەپ يېزىلغانلىقى قەدىمكى ناخشىلىرىمىزنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرگەن.

ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋاب-

لىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە ئالىملار تۈرلۈك پىكىر-
لەرنى بايان قىلىشقان . بەزىلەر ئاۋۋال « دۇمباق » ئىجاد
قىلىنغان ، كېيىن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ( مەسى-
لەن ، نەي تىپىدىكى ) ئىجاد قىلىنغان دەيدۇ . ئالىملار
ئۆزلىرى تەكشۈرگەن « ئىپتىدائىي قەبىلىلەر » نىڭ تۇر-
مۇش شارائىتلىرىغا قاراپ ، ئاشۇنداق ھەر خىل پىكىر قى-
لىشقان . ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش تەرزىگە ۋە مۇھىتىغا
ئاساسلانغاندا ، ئالدى بىلەن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ
ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن ، كېيىك ،
ئارقار مۈڭگۈزلىرىدىن « بۇرغا » ، قومۇش بوغۇملىرىدىن
« سىبىزغا » ، كېيىنچە « بالىمان » ، ئۇنىڭدىن كېيىن
تاش – تاياقلاردىن « چاكىلداق » ، ئۆچكە – موزاي تېرى-
لىرىدىن « دۇمباق » ئىجاد قىلىنغان دېگەن پىكىر ئەمەلى-
يەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ . بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىغا ئۇلارنى
چالغاندا چىققان ئاۋازنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ نام قويۇ-
غان . مەسىلەن ، « دۇمباق » — « دۇم ! دۇم ! پاق ! »
دېگەن ئاۋازدىن ، « بۇرغا » — بۇۋ . . . قىلىپ بۇرقىغان
ئاۋازدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن . كېيىنچە دۇم-
باقلارنىڭ تۈرى كۆپەيگەن : چېكىپ ياكى سوقۇپ چېلى-
دىغان ھەرخىل دۇمباقلار ياسالغان . « داپ » — « داپ-
پۇر ، داپ ! » دېگەن ئاۋازدىن ئېلىنغان ( بەزى مۇزىكا
تارىخچىلىرى « داپ » قەدىمكى كۇچار تىلى « داپ لاپ »
نىڭ قىسقارتىلمىسى دەيدۇ ) . تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى
بولسا كېيىنچىرەك پەيدا بولغان ، مۇنداق چالغۇلارنىڭ
بوۋىسى « تارلىق بىر » بولۇپ ، كېيىن « تامبىر » بولۇپ
ئۆزگەرگەن ، بۇ دەسلەپتە جۈپ تارلىق ( ئۈچەيدىن

ئىشلەنگەن تار ) چالغۇ بولۇپ ، بارا ـ بارا « دومبىر » ، « ئۇچتار » ، « جۇپتار » قاتارلىق چالغۇلار كېلىپ چىققان دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ . چالغۇ ئەسۋابلىرى دەسلەپتە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ( ئوۋچىلار بىر ـ بىرىنى خەۋەردار قىلىش ، چارۋىچىلار يىراقتا يايلاپ كەتكەن ماللارنى يىغىش ئۇچۇن بۇرغىنى ، ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۈركىتىش ئۇچۇن دۇمباقنى ) ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن .

ئۇسسۇلمۇ مۇزىكىغا باغلىق ھالدا پەيدا بولغان . بەزى ئۇسسۇللار ئادەملەرنىڭ ياشاش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان . مەسىلەن ، ئوۋچىلىق ، جەڭ ھەرىكەتلىرى ياكى كۆكۆل ئېچىش ـ قىزىقچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇللار . قەدىمكى زاماندا ئەڭ ئومۇملاشقىنى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈككە تەقلىد قىلىپ ئورۇندىغان ئۇسسۇللاردۇر . دىنىي ئەقىدىلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن ، بەزى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى سېھىرگەرلىك ـ پىرىخۇنلۇق ( ئېنىقراقى شامانلىق ) بىلەن ئالاقىدار بولسا كېرەك . ئومۇمەن ، ئىپتىدائىي ئادەملەر تۇرمۇشتا بىرەر مۇھىم ۋەقە ، ھادىسە يۈز بەرگەن ھامان نەغمە ـ ناۋا ( ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە چالغۇ پائالىيەتلىرى ) ئۆتكۈزگەن . مەسىلەن ، زەپەر تەنتەنىسى ، توي مۇراسىمى ( ئات قويدى تويى ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق تويى ) ، ئۆلۈم تەزىيىسى بولغاندا نەغمە ـ ناۋا قىلىشقان . يېقىنقى زامانغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈشتىن ھاسىل قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، قەدىمكى ئادەملەر بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىدىن ئېپىزوتلارنى ئىپادىلەيدىغان ناخشا ـ

ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا مۇنداق مۇزىكىلىق پائالىيەتلەردىن تىياتىرچىلىق ( دراما ۋە تراگېدىيە ) كېلىپ چىققان.

ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەككە ماسلاشقان رىتىملىق ئاۋازلارنىڭ بوغۇم - بوغۇم بولۇپ چىقىشى ئارقىسىدا، ئاۋۋال يەككە بوغۇملۇق سۆزلەر پەيدا بولغىنىدەك، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا قوشاقلارنى توقۇش قەدىمكى ئادەملەرنىڭ بىر خىل تىل سەنئىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەملەر ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرگەندە، ھەممە ئادەمنىڭ تەڭكەش ھالدا كۈچ چىقىرىشى ۋە ئۆز ئارا مەدەت بېرىشى ئۈچۈن « ھە - ھۇ » دېگەن رىتىملىق ئاۋازلار دەسلەپكى كۈي شەكلىگە كىرگەن. بۇ بارا - بارا مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. دېمەك، قوشاق ئەمگەك بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. تىل ۋە ئەقلىي چۈشەنچىلەرنىڭ يۈكسىلىشى ۋە خىلمۇخىل مەزمۇنلۇق بولۇشى ئارقىسىدا ئادەملەر، بولۇپمۇ « قام » ۋە « تويىن » لار تەڭرى ۋە ئاغۇنلار توغرىسىدا، ئۆزلىرى مۇقەددەس بىلگەن توتېملار توغرىسىدا تۈرلۈك ئەپسانىلەرنى توقۇغان. بۇلار بارا - بارا رىۋايەتلەرگە ئايلانغان. بەزى قەبىلىلەر ئۆزلىرى ئىخلاس قىلغان توتېملىرى ( ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك ) نى ئىلگىرى ئادەم ئىكەن دەپ بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈككە ئادەم خاراكتېرىنى بەرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇن پادىشاھىنىڭ قىزى بىلەن بۆرىدىن ئاپىرىدە بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە، ياكى ئوغۇزخانغا يايلىلىق كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋەياكى بول-

مسا ئۇيغۇرلار خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ پورەكلىرىدىن ئا-
پىرىدە بولغان بەش ئوغۇلنىڭ ئەۋلادى ئىكەن دېيىلگەن
ئەپسانە ۋە باشقىلار . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تە-
رەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا ، ئەپسانىلەرمۇ ئاددىي
بولغان . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ،
ئىلىم توغرىسىدىكى ساۋاتنىڭ ئېشىشى ۋە ئادەملەرنىڭ
تەبىئەت ئۈستىدىكى كونتروللۇق قىلىش دائىرىسىنىڭ
كېڭىيىشى ئارقىسىدا ئەپسانىلەرمۇ ئۆزگىرىپ — مۇرەك-
كەپلىشىپ بارغان . تەرەققىيات نەتىجىسىدە ، ئادەملەر
ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن قەھرى-
مانلىق ئەپسانىلىرىنى توقۇپ چىقارغان . بۇنداق ئەپسانى-
لەردە بەزى ئۆرپ — ئادەتلەر ، قائىدە — يوسۇنلار ياكى
ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بىرەر مۇھىم ۋاستىلەرنى مەلۇم
بىر قەھرىمان شەخس ياراتقان ؛ ياكى ئاتا — بوۋىلىرىنى
تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي پالاكەتلەردىن مەلۇم بىر تەدبىر-
لىك باتۇر قۇتقۇزۇپ قالغان دېگەندەك ئەقىدىلەر سۆزلە-
نىدۇ . مەسىلەن ، خۇاشىيالاردىكى پەنگۇ بىلەن نۈيۋا توغ-
رىسىدىكى ئەپسانىدە ئۇزاق قەدىمكى زاماندا دۇنيا بىلەن
ئىنسانىيەتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىغا دائىر چۈشەنچە ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن . كېيىنرەك قەۋملەر ئېتىقاد قىلغان دىنلار-
نىڭ تەسىرى بىلەن ئەپسانىلەرمۇ دىنىي تۈس ئالغان .
ئۇيغۇرلارنىڭ « ئالپ ئەر تونگا » ( ئەفرا سىياب ) توغرى-
سىدىكى رىۋايىتى ناھايىتى ئۇزاق زاماندىن باشلىنىدۇ ۋە
ئۇنىڭ 1000 ياشقا كىرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . كېيىنرەك
تۈزۈلگەن نۇسخىلىرىدا بۇ قەھرىماننى نوھ پەيغەمبەرنىڭ
دىنىدا دېيىلسە ، بەزى نۇسخىلىرىدا مەجۇسى دىنىدا ،

ھەتتا ئىسلام دىنىدا دەپ سۆزلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، قەدىمكى ئېغىز ئەدەبىياتىمىز نەمۇنىلىرىنىڭ يازما نۇسخىلىرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بىزگىچە ئەينەن يېتىپ كېلەلمىگەن.

### يېزىق

يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى، مەنبەسى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان بولىدۇ. يېگى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئۆسۈپ، ئۇرۇغ ـ تارىغلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇرۇغ ـ تارىغلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، شەخسىي قورال ـ ياراغلىرىنى، ئەسۋابلىرىنى پەرق ئېتىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ؛ ئەنە شۇ نەرسىلەرگە، ئۆي ھايۋانلىرىغا تۈرلۈك ئۇرۇغ ـ تارىغلارنىڭ ناملىرى (ۋە بەزى ئۇرۇغ ـ قەۋملەرنىڭ توتېملىرى) بىلەن ئالاھىدە بەلگە قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئوغۇزلارنىڭ ھەربىر ئۇرۇغىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان ئايرىم تامغىسى بارلىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن. رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن پوكروۋسكىي «دۇنيانىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى» دا، بۇرياتلاردا ئۇرۇغ ئاقساقىلىنىڭ مۈلكىگە ئىشلەتكەن بەلگىلەر (قۇشنىڭ پۇتى، ئوت ياكى تىرناق، ئوقيا، «田» چانىنى بىلدۈرىدۇ دېگەنگە ئوخشاش) نى، نىكولىسكىي «ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مەدەنىيىتى» دە، كۆچمەنچى قەۋملەردە

ئاتلارغا ئىگىلىرىنىڭ تامغىلىرى بېسىلىدىغانلىقىنى كۆر-
سەتكەن . ئەنە شۇنداق ئىدېئوگرافىك بەلگىلەر ئەمەلىـ
يەتتە رەسىملىك يېزىقنىڭ ئىخچاملاشقانلىقى بولۇپ ، مە-
لۇم شەكىل ۋە مەنىلەرنى بىلدۈرگەن ھەمدە مۇنداق بەلـ
گىلەر كۆپەيگەن ۋە ئىشلىتىش دائىرىسى بارغانچە كېڭەيـ
گەن .

دەسلەپتە ، بەزى قەبىلىلەر تۇگۈن يېزىقنى قوللانـ
غان ، يەنى ئۇلار تانىلارغا ئالاھىدە تۇگۈنلەرنى تۇگۈپ
مەلۇم نەرسىنى ئىپادىلىگەن ؛ تۇگۈنلەرنىڭ چوڭ ـ كىـ
چىكلىكى ، سانى ، تانىنىڭ باش ـ ئۇچى ، يىراق ـ يېقىنـ
لىقىغا قاراپ مەلۇم ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن . بەزى تۇگۈنـ
لەرنى ئايرىم مەنىلىك رەڭلەر بىلەن بوياپ قويغان
( سېرىق تۇگۈن پۇل ـ مالنى ، يېشىل تۇگۈن ئاشلىق ۋە
مېۋە ـ چېۋىنى ، ئاق تۇگۈن ئامان ـ ئېسەنلىكنى بىلـ
دۈرگەن ) . يەنە جىسىم يېزىق دېگەن ئالاھىدە بىر خىل
يېزىق ۋاستىسى بولغان ، يەنى مەلۇم بىر جىسىم ئارقىلىق
بىرەر كىمگە مەلۇم ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن ياكى مەلۇم بىر
نەرسىنى ئېسىگە سالغان . قەدىمكى ئاخمانىيلەردىن پادىـ
شاھ دارىي ساقلارغا تەسلىم بولمىسا ھۇجۇم قىلىدىغانلىـ
قىنى ئۇقتۇرغاندا ، ساقلار پادىشاھى جىسىم يېزىق بىلەن
جاۋاب قايتۇرغان ، يەنى بۇ يېزىق پاقا ، چاشقان ، قۇش ۋە
ئوقتىن تەركىب تاپقان جىسىم يېزىق ئىكەن . بۇنىڭ مەـ
نىسى مۇنداق ئىكەن : ھەي دارىي ، قۇشتەك تېز ئۇچۇپ
كەت ، پاقىدەك كۆلگە كىرىۋال ياكى چاشقاندەك تۆ-
شۈككە يوشۇرۇنۇۋال ، بولمىسا ئوق يەيسەن . دېمەك ،
جىسىم يېزىق ئىروگلىفنىڭ باشلىنىشى دەپ تەھلىل قىـ

لىنماقتا . بۇنداق يېزىقنىڭ سارقىنتىلىرى ھازىرمۇ بەزى
ساۋاتسىز كىشىلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا . مەسىلەن ،
خازان ، سامان ، يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى كونۇپىرتقا سىپ-
لىپ يوللاش جىسىم يېزىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر .
يېزىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى رەسىم يېزىق . بۇ
يېزىقتا كەگرەك دائىرىدە ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان
مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان رەسىملەر قوللىنىلغان . مەسى-
لەن ، ئاسماننى بىلدۈرمەكچى بولسا بىر قانچە يۇلتۇز سى-
زىلغان ؛ يولنى بىلدۈرمەكچى بولسا تاپان ئىزلىرى سىزىل-
غان ؛ مېكسىكىلىقلار يېقىنلىقنى بىلدۈرمەكچى بولسا
چىشنى ، تۇتماقچى بولسا بىر جۈپ قولنى سىزىپ قويغان .
بەزى قەۋملەر قىيا تاش ياكى ياغاچلارغا تۈرلۈك مەنىلىك
بەلگىلەرنى ئويۇپ قويۇش بىلەن مەقسەتلىرىنى ئاڭلاتقان .
ئەنە شۇنداق تۈگۈن يېزىق ، جىسىم يېزىق ، رەسىم يې-
زىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىدېئوگرافىك يېزىق كې-
لىپ چىققان .
خەنزۇ ئالىملىرى ياڭشياۋ مەدەنىيىتىدىكى يېزىق
رولىنى ئوينىغان بەلگىلەرنى تۈگۈن ، ئويما ۋە رەسىم يې-
زىقلار ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن ، دەپ
ھېسابلايدۇ . ئەمەلىيەتتە شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم ،
تىل بىلەن بەلگە ــ يېزىق بىر ــ بىرىگە باغلىق ھالدا پەي-
دىنپەي پەيدا بولغان . يېزىق بولسا ، ئۇقۇم بىلەن تىلدىن
كېيىنرەك پەيدا بولغان . ئارخېئولوگلار ۋە يېزىقشۇ-
ناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا ، دۇنيانىڭ ئەڭ
بالدۇر تەرەققىي قىلغان زونىلىرىدىكى قەۋملەر يېزىقنى
بالدۇر ئىجاد قىلغان . لېكىن ، بۇنىڭدىن يېزىق بىر زونىدا

پەيدا بولۇپ، شۇ زوندىن باشقا زونىلارغا تارقالغان دې-
گەن مەنا چىقمايدۇ. بەزى قەۋملەرنىڭ ياراتقان تامغا-
بەلگىلىرى يېزىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، بەزى قەۋم-
لەرنىڭ تامغا - بەلگىلىرى تامغا - بەلگە پېتىچە تۇرۇپ
قالغان. ئادەملەر قەبىلە - ئاغۇش بولۇپ ياشاشقا باش-
لىغاندىن تارتىپ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ، مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. يېزىق جەھەتتىمۇ شۇنداق،
ئەلۋەتتە.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز دەپ تونۇلغان دىڭلىن،
گۇز - سىرلار ياشىغان كەگرى دىياردا، كەينى - كەي-
نىدىن مەلۇم بولغان قىيا تاش رەسىملىرى قاتارىدا
خىلمۇخىل تامغا - بەلگىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق
تامغىلاردا مەزمۇن جەھەتتىن ئوۋ، بايرام، ئاممىۋى پائا-
لىيەت سۈرۈنلىرى، جەڭ - سۈلھ، توي - تۆكۈن،
تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە
قورال - ياراغ قاتارلىق پائالىيەتلەر خېلىلا يۇقىرى سەۋى-
يىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنداق تامغىلارمۇ يېزىقنىڭ
باشلانغۇچ شەكلى بولۇپ، ئىروگلىف بىلەن فونېتىكىلىق
يېزىق ئارىلىقىدىكى ئىدېئوگرافىك يېزىق ھېسابلىنى-
دۇ. بۇنى ئەجدادلىرىمىز «كەرتۈك» دەپ ئاتىغان. قىيا
تاشلاردىكى يېزىق تۈسىنى ئالغان بۇ بەلگىلەرنىڭ كال-
لىگرافىك جەھەتتىمۇ خىللىقى بۇ «يېزىق» لار-
نىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن ئىككى رايوندا تېپىلغانلىرىنىڭ
نەمۇنىسىنى تونۇشتۇرىمىز.



1 - رەسىم




2 - رەسىم



3 - رەسىم

بۇ نەمۇنىلەر توقسۇن ناھىيىسى كۆجەي يېزىسىدىكى پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدىكى يېزىق تۈسىنى ئالغان بەلگىلەر ( ئابدۇقەييۇم خوجا سىزغان نۇسخا بويىچە 1 ـ رەسىم ) ؛ سابىق سوۋېت ئارخېئولوگلىرى قاراسۇق دەۋرىگە ئائىت دەپ پەرەز قىلغان ئويپات خارابىسىدىن تېپىلغان ئوشۇق ( قوي ئوشۇقى — ئويناش ئۈچۈن ئىشلەنگەن ) قا ئويۇلغان بەلگىلەر ( جۇلىيەنكۇەن سىزغان نۇسخىلار بويىچە 2 ـ ، 3 ـ رەسىملەر ) ۋە ئاباقاندىكى ئوردا ـ قەسىر خارابىسىدىن تېپىلغان خىش ـ

ۋاداگىدىكى بەلگىلەر ( 3 ـ رەسىم ) دىن ئىبارەت .
يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات تەجرىبىلىرىدىن پاي-
دىلىنىپ ، بۇ بەلگىلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىنى مۇنداق
قىياس قىلىش مۇمكىن . 1 ـ رەسىم 1 ـ قۇردا : تاغ
ئورمان ـ تۇرالغۇدىن مېڭىپ چىقىپ ، ئۇتتۇق قازىنىش
ئۈچۈن ئالىقاننى ئالىقانغا ئۇرۇپ ، چاڭگاق بىلەن
كۆلدە « ئاب » ( ئوۋ ـ يوقاق ) قىلىمىز . 2 ـ قۇردا :
تۇرمۇش ـ ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ، يەنى قازان ـ قو-
مۇش ، قورال ـ ياراغ ؛ تەگىنە ـ ئاياغ ، قوشۇق ، سەرنىچ
( چېلەك ـ سۇسىق ) ؛ پالتا ، ئوقيا ، چوماق ـ بۇلار قە-
دىمكى قىيا تاش رەسىملىرى قاتارىدا چىققان يېزىقسىمان
بەلگىلەر ، بۇلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ ، مىلادىيەدىن
ئىلگىرىكى خېلى ئۇزاق بىر دەۋرگە توغرا كېلىدۇ .
2 ـ ، 3 ـ رەسىملەرنى تارىخشۇناس جۇليەنكۇەن بۇ يې-
زىق بەلگىلىرىدە « رۇن » ( Runes ) ئېلىپبەسىنىڭ ئا-
مىللىرى بار ، دەيدۇ . بۇ بەلگىلەرنىڭ تارىخى ( خىش ـ
ۋاداگلارغا چۈشۈرۈلگىنىگە قارىغاندا ) مىلادىيىدىن ئىل-
گىرى 7 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن . ئەمما ، جۇل-
يەنكۇەنىڭ مۇنۇ پىكرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ، دەپ تە-
كىتلەش كېرەك . ئۇ دەيدۇ : « دىڭلىنلەر بىر خىل يېزىق
بەلگىلىرىنى كەڭ قوللانغان . بۇ بەلگىلەر تۈرلۈك ئا-
مىللاردىن ، يەنى ھازىرغىچە ئىسپاتلانغان ۋە يەنسەي
( دىڭلىنلەر ياشىغان ماكانلاردىن بىرى ــ نەقىلچى ) نىڭ
ئۆزىدە قەدىمدىن بۇيانقى بەلگىلەر ، چەتتىن كىرگەن
جۇڭگو يېزىق بەلگىلىرى ۋە رۇنىي ( رۇنىك ــ مۇھەر-
رىردىن ) يېزىق بەلگىلىرىدىن تەركىب تاپقان . دىڭلىنلەر

مەلۇم جەھەتتىن ئۆز تىلىنى ئەشۇ بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ . » دەرۋەقە ، ئورقۇن تاش پۈتۈكلىرىدىكى بەزى ھەرپلەر قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بەلگىلەرگە ئوخشايدۇ .

ئورقۇن ھەرپلىرى :
ئوقۇلۇشى :
قىيا تاش بەلگىلىرى :




يېزىقشۇناسلارنىڭ قارىشى فونېتىكىلىق ـ ئېلىپبەلىك يېزىق ئاۋۋال ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلاردا ئىجاد قىلىنىپ ، ئۇ يەردىن شەرققە ، غەربكە ۋە جەنۇبقا تارالغان دېگەن پىكىرگە مەركەزلەشكەن . رېين ـ دوناي بويلىرىدىكى گوتلار ئىشلەتكەن يېزىقنىڭ يادىكارلىقلىرى تېپىلغاندا ، ئۇنى دەرھال ئوقۇيالمىغانلىقتىن « رۇنىي » ( سىر ـــ سىرلىق ) دەپ نام بەرگەن . كېيىن ئورقۇن ـ يەنسەي بويلىرىدىن تېپىلغان يېزىق يادىكارلىقلىرىنىمۇ « رۇنىي » دەپ ئاتىغان . تومسون ۋە رادلوفلار ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن « رۇنىي » بولماي ، بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكلەن ئوخشاشلىقىغا قاراپ ، يېزىقشۇناسلار سۇغدىلار ئارقىلىق كىرگەن « ئارامى يېزىقى » دەپ ھۆكۈم قىلىشقان . دەرۋەقە ، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى لىدىيىنىڭ مەركىزى ـــ سارداختىن ئارخېئولوگلار 1910 ـــ 1913 ـ يىللىرى نەچچە خىل پۈتۈكتاشنى تاپقان . بۇ يېزىقنىڭ قوللىنىلغان ۋاقتى مىلا-

دىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ــ ئەسىرگە توغرا كېلىدىكەن .
« لىدىيە يېزىقى » غا يېزىقشۇناسلار « لىدىيە ــ گرېك يېزىقى » ۋە « لىدىيە ــ ئارامى يېزىقى » دەپ نام بەرگەن . بۇ ئېلىپبەلىك يېزىقتىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر ــ ئورقۇن ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرگە ئوخشايدۇ . لىدىيە ــ ئارامى يېزىقى ئوڭدىن سولغا ھەرپلىرى چېتىلماي يېزىلىدۇ ، ئۇيغۇر يېزىقى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھەرپلەر سۆزمۇ سۆز چېتىلىپ يېزىلىدۇ . لېكىن ، كۆپچىلىك ھەرپلەرنىڭ ئىپادىلىگەن تاۋۇشلىرى « لىدىيە ــ ئارامى يېزىقى » نىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ .

بۇ يېزىقلاردىن باشقا ، تارىم بويىدىكى ئەجدادلىرىمىز براھما يېزىقىدىن ئىلگىرى ئىجاد قىلىنغان « قارۇشتى » يېزىقىنى قوللانغان . قارۇشتى ۋە براھما يېزىقلىرىغا ئوخشايدىغان « توخرى يېزىقى » نىمۇ قوللانغان .

دېمەك ، ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن يېزىقسىمان بەلگىلەرنىڭ تارىخى : بېرىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ــ ئەسىرگە ، نېرىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10 ــ ئەسىرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن . ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان يېزىق يادنامىلىرىنىلا كۆزدە تۇتقاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي ئېلىپبەلىك يېزىقىنىڭ تارىخى كەم دېگەندە 6 ــ ئەسىردىن باشلىنىدۇ .

## تۇگەنچە

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ــ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ھالەتلىرىدىن تەخمىنىي چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق . ئەلۋان ــ تۈرلۈك قەۋم ــ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر خەلقى ئۆتمۈشتىن تارتىپ كەڭرى دىيارغا ــ بىر قانچە زونىغا تارقىلىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، قەدەم ــ جايلىرىدا نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇرغان . بۇلار مىلادىيە تارىخى باشلىنىشتىن خېلى ئىلگىرىكى زامانلارغا تەئەللۇق ئىزلاردۇر .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەتنى ياراتقان . ماكانلاشقان دىيارىغا ماسلىشىپ ھەم ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ ــ ئۆزگەرتىپ ، ماددىي ــ مەنىۋى جەھەتلەردىن ئەينى ماكان ، ئەينى زاماندا ئالەمشۇمۇل يېڭىلىقلارنى ياراتقان . ئەنە شۇنداق يېڭىلىقلاردىن « بەش يېڭىلىق » نى ئالاھىدە بايان قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

### 1 . كارىز

« كارىز » سۆزى پارسچە سۆز ، مەنىسى « يەر تېگىدە سۇ ئاقتۇرۇلىدىغان ئېرىق » دېگەنلىكتۇر ، بۇ نام-

نىڭ قاچان قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. كارىز دېيىلگەن بۇ مۆجىزىلىك سۇ ئىنشائاتى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياشىغان ماكانلاردىن «تۇرپان ئويمانلىقى» (جۈملىدىن تۇرپان، توقسۇن، پىچان ۋە قۇمۇللار) غا مەركەزلەشكەن ۋە كۇچارنىڭ ئايرىم رايونلىرىدا ئۇچرايدۇ. ھەتتا كېسەك قۇيۇش ئۈچۈن يەرنى تۆت چاسا ئويۇپ، سۇ يىغىدىغان ئۆرەكمۇ «كارىز» دېيىلىدۇ. تىل ماسلاشقاق ۋە ئۆتۈشكەك ھەم يەڭگىللىكنى خالايدىغان ئالاقە قورالى ئىكەن. ئۇيغۇرلار «ئەت»، «ئەكمەك»، «ئۆگۈز» دېگەندەك قەدىمكى سۆزلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا «گۆش»، «نان»، «دەريا» دېگەندەك پارسچە سۆزلەرنى ئىشلەتمەكتە. بۇ بىر قانچە ئەسىرلىك ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن ھادىسە. بىرەر نەرسىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ئۇنىڭغا قويۇلغان نام بىلەن كەسكىن ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

جۇڭگونىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى تارىخىدا، كىشىلەر كارىز بىلەن سەددىچىن سېپىلى ۋە يۈنخې (قانال) نى قەدىمكى دەۋردىكى ئۈچ چوڭ ئىنشائاتىمىز دەپ تەرىپلەيدۇ. مۇئەللىپلەردىن ئەن زوجاڭ «ئىككى خەن بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «گېئولوگ خۇاڭ جىچىڭنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، پەقەت تۇرپان تەرەپتىكى كارىزلارنىڭ ھەممە يېپىق ئېرىقلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بولسا، 2500 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇنداق زور ئىنشائاتنى سەددىچىن سېپىلى ۋە چوڭ قانال بىلەن بىرلىكتە ئۈچ چوڭ ئىنشائات دەپ ئاتاشقا بو-

لىدۇ » غانلىقىنى قەيت قىلىدۇ . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سىتاتىستىكىسىغا قارىغاندا ، شەرقىي شىنجاڭدا — تۇرپان ئويمانلىقىدا جەمئىي 1160 كارىز بار ئىكەن .

تارىخىي يازما مەنبەلەردىمۇ بەزى بېشارەتلەر بار . سۇڭ خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىنامىسىدە : « سۇلىرىنىڭ مەنبەسى ئالتۇنئارت ( تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي تارماقلىرىدىن بىرى ) دىن باشلىنىدىكەن . ئېرىقلار شەھەر ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئۆتۈپ ، ئېتىز ، باغ — ۋارانلىرىنى سۇغۇرۇدىكەن . سۇدىن تۈگمەن چۆرگىلىتىدىكەن » دەپ يېزىلغان . تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلار تەڭرىتاغ ئېتىكىدىن كولىنىپ ، تولىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقتۇرۇلغان .

تۇرپاننىڭ قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان قۇرغاق كېلىماتىدا سۇنىڭ ئوچۇقچىلىقتا پارغا ئايلىنىشى تېز بولغاچقا ، ئەنە شۇنداق كارىز دېگەن يېپىق ئېرىق كەشپ قىلىنغان . چارۋا مال ئۇچۇن ئوتلاق كەم بولغاچقا ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە يايلىتىلغان ، ھەتتا ئىدىقۇت خانلىرى جام بالىق ( جىمسار ) نى يازلىق پايتەخت قىلغان . دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرى ( مەسىلەن ، شىئەن ۋە شەرقىي ئىران ) دا كارىز چېپىلغان بولسىمۇ ، لېكىن تۇرپان ئويمانلىقىدىكىدەك تەرەققىي قىلمىغان ۋە بۈگۈنگىچە ساقلانمىغان .

## 2 . پاختا

ئەجدادلىرىمىز تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم بويلىرىدا بۇغداي ، ئارپا ، تېرىق ، شال قاتارلىق دانلىق زىرا-

ئەتلەرنى ، چامغۇر ، تۇرۇپ ۋە شۇنىڭدەك كۆكتاتلارنى ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ، ئالما ــ ئانار ، ئۈزۈم ــ ئۈجمە ، قوغۇن ــ تاۋۇز ۋە باشقا مېۋە ــ چېۋىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ــ ئېكىپ ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە ، پاختا ، چىگە ــ كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئەككەن . پاختىنى ئالساق ، ئادەتتە كىشىلەر پاختىنى غەربتىن ۋە ھىندىستاندىن كىرگەن دەپ بىر تەرەپلىمە پىكىر بايان قىلىشىۋاتىدۇ .ئېھتىمال پاختىنىڭ يېڭى سورتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، تەڭرىتاغ ئورمانلىقىدا ياۋا كېۋەز ئۆسۈدىغانلىقى خېلى بۇرۇنلا مەلۇم بولغان .

جۇڭگودا پاختا توغرىسىدا ئەڭ بالدۇرقى مەلۇمات « لياڭنامە » دە قەيت قىلىنغان . لياڭ ــــ شىمالىي جەنۇبىي خانلىقلاردىن بىرى ، 502 ــــ 557 ــ يىللىرى ، يەنى 55 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۆلۈنمە خانلىق . « لياڭنامە » ( تاڭ دەۋرىدە ، ياۋسىلىيەن 635 ــ يىلى تۈزگەن ) نىڭ « غەربىي شىمالىي رۇڭلار تەزكىرىسى » دە مۇنداق يېزىلغان : « گاۋچاڭ ( قوچۇ ) مەملىكىتىدە . . . دەل ــ دەرەخ ، ئوت ــ چۆپلەر تولا ،مېۋىسى پىلە غوزىسىدەك ئۆسۈملۈك بار ، غوزىسىدىن يىپەككە ئوخشاش ئىنچىكە تالا چىقىدۇ ، بۇنى بەختەس دەيدۇ ؛ بۇ ئەلدىكىلەر ئۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ ، رەختى ئاپئاق ، بازاردا سېتىلىدۇ » . مۇشۇ مەزمۇنىدىكى بايان « كونا تاڭنامە » ، « يېڭى تاڭنامە » ۋە « خەيلۇ زاشى » ، « گۇاڭيۈجى » دېگەن كىتابلاردىمۇ تەكرارلانغان . دېمەك ، پاختىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە مەلۇم بولغان ۋە كىرگەن ۋاقتى 6 ــ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ .

ئەمما ، پاختا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ، قوچۇ — ئۇدۇن قاتارلىق يەرلەردە ئاللىقاچان ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك رەختلەر توقۇلغان ۋە تۇرمۇشتا كەڭ ئىستېمال قىلىنغان . چۈنكى ، نىيە مەدەنىيەت ئىزىدىن ( ئارخېئولوگىيىلىك ئاخىرقى ۋاقىت چېكى شەرقىي خەن دەۋرى ، يەنى مىلادىيە 25 — 220 — يىللىرى ) ئەر — خوتۇن بىللە كۆمۈلگەن قەبرىدىن نۇرغۇن يىپەك ، يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن بىللە ئىككى پارچە ھەمزەك ( كۆك باسما بۆز ) تېپىلغان . قوچۇ — تۇرپان رايونىدىن ( جىن دەۋرىدىن شىمالىي خانلىقلار دەۋرىگىچە ، يەنى 3 — 6 — ئەسىرلەرگىچە تەئەللۇق ) پاختا توقۇلمىلار چىققان . ئۇيغۇر تىلىدا ، ئېتىزدىكى پاختا ئۆسۈملۈكىنى « كېبەز » ، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنى « پاختا » دەيدۇ ؛ پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەختنى « بۆز » دەيدۇ ( بۆزنىڭ سىپتا توقۇلغىنىنى « تولىما » ، قېلىن توقۇلغىنىنى « چەكمەن » ، بۆزگە تۈرلۈك بوياقتا گۈل بېسىلغانلىرىنى « ھەمزەك » ، « سەرگەز » ، « شاھ تاۋار » دەيدۇ ) . مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دە كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن : « كەبەزلىك — كەبەز تېرىلىدىغان يەر ؛ كەبەزلىك ئەر — كېبىزى بار ئادەم » . ئۇيغۇر تىلىدا يۇمشاقلىقنى پاختا ياكى پىلە بىلەن سۈپەتلەيدۇ . فەتھەلى خاننىڭ « كىتابى لۇغەتىت تەراكىيە » دېگەن كىتابىدا ( 1690 — يىلى يېزىلغان ) « پختە — پاختا ، ماموق ، يەنى چىگىتى تازىلانغان پاختا » دەپ ، شۇنىڭدىن « لۇغەت چەغتايى » دە : « پختە » غا « پاموق ، يەنى ماموق » دەپ ئىزاھ بەرگەن . ھىندۇ تىلىدا ( سانسكرىت تىلىدىن كەل

گەن ) پاختىنى « Karpas ــ كەرپاس » دەيدۇ ؛ ئەرەب تىلىدا « قۇتن » دەيدۇ ؛ ( چىگىتلىك پاختىنى ( قۇتن خام ) دەيدۇ ) ؛ پارسچىدا « كرباس » ـــ كەرباس دەيدۇ . ئەرەبچىدىكى « قۇتن » ياغاچ پاختىنى بىلدۈرىدىغان Kudun غا يېقىن كېلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا كەندىر ــ چىگىدىن توقۇلغان رەختنى ۋە خام ئەشياسىنى « كاتان » دەيدۇ .

## 3 . يىپەك

جۇڭگو دۇنيادا پىلىچىلىكنى ئەڭ ئاۋۋال كەشىپ قىلغان مەملىكەت . شۇڭا ، غەربلىكلەر جۇڭگونى قەدىمكى زاماندا « يىپەك مەملىكىتى » دەپ ئاتىغان . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ــ ئەسىردە ئۆتكەن گرېك تارىخچىلىرىدىن ئونېسكرىدۇس ، نېئارگوس ، كىتىفوس ، شۇنىڭدەك ھىندىستاننىڭ گاندىراگوپتا پادىشاھى زاماندا ياشىغان چادريە ئەسەرلىرىدە جۇڭگودىن يىپەك چىقىدىغانلىقى ۋە يىپەك ماللار كەلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرگەن .

پىلە ــ يىپەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە سىچۈەن ، غەربىي يۇرت ( ھازىرقى شىنجاڭ ) رايونلىرىدا بالدۇرراق راۋاجلانغان . يىپەك ۋە يىپەك ماللار ئاۋۋال شىنجاڭ ئارقىلىق غەربىي ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا تارقالغان . پەقەت شىنجاڭ رايونىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردا توقۇسۇن ئالغۇيدىن چىققان توس گۈللۈك كەشتىلەنگەن تاۋار ( توقۇلغان ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـــ 5 ــ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ ) ، ئۈرۈمچى نەنشەن كان رايونى-

دىكى تىك ياغاچ لەھەتلىك قەبرىلەردىن چىققان تۈرلۈك
ساپال ، مىس قاچىلار بىلەن بىللە ، يىپەك مال ( ۋاقتى
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 — 3 ـ ئەسىرلەر ، يەنى ئۇرۇشقاق
پادىشاھلىقلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ ) ، كروران ، ئۇدۇن ،
قوچۇ ، ئاگنى ، كۇچار ، باي ، بارچۇقلاردىن تېپىلغان يىـ
پەك ماللار ، بولۇپمۇ نىيە مەدەنىيەت ئىزىدىن تېپىلغان
تاۋارلار تارىم ـ تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا ياشىغان ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ پىلىچىلىك ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكـ
سىنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .
ئەجدادلىرىمىز پىلە قۇرتى بېقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان
ئۈجمىنى ئاللىقاچان ئۆزلەشتۈرگەن ، ھەتتا سۈنئىي ئۈجمە
چاتقاللىرىنى ئۆستۈرگەنلىكى ھەمدە ئۈجمىنىڭ خىلمۇ-
خىل سورتلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكى مەلۇم .
بۇ دىياردىكى قەۋملەرنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقىتىكى
ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىللە ،
يۇقىرى سەۋىيىگە يۈكسەلگەن . يىپەك توقۇمىچىلىقتا يۇڭ
توقۇمىچىلىقىتىكى ھۈنەرنى تەدبىق قىلىپ ، يىپەك رەختـ
لەرنى رەڭدار ، ئۆزگىچە گۈللۈك ۋە ناھايىتى سىپتا تو-
قۇش بىلەن ئىچكى ـ تاشقى بازارلاردا خېرىدارلىق بولـ
غان . ئۇلاردىن باشقا ، پاختا بىلەن يىپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ
توقۇش سەنئىتىنى كەشىپ قىلغان . يۇڭ بىلەن يىپەكنى
ئارىلاشتۇرۇپ توقۇش تېخنىكىسى بىلەن زىلچە ـ گىلەم
توقۇغان . غەرب سودىگەرلىرى تارىم بويىدىكى ئەللەر
ئارقىلىق ، سىچۈەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بارا ـ
بارا سودا ئالاقىسى قىلغان . غەربلىكلەر ئاۋۋال سۇغراق
( قەشقەر ) نى « سېرىس » ( شايى ئېلى ) دەپ ئاتىغان ،

« سىرى ~ سىرىيا » قەشقەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نامىغا يېـ
قىن كېلىدۇ . كېيىن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىـ
رىنى « سىرىس » دەپ ئاتايدىغان بولغان . ئىران ـ
خوراسانلىقلارنىڭ خوتەننى « چىنى ماچىن » دەپ ئاتىـ
شىمۇ ، ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن خوتەن ئارقىلىق ئالاقە
قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن .
خوتەننىڭ يىپەك ماللىرى غەربىي ئەللەرگە سېتىلغاندىن
تاشقىرى ، ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ توشۇلغان . مەسىلەن ،
بەن چاۋ ئاكىسى بەن گۇغا ئاق شايى سوۋغا قىلىپ ئەـ
ۋەتكەندە ، بەن گۇ مۇنداق جاۋاب خەت يازغان : « ئەـ
ۋەتكەن 300 توپ ئاق شايى ، بازارلىق كۇشان ئېتى ،
خۇشبۇي دەرمەك ، چەم قوياقنى تاپشۇرۇپ ئالدىم . »
دېمەك ، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە تارىخىي
ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن ، تارىم ـ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى
پىلە ـ يىپەكچىلىكنىڭ تارىخى 2500 يىلدىن كەم ئەمەس
دېسە مۇبالىغە بولماس .

## 4 . قەغەز

قەغەز جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىدىن
بىرى . تارىخىي يازما مەنبەلەردە يېزىلىشىچە ، مىلاـ
دىيە 105 ـ يىلى سەي لۇن ئۆتكەنكى ئادەملەرنىڭ تەجـ
رىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، قوۋزاق ، كەندىر تالاسى ،
ئەسكى ـ تۈسكى لاتا ، كونا بېلىق تورى دېگەندەك نەرـ
سىلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ، ناياپ ( قەغەز سۈيۈقلۇقى )
تەييارلاپ ، بۇنىڭدىن قەغەز ئىشلىگەنىكەن . ئەمما ، خەلق
ئارىسىدا قەغەز ياساش تېخنىكىسى سەي لۇندىن ئىلگىرى

ﻪشپ قىلىنغانلىقى ئېنىق . قەغەزچىلىك ھۈنىرى ئوتتۇرا
ۈزلەڭلىكتىن تارقالغان دېگەن پىكىرگە ئاساسەن ، بۇ
ۈنەر ئالدى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن بولۇشى
ۈمكىن . چۈنكى ، شەرقىي خەن دەۋرى ( مىلادىيە 25 ــــ
22 ــ يىللىرى ) دىن ئىلگىرى تۇرپان ــ تارىم ئويمانلىقـ
ىرىدا قەۋملەر قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولـ
ان . 1901 ــ يىلى ئاۋرېل ستەين لوپنۇردىن قەغەز پارچىـ
ىرىنى تاپقان ( ئارخېئولوگىيىلىك ئاخىرقى ۋاقىت چېكى
ېي ــ جىن دەۋرلىرى ، يەنى مىلادىيە 220 ــــ 420 ــ يىلـ
ىرى ) . 1910 ــ يىلى ۋىنادىكى بوتانىك ، فىزىئولوگ
ىسنېرنىڭ خىمىيىۋى ئانالىز قىلىشىچە ، بۇ قەغەزلەر لاتا
ىتىلغان ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم . يەنە
ۇ دەۋرگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلانغان تېپىندىلاردىن
ۇرپان رايونىدىكى قەبرىلەردىن قەغەز كەش ۋە قەغەز ئاـ
ەم چىققان . شاگخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىقات ئورنىـ
ىڭ خىمىيىۋى ئانالىز قىلىشىچە ، بۇ قەغەزلەرنىڭ بىر
ىسمى پاختىدىن ئىشلەنگەن ؛ كۆپ قىسمى كەندىردىن
ىشلەنگەن ۋە كەندىر تېپىدىكى تالالاردىن ھەم بىراك توـ
ۇلمىلاردىن پايدىلانغان . تالالىق خام ئەشيانى تاللاش ۋە
ىشلەش جەھەتتە غەربىي خەن دەۋرى ( مىلادىيەدىن
ىلگىرىكى 25 ــــ 206 ــ يىللار ) دىكىدىن خېلىلا يۈكـ
ەلگەن : ماي ماددىسىدىن ئېرىغداش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىـ
ىنغان ؛ ناياپنىڭ سۈپىتىمۇ روشەن دەرىجىدە ياخشىلانـ
ان ؛ تالالىرىنىڭ تەكشى ــ سىپتىلىقىمۇ يۇقىرى بولغان ؛
ۆسۈملۈك يىلىمى قوشۇلغان سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك
ەغەز ۋە ئەتىقە قەغەز دېيىلىدىغان ئاقارتىلغان ( سۈت )

قەغەز دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن ئېسىل قەغەزلەر ھې-
سابلىنىدۇ . بۇلاردىن باشقا ، شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان
قەغەزلەر ئىچىدە كراخمال ۋە ھايۋان سۆڭىكىنىڭ يېلىمى
قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزىمۇ بار . بۇنداق قەغەز
دىنىي ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى كۆيىدىن ساقلاش
ئۈچۈن سېرىق بويالغان .
دېمەك ، تۇرپان — تارىم ئويمانلىقىدىكى قەۋملەر
مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى ئۆزلەشتۈ-
رۈپ ، قەغەزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن ھەم يېڭى سورت-
لىرىنى ياراتقان . قەغەزچىلىك ھۈنىرى بۇ يەر ئارقىلىق
خوراسان — ئىرانغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن .

## 5 . مىخ مەتبەئە

مەتبەئە — جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىدىن
بىرى . مەتبەئە كەشپ قىلىنغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى .
ئەمما ئىلگىرىكى مەتبەئەلەر ئويما مەتبەئە ئىدى . تولىسى
كاتىب ۋە ئويمىكارلارنىڭ قولىدىن چىقاتتى . شىرىفتلىك
( دانە — دانە ھەرپلىك ) مەتبەئەنى ئادەتتە سۇڭ سۇلالى-
سىدىن رېنزۇڭ خانىنىڭ چىڭلى يىللىرى ( مىلادىيە
1041 — 1048 — يىللىرى ) دا ، بى شېڭ كەشپ قىلغان
دېگەن پىكىر ئومۇملىشىپ كەتكەن . بى شېڭ يېلىم بىلەن
يۇغۇرۇلغان لايغا خەت ئويۇپ ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ چىڭىت-
قان ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەتلەرنى تېرىپ بەت ياسى-
غان . ئەمما ، دۇنخۇاڭدىكى مۇگاۋ غارلىرىدىن خەت —
شىرىفتلىرى تېرىلىپ بېسىلغان بۇددا نومى — « لانكا
ئاۋاتارا سۇترا » تېپىلغان بولسىمۇ ، بۇ قىممەتلىك يادى-

ـارلىق ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن ، يورۇقلۇققا
ـىقماي قالغان . ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە ، بۇ نوم
ڭ سۇلالىسىدىن تەيزۇڭ خاننىڭ جىڭگۇەن يىللىرى
مىلادىيە 627 — 650 - يىللىرى ) دا بېسىلغان دەپ
ەھقىقلەنگەن . مۇنداق بولغاندا ، شىرىفتلىك مەتبەئەنىڭ
ـەشىپ قىلىنغان ۋاقتى 500 يىل ئىلگىرى سۈرۈلدۇ .
اۋروپادا ، گېرمانىيىلىك يوئان گېنسفلىش زوم گۇتېنـ
ېرگ 1450 - يىلى مېتال شىرىفتلەر بىلەن بەت ياساش
ـۇنىرىنى كەشپ قىلغانىدى . جۇڭگودا بى شېڭنىڭ
ـەشىپ قىلغان ۋاقتى گۇتېنبېرگدىن 400 يىل ئىلگىرى
ەپ ھېسابلانغان بولسا ، تاڭ دەۋرىدە بېسىلغان نومنىڭ
ىرىفتلىك مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ ۋاقتى بويىچە 900 يىل
ىلگىرى كەشپ قىلىنغان بولىدۇ .

تۇرپاندىن تېپىلغان شىرىفتلەر ئېلىپبە ھەرپلىرى
ويىچە ئىشلەنگەن . بۇنىڭ ۋاقتىمۇ 11 - ئەسىردىن ئىلگىـ
ـىكى دەۋرگە تەئەللۇق . ئۇيغۇر مەتبەئە تېخنىكلىرى قەـ
ىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھەرپلەرنى ، ئۇيغۇر
ـىلىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئەڭ كۆپ ئىشلىنىدىغان بوـ
ۇملارنى تۈرلۈك نۇسخىلاردا شىرىفت قىلىپ ئىشلىگەن ؛
ـۇ شىرىفتلەر بىلەن تېرىپ بەت ياساپ كىتاب باسقان .
ەجدادلىرىمىز مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى بىر بالداق
ۆتتۈرۈپ ، ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلەتكۈچى خەلقلەر ئىـ
چىدە شىرىفتلىك مەتبەئەچىلىك ھۈنىرىنى ئەڭ بالدۇر
كەشپ قىلغان .

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

## 1. خەنزۇچە يازمامەنبەلەر

« تارىخنامە » نىڭ « چەۋەنداز سانغۇن تەزكىرىسى » .

« تاغ ـ دەريالار بايانى » ، 18 ـ جىلد ، « ۋېي ھەققىدە بايان » .

« ۋېينامە » ، 103 ـ جىلد ، « تەزكىرىلەر » ـــ 91 « گاۋ جۈي » ( ئېگىز هارۋىلىقلار ياكى قاڭقىللار ۋە ياكى توخارلار ) .

« ۋېي مۇختەسەرنامىسى » نىڭ « غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى » .

« كونا تاڭنامە » ۋە « يېڭى تاڭنامە » نىڭ مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىلىرى .

« خەننامە » نىڭ « هۇنلار تەزكىرىسى » .

« جىڭ خۇا ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى » ، 24 ـ جىلد ، « قۇتلانچىن هەزرەتنىڭ ئابىدىسى » .

« داۋيـۈەن شۆگۈلۇ » ( « داۋ يۈەنىنىڭ قەدىمكىلەردىن ئۆگەنگەنلىرى » ) ، 24 ـ جىلد ، « قوچو پادىشاهلىرىنىڭ شەجەرە تاش بېتىكى » .

ذۈەن جىڭشى ( تاڭ دەۋرىدە ) تۈزگەن « يۆياڭ نەزمىلىرى » ، 16 ـ جىلد .

« ئەل مۇھاكىمىلىرى » ، « پالنامە » ۋە « يەتتە
خىتەسەر » .
دىڭ چيەن : « شىمالدىكى ئۈچ چوڭ ئېتنوگېنىز
غزىسىدا » ، 27 ـ بەت .
خۇ چيۇيۇەن : « دىڭلىن ، تۈرك ، ئۇيغۇر » ، 9 ـ
ت .
شى يىڭ : « جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى » ، 72 ـ
ت .
لىن خۇيشياڭ : « جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى » .
ليۇ يىتاڭ : « ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات » ، جىڭ-
ۇڭ كىتاب ئىدارىسى نەشرى ( تەيبېي ) .
جۇ يىلياڭ ، ۋۇ يۇجىنلەر تۈزگەن « دۇنيا ئومۇ-
ي تارىخى » ، خەلق نەشرىياتى ، 1973 ـ يىل نەشرى ،
يجىڭ .
ۋاڭ جىچۇەن : « گۇەنجۇڭ رايونىدا ياڭشياۋ مەدە-
يىتىگە دائىر ئويما بەلگىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان » .
« كاۋگۇ ۋە ۋېنۋۇ » ، 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان .
« سىخەي » ( « 辞海 » ) ، شاڭخەي لۇغەت
شىرىياتى 1979 ـ يىل نەشرى .

## 2 . ئۇيغۇرچە ۋە تۈركيچە مەنبەلەر

مەھمۇد قەشقەرى : « تۈركىي تىللار دىۋانى » ،
ـ ، 2 ـ ، 3 ـ توملار ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۈ-
رۈمچى .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ : « قۇتادغۇبىلىك » ، مىل-

لەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، بېيجىڭ.
« قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانـ
ما »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى،
ئۈرۈمچى.
« قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى »، شىنجاڭ
ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى،
ئۈرۈمچى.
« ئوغۇزنامە » 1. « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكار-
لىقلىرىدىن تاللانما »؛ 2. رىزانۇر، تۈركچە 1928 ـ يىل
نەشرى، ئىستانبۇل.
ئەبۇلغازى باھادىرخان: « شەجەرەئى تۈرك »،
قازان باسمىسى، زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ « خارەزمدە يېـ
زىلغان كونا تۈركچە ئەسەرلەر » دېگەن تۈركىيات مەجـ
مۇئەسى ( ئىستانبۇل، 1928 ـ يىل نەشرى ).
ئەلىشىر ناۋائى: « لەيلى ۋە مەجنۇن »( داستان )،
« غەرايىبۇس ـ سىغەر » ( دىۋان ).
زىيا گۆكئالپ: « تۈرك مەدەنىيىتى تارىخى »،
گۈنەش مەتبەئەچىلىك ت. ئا. ش. 1976 ـ يىل نەشرى،
ئىستانبۇل.
زەكى ۋەلىدى توغان: « ئومۇمىي تۈرك تارىخى.
كىرىش » 1979 ـ يىل نەشرى، ئەنقەرە.
مۇھەررەم ئېرگىن: « ئورقۇن ئابىدىلىرى »،
1975 ـ يىل نەشرى، ئىستانبۇل.
ئانىل چېچېن: « تۈرك دۆلەتلىرى »، ئىنقىلاب
كىتابئەۋى، 1986 ـ يىل نەشرى، ئىستانبۇل.
ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا: « تېببىي رىسالىلەر »،

ىكستان پەن نەشرىياتى ، 1987 ــ يىل نەشرى ، تاشـ
ن .

جەئپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى : « تارىـ
ئۇمەم ۋەل مۇلۇك » ( « پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار
خى » ) ، ئۇيغۇرچە مەتنى ، 1996 ــ يىل نەشرى ، ئۈـ
ىى .

## 3 . ئۆزگە تىللاردىكى مەنبەلەر

رەشىددىن فەزلۇللاھ ھەمەدانى : « جامىئۇت تەۋا
» ، كلاۋسۇننىڭ كەلتۈرگەن نەقلى .

ئەلائۇددىن ئەتا مەلىك ئىبنى بەھائۇددىن مۇھەمـ
ئىبنى مۇھەممەد جۇۋەينى : « تارىخى جاھانكۇشاي »
جرىيە 658 ــ يىل ) ، 1911 ــ يىل لەيدىن باسمىسىدىن
ب .

مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندىشاھ ــ مىرخاند : « رەۋـ
س ــ سەفا فى سىيرەتۇل ــ ئەنبىيا ۋەل ــ مۇلۇك
ــ خۇلەفا » ( « پەيغەمبەرلەر ، پادىشاھلار ۋە خەلىفىـ
تەرجىمىھاللىرى توغرىسىدىكى پاكلىق بېغى » )
ىرىيە 899 ــ 901 ــ ( مىلادىيە 1494 ــ 1496 ــ ) يىلـ
، يېزىلغان ، تاشباسما .

ھېرودوت : « تارىخ » ( ماركۇئارد : « گرېك ۋە
ن ئاپتورلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى » دىكى نەقىل بويىچە ) .

ئا . ن . گلادشىۋسكىي : « ئىپتىدائىي جەمئىيەت
خى » ، پەن نەشرىياتى ، 1950 ــ يىل نەشرى ،
كۋا .

رادالوف : « سىبىرىيەدىن » ، 2 ـ جىلد ، 1 ـ قىـ
سىم .
سىرگرارد كلاۋسون : « تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمو-
ولگىيىلىك لۇغىتى » ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ، 1972 ـ
يىل نەشرى ، لوندون .
س . ۋ . كىسېلېف : « جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەـ
دىمكى تارىخى » ، پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، 1949 ـ يىل
نەشرى ، موسكۋا .
پ . پېللىئوت : « ئېگىز تۈزلەڭ ئاسىيا » ( « ئاف-
غان تارىخى » دىكى نەقىل ) .
س . ن . بېرنشتام : « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى
كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مۇنازىرە » ،
پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، 1952 ـ يىل نەشرى ، موسكۋا .
ئى . فرىدرىخ : « قەدىمكى يېزىق ۋە تىللار » ،
ونايېۋسكىينىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ، پەنلەر ئاكادېمـ
يىسى ، 1961 ـ يىل نەشرى ، موسكۋا .
ئا . ستەين : « قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا » ، جۇڭخۇا
كىتاب ئىدارىسى ، 1935 ـ يىل نەشرى ، شاڭخەي .
پ . ئا . لىتۋىنسكىي : « شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا
غەرقىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت
سىستېمىسى » ، پەن نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى ،
موسكۋا .
ف . گرىنارد : « ئاسىيا ئېگىز تۈزلەڭلىكىدىكى
ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە » ، 3 ـ قىسىم ، 1989 ـ يىل نەشـ
رى ، پارىژ .
پىرژېۋالسكىي : « ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەت خاتىـ

سى » ، 1988 ــ يىل نەشرى ، سانكت پېتېربۇرگ .
كــلاۋســون : « ئۇيــغۇر دېــگەن نام توغــرىــ
ــدا » ( « The Name Uyghur » ) ، 1963 ــ يىل نەشـ
ى ، لوندون .
ئې . خ . پاركېر : « تاتارنىڭ 1000 يىلــلىق تاـ
ـخى » ، سودا مەتبەئەچىلىكى ، 1937 ــ يىل نەشرى ،
اڭخەي .

## 4 . ماركس ــ ئېنگېلس ئەسەرلىرى

ك . ماركس ، ف . ئېنگېلس : « گېرمان ئىدېئوـ
گىيىسى » .
ف . ئېنگېلس : « تەبىئەت دىئالېكتىكىسى » ، خەلق
شرىياتى ، 1955 ــ يىل نەشرى ، بېيجىڭ .
ف . ئېنگېلس : « ئائىلە ، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە
لەتنىڭ كېلىپ چىقىشى » ، 1948 ــ يىل نەشرى ، تاشـ
ىنت .

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەركىن شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئەخمەتجان مۆمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈلوڭ

# قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئىمىن تۇرسۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 8.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 4,000
ISBN7—228—05652—3/K • 779
باھاسى : 12.00 يۈەن